
# تەڭرىتاغ

4

1998



ISSN 1004-1745

07>

www.uyghurkitap.com




# لۈكچۈن بازىرى


لۈكچۈن بازىرى پىچان ناھىيىسىنىڭ چوڭ بازارلىرىدىن بىرى بولۇپ، باغۋەنچىلىكتە قوغۇن، ئۈزۈم، دېھقانچىلىقتا كېۋەزنى ئاساس قىلىدۇ. ئىلمىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن ئۈزۈملەرنىڭ ھەر بىر ساپىقىنىڭ ئېغىرلىقى بىرنەچچە كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى يېرىم مېتىردىن ئۇشۇق كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزگە داڭلىق بالدۇر پىشىدىغان قوغۇنمۇ بۇ يېزىدىن چىقىدۇ. ئەگەر قوغۇن پىشقان مەزگىلدە بۇ بازارغا كەلسىڭىز، گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي ۋە باشقا ئىچكى ئۆلكىلەردىن قوغۇن يۆتكىگىلى كەلگەن چوڭ تىپتىكى يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ئۆزىڭىزنىڭ بىر يېزا بازىرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزغا ئىشەنمەيلا قالىسىز!...




بازار باشلىقى بەكرى سەمەت



بازارنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى



بۇ دېھقان بالدۇر پىشىدىغان قوغۇندىنلا 900 مىڭ يۈەنلىك سودا قىلدى



بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسى

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال  ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب
1998 - يىل 4 - سان  ئومۇمىي 69 - سان


## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر


پۇچۇلانغان يۈرەك ........................ غوپۇر نۇردىن 12
بوۋاي ۋە قۇش ........................ ئېلتېكىن 32
ئالا ئىنەك، كەنت باشلىقى، قارا موزاي ........................ قۇربان ئېلى 45
قوشنام ........................ ئەركىن ئابلىمىت 37


### ۋەتەن ۋە بۇرچ


ئەتىدىكى چاقىرىق (ئەدەبىي ئاخبارات) ........................ مىرزا قادىر 1


### شېئىرلار


يۈرەكتىكى چوغ ........................ ئىبراھىم نىياز 42
ئۈچ شېئىر ........................ دولقۇن روزى 43
ئىككى شېئىر ........................ مەمتىمىن ئابدۇقەييۇم 44


### نەسىرلەر


ئاشىقلار تىلى ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن 49
ئىككى نەسىر ........................ ئەنۋەر تاشتۆمۈر 53


### ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۇۋچى)، مۇھەممەت تۇرسۇن ھامىت، ئەكبەر نىياز پەتتارى، ئابدۇۋاىيت مەتنىياز، ئەركىن نۇر، ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى ........................ 55


### ستۇدېنتلار


ھېكايە ۋە شېئىرلار ........................ جېلىل خېلىل، ئوسمانجان ئۆمەر، بىلىقىز تاھىر، غەيرەت توختى، ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇلھېكىم ئابدۇلئەھەت، تۇرغۇنجان تۇرسۇن 69

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### نەۋائى خەزىنىسى

شەرق شائىرىنىڭ تراگېدىيىسى ........................ ئابدۇقادىر ئىنان [تۈركىيە] 63

### گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرمىلەر

ئايخان (ھېكايە) .............................. مەمتىمىن ھوشۇر 73

### مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھىرلەر

ئۈچ ھېكايە.............................. دىنو بوزات [ئىتالىيە] 82

### بازىرى ئىتتىك كىتابلاردىن تەرمىلەر

چىن مۇھەببەت سەپىرى .............................. ئوشو [ھىندىستان] 91

### مەخسۇس سەھىپە

مەرھابا يېڭى ئىستېمال .............................................. 108

### ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار .............................................. 110

**مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: داڭلىق ياش ئۇسسۇلچى تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان**

### تەھرىر ھەيئەتلەر

ئىمىن ئەھمىدى، مەمتىلى ئابدۇرېھىم، ئەكبەر ئېلى، ئازات سۇلتان، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تۇرسۇن توختى، تۇردى ھاشىم، بوغدا ئابدۇللا، غوپۇر نۇر، ئىدرىس بارات، مۇختار مەخسۇت، پولات ھېۋزۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر.

باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر ئۆمەر، ئەكبەر سالىھ (ياردەمچى مۇھەررىر)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەققىدە دوكلات (1)

# ئەتىدىكى چاقىرىق

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مىرزا قادىر

1958 - يىلى جۇمھۇرىيەت پەخىرلەنگەن ھالدا جۇڭگودا ئىشسىزلىقنىڭ تۈگىتىلگەنلىكىنى جاكارلىغاندا، ئۇزۇندىن بۇيان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەلبىنى قاپلىۋالغان تۇمانلار بىراقلا تارقىلىپ، كىشىلەر چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەنىدى.

ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتتى، جۇڭگودا كىشىلەر سىياسەت كۈچى، مۇنداقچە ئېيتقاندا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى كۈچىنىڭ رولى بىلەن ياشاپ كەلدى. شەھەر، بازارلاردا ھەر بىر ئورۇننىڭ، ھەر بىر كىشىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى ھەتتا تۇرمۇشى تىزگىنلىنىپ، تەڭشەپ تۇرۇلدى. ئالدىغىنى دۆلەتنىڭ مائاشى، يەيدىغىنى دۆلەت تەمىنلىگەن ئاشلىق ۋە ماي، ئولتۇرىدىغىنى دۆلەت تەقسىم قىلغان ئۆي بولدى. دېھقان قېرىنداشلار ئۇلارنى «ھۆكۈمەت-نىڭ ئادىمى» دەپ ئاتاشتى. مەكتەپتە ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىش تۇرلىرى، ئۆسۈش، يۆتكىلىش، دەم ئېلىشقا چىقىش قاتارلىق ئىشلارنى دۆلەت پىلانلىق ئورۇنلاشتۇردى. كىشىلەر پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا، «چوڭ قازاننىڭ تامىقى»، «باقىۋەندىلىك تۈزۈمى»گە ئادەتلىنىپ قالدى.

ئەمما ئىسلاھات، بازار ئىگىلىكى كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئادىتىنى، ساددا خىيالىنى رەھىمسىزلەرچە ۋەيران قىلىۋەتتى: ئىشسىزلىق كۆلەڭگىسى بىزگىمۇ يېقىنلاپ - قىستاپ كەلدى. ئىشسىزلىق - زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىز ئىدىيە جەھەتتىن تېخى تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولالماي تۇرۇپ، بۇ دولقۇن يېتىپ كەلدى. نۇرغۇن كىشىلەر تېڭىرقاپ قالدى. بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھۆكۈمىچە، بۇ قېتىمقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش ھادىسىسى جۇڭگودا 1978 - يىلىدىن بۇيانقى 3 - قېتىملىق ئىشسىزلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ كەلگەن. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئارتۇق خادىملارنىڭ سانى 20 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. 1997 - يىلى جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشسىز نوپۇسى 80 مىليوندىن 130 مىليون ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بۇ ياپونىيىنىڭ پۈتۈن نوپۇسىغا باراۋەر كەلگەن. ئەمەلىيەتتە

شىنجاڭ ئەدەبىي ئاخبارات تەتقىقات جەمئىيىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى
بىرلىكتە باشقۇرغان

www.uyghurkitap.com

ئىشسىزلىق سەۋىيىسى دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن.

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، مەركەزدىن يەرلىككىچە، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلاردىن ھەرقايسى تارماقلارغىچە، رەھبىرىي كادىرلاردىن يۇقىرالارغىچە ھەممەيلەن ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، تىزگىنلەش ۋە ئۇنى ئازايتىش ھەققىدە باش قاتۇرماقتا.

بۇ مەسىلە ھەر بىر ئادەم جىددىي ئويلىنىۋاتقان، ھەممە بىردەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. چۈنكى جۇڭگو يەنە بىر يېڭى ئىسلاھات دەۋرىگە قەدەم قويدى.

نۆۋەتتە جۇڭگودا ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 10 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى! . . .

ھازىر ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان 10 مىليوندىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ سانى ئازىيىپ ئەمەس، بەلكى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارماقتا! . . .

ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى ھەر بىر كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى چالماقتا.

بىر ئەسىر ئاخىرلىشىپ، يەنە بىر يېڭى ئەسىر باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. كېلەركى ئەسىردە سىزنى يەنە قانداق يېڭى تەرەققىياتلار كۈتۈۋالىدۇ، ئەتراپىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ نىيىنى قانداق تېپىپ يەيسىز؟ ئۆز ئىستىقبالىڭىزنى تاپالامسىز؟ . . .

**«تۆمۈر تاۋاق» چېقىلدى. بىراق ھېچكىمنىڭ «تۆمۈر دەپتەر» دىن ئۆچۈرۈلگىسى كەلمەيۋاتىدۇ**

جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن شتات ئىنتايىن ئەتىۋارلىق نەرسە. ئۆلگىچە بىغەم ۋە خاتىرجەم ياشاشنىڭ «يول خېتى» . دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان مەلۇماتىچە، جۇڭگودا بۇنداق «يول خېتى» بارلارنىڭ سانى 147 مىليوندىن كۆپ. بۇ سان تېخى يېزا - بازار كارخانىلىرى، چەت ئەللىكلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان 139 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ھەممە كىشى ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتەر» نگە كىرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، «شتاتلىق خادىم» بولۇپ «چوڭ قازاننىڭ ئېشى» نى يېگۈسى كېلىدۇ. شتاتلىقلار شتاتقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەتتا بەزىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ كېيىنلىكىدىن ئەنسىرەپ پەرزەنتلىرىگە بالدۇر شتات ھەل قىلىۋالىدىغان ناتوغرا ئىشلارنى قىلىدۇ. خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىرنەچچە ئوقۇغۇچى تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپ ھۆكۈمەتنىڭ «شتاتلىق خادىم» ى بولۇۋېلىپ دۆلەتتىن ئىش ھەققى ئالغان. خىزمەت ئىستاژى ئوقۇش تارىخىغا ئەگىشىپ ئاشقان، ئىش ھەققى ئادەتتىكى ئۆلچەم بويىچە ئۆسۈپ ماڭغان، مالىيەدىن كىشى بېشى بويىچە ھېسابلىنىپ راسخوت ئاجرىتىپ بېرىلگەن. . .

ھۆكۈمەت شتاتىغا كىرمەي ياشىغىلى بولمامدۇ؟ شتات ھەقىقەتەن شۇنچە مۇھىممۇ؟

شتات - نوپۇز، مۇتلەق مەڭگۈلۈك نېسىۋە، سالاھىيەت. شتات - تاشپاقىنىڭ قېپىدەك مۇستەھكەم، بىخەتەر ئېغىر قالقان. ھۆكۈمەت شتاتىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن ھېچنېمىدىن غەم قىلماي بىمالال خاتىرجەم ياشايسەن. ھۆكۈمەت شتاتى سەمرىۋېرىپ كېلەڭسىزلىشىشكە قاراپ ماڭدى، رىقابەت ئېڭى يوق، ھۇرۇن، ئېزىلەڭگۈ كىشىلەر توپى كۆپەيدى.

ئەسلىدە گىراژدانلار توپىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆز ئىستېداتىنى دادىل نامايان قىلىش روھىغا باي كىشىلەر ئىگىلىشى كېرەك ئىدى.

شتات تۇزۇمى بىلىم كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان، رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە ماس كەلمىدى.

يېقىندا بىرەيلەن مېنى ئىزدەپ كەلدى. «ئۇكام بالامنى قانچە پۇل كەتسىمۇ مەيلى، ئۇرۇمچىدىكى بىرەر ئورگانغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يول مېڭىپ بەرگەن بولسىڭىز» دېدى. مەن «بالىڭىزنىڭ ئوقۇغان كەسپىگە ئېھتىياجلىق شىركەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي» دېۋىدىم، ئۇ خاپا بولغاندەك قىلدى. مەن يەنە ئېيتتىم: «ئاكا، سىز بالىڭىزنى بىر ئورگانغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە جىق پۇل خەجلىمەكچىسىز، ئۇ شۇ ئورۇندا ئىشلەپ

سىز خەجلىگەن شۇ پۇلنى تاپالارمۇ؟» ئۇ كىشى يەنە قايىل بولمىدى، بۇندىن كېيىن ئورگان بىلەن شىركەتنىڭ پەرقى قالمايدىغانلىقى ھەققىدە ھەرقانچە سۆزلەپمۇ قايىل قىلالمىدىم.

دېمەك، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى پەقەت ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ئورۇنلاشتۇرسىلا خاتىرجەم بولىدۇ، چۈنكى ھۆكۈمەت ئورنى چېقىلماس قازان. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ھۆكۈمەت قوينىغا بىر كىرىۋالدىمۇ، بولدى، خۇددى ئەركە بالىسىنى باققان جاپاكەش ئاتىدەك ھېچقانچە قاتتىق تەلەپ قويماي بېقىۋېرىدۇ.

بىراق، ئەمەلىيەتتە بۇ مېھرىبان ئاتا ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن ئۆيىگە ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ يىغىۋالغان بالىلىرىنى جەمئىيەتتە مۇستەقىل ياشاشقا ئۈندىمەكتە.

ئىسلاھات ھەر بىر كىشىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى.

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا نەزەرىيە ساھەسىدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر باشلاندى. پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» جۇمھۇرىيەتنىڭ قانۇنلار توپلىمىغا كىرىپ، پىلانلىق ئىگىلىك تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى.

بازار ئىگىلىكى كىشىلەرگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ تەرەققىيات، گۈللىنىش، رىقابەت، تاللاش ۋە شاللاشنى ئېلىپ كەلدى. تېخىمۇ مۇھىمى بۈگۈنكى كۈندە ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئىبارەت جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەسىر ھالقىيدىغان بىر قىيىن مەسىلىنى ئېلىپ كەلدى.

ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش ھادىسىسى جۇڭگونىڭ تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن، ئۇ ھامان يۈز بېرىدىغان مۇقەررەر ھادىسە ئىدى. چۈنكى، جۇڭگونىڭ نوپۇسى كۆپ ھەم ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەن. زامانىۋىلىشىش، رىقابەتنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىش، ھەممە ئاپتوماتلىشىش نەتىجىسىدە ئەمگەك كۈچى، مۇنداقچە ئېيتقاندا خادىملارنىڭ قىسقىرىشى ۋە بەزى ئورگانلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى تەبىئىي.

لېكىن ئۇزۇن مۇددەت پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ بىر تۇتاش پىلانلاش، تەقسىم قىلىش ھالىتىگە كۆنۈپ قالغان، «سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ھېچ كىشى ئاچ قالمايدۇ» دېگەن قاراش بىلەن تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشاۋاتقان كىشىلەر «تۆمۈر تاۋاق» چېقىلغان - ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن جىددىيلىشىپ كېتىشتى. ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش بەزى كىشىلەر ئۈچۈن تۇيۇقسىز زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. بەزىلەر ئۆزىنى تونۇدى، يەنە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى. بەزىلەر تېڭىرقاپ قالدى، بەزىلەر غەزەپلەندى، بەزىلەر چۈشكۈنلەشتى، يەنە بەزىلەر ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى.

1995 - يىلى 12 - ئايدا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم بىر رەخت بوياش زاۋۇتىدىكى ئىستانوكلارنى نازارەت قىلىدىغان بىر ئايال ئىشچى ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن زاۋۇت ئۇلارنى تەشكىللەپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. ئەمما بۇ ئايال ئىشچى روھىي جەھەتتە بۇ كرىزىسقا بەرداشلىق بېرەلمىدى، چىدىيالمىدى. ئۇ ئەمدىلا 11 ئايلىق بولغان قىزىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچتى، شۇنداقلا ئۆز ھاياتىدىنمۇ ۋاز كەچتى. ئۇ تېخى ئەمدىلا 27 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى بار ئىدى، بۇ ئارزۇ - ئارمانلار ئۆزى بىلەن بىراقلا دەپنە قىلىندى. . .

1997 - يىلى ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان بىر ئىشچى ئايالنىڭ تاپا - تەنىلىرىگە چىدىيالمىدى. ئۇ كۈن بويى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ چۈشكۈنلىشىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆيىگە غەرق مەست ھالدا قايتىپ كېتىۋېتىپ يەر ئاستى سۇ يولىغا چۈشۈپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن كىشىلەر پاسكىنا سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن سېسىپ قالغان بىر جەسەتنى بايقىدى.

1996 - يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىدە مىڭدىن ئوشۇق ئايال ئىشچى

www.uyghurkitap.com

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالدىدا جىمجىت ئولتۇرۇۋېلىپ، ھۆكۈمەتتىن خىزمەت تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئاتا - ئانىلىرى، ئەرلىرى، پەرزەنتلىرى بار ئىدى. كىشىنى ئويغا سالىدىغىنى ئۇلار ئۆزلىرى دەسسەپ تۇرغان زېمىننىڭ ئۇلارغا يەنىلا پاناھ بولالايدىغىنىنى، ئاش - نان بېرىدىغىنىنى، ئىشلىگۈدەك يېڭى خىزمەت بېرىدىغىنىنى ئۇنتۇغانىدى.

سوتسىيالىستىك دۆلەتتە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان «بەختلىك تۇرمۇش» كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر تۇيۇقسىز ئۆزلىرىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىزمنىڭ زاۋۇتلىرى ئۇلارنى تاشلىۋەتمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرى سوتسىيالىزمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرالمىدى.

20 - ئەسىر ئاخىرلىشىپ، 21 - ئەسىر باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە دەۋرىمىز كەسكىن بىر رىقابەتكە، تاللاشقا دۇچ كەلدى. ئىنسانىيەت ئەقلىي تەپەككۇرىنىڭ غايەت زور مۆجىزىسى ھېسابلانغان تۇرلۇك ئىختىرا ۋە كەشپىياتلار بىزنىڭ 20 - ئەسىرنى پەن - تېخنىكا ئەسىرى دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىزغا ئاساس ھازىرلىدى، يېقىنقى قىسقىغىنا بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىيەت بىز كۈتۈۋېلىۋاتقان 21 - ئەسىرنىڭ شەكسىز ئۇچۇر دەۋرى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى . ھەم خاسىيەتلىك، ھەم تەشۋىشلىك بۇ ئۆتكەل كىشىلەرنى تۇرۇپ يېقىن كەلگۈسىدىكى ئارامبەخش ئىمكانىيەتلەر بىلەن ئۈمىدلەندۈرسە، تۇرۇپ ئۇچۇر دەۋرىنىڭ چەكسىز ۋە شەپقەتسىز سىناقلىرى تەرىپىدىن شاللىنىپ قېلىشتەك ئېھتىماللىقلار بىلەن ۋەھىمە ھېس قىلدۇرماقتا.

مەملىكىتىمىزدە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ يولغا قويۇلغان خادىملارنى قىسقارتىش سىياستى نۆۋەتتىكى ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. نوقۇل ھالدا قېلىپلاشتۇرۇلغان تۈز سىزىقلىق خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى چىقىش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ھەممىلا يەردە بۇ ھەقتىكى بەس - مۇنازىرىلەر بولدى. جۇملىدىن دۇنيادىكى ئەڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ھېسابلىنىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى. مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئىگىلىك تۈزۈلمىلىرى مۇكەممەل بولمىغان، 3 - كەسىپ تەرەققىياتى ئاستا، 4- كەسىپ تېخى تولۇق بىخلانمىغان، ئېھتىياج، مۇلازىمەت، شارائىت كۆلىمى تېخى مۇكەممەل بەرپا قىلىنمىغان بۇ بېكىنمە رايوندا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ زور خىرىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ تەمتىرەپ قېلىشتى. ئەمما بۇنىڭ قوبۇل قىلمىسا بولمايدىغان رېئاللىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندە سوغۇق تەرگە چۆمۈشتى. ئەگەر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئويلاپ قارالغاندا كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ چەت ئەللەردە ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغان، شۇنداقلا ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىۋاتقان ئىش. شۇڭا، ئالدى بىلەن بىز چەت ئەل ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى بەزى تەجرىبىلىرىنى، ئۈلگىلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا كۆزىتىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ياپونىيىدە بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەن ياش ئىقتىسادشۇناس ئابلىكىم ھەسەننى زىيارەت قىلدۇق.

## ياپونىيە: شتات ۋە شتاتسىزلىق

- ياپونىيە دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. نۇرغۇن كىشىلەر ياپونىيىگە ئالاھىدە قىزىقىدۇ، بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتە زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان كىچىككىنە بۇ ئارال دۆلىتىنىڭ قانداق قىلىپ ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جاراھەتلەرنى تۈگىتىپ، دۇنيادا

ئالدىنقى قاتاردىكى تەرەققىي تاپقان بىر زامانىۋى دۆلەتكە ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىلەر كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. خېلى كۆپ كىشىلەر ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە قىزىقىدۇ. چۈنكى مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ياپونىيە ھەققىدىكى ماھىيەتلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ياپونىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن بۇنداق زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇنداق بىرنەچچە ئامىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياپونىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ناھايىتى قىيىن ئۆتكەلگە دۇچ كەلگەن. بۇ جەرياندا ياپونىيىلىك ئالىملار، ياپونىيە قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇرغۇن بەس - مۇنازىرە ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئاخىرى ئۇلار سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق سودىدا چىقىش يولى تېپىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ئەلنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكا ئۇتۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىش، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا ماڭغان. شۇڭا ياپونىيىنىڭ تەرەققىياتىدا چەت ئەل، جۈملىدىن ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئوينىغان رولى بىر قەدەر گەۋدىلىك. يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيىلىكلەر پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىقلا دۇنياۋى ئىقتىساد ساھەسىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. شۇڭا سىز ھەرقانداق بىر ياپونىيىلىكتىن سىز ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسە نېمە دەپ سورىسىڭىز، ئۇ خىزمەت دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار خىزمەت قىلغاندىلا، ئەمگەك قىلغاندىلا قىممەت يارىتقىلى بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن، بۇ خىل ئاڭ ياپونىيىلىكلەرگە كىچىككىدىن باشلاپلا سىڭىپ كەتكەن. بۇ خۇددى بىزدىكى «قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە» دېگەن تەمسىلنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ياپونىيىلىكلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، ھارماي - تالماي ئىشلەش روھىنى بۈگۈنكى ياپونىيىنىڭ زور تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ، قىسقىسى ياپونىيە ئەمگەك ئارقىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش شوئارىنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشكەن. ياپونىيىنىڭ كارخانىلىرىدا مۇقىم ئىشچىلار ناھايىتى ئاز. زور كۆپ ساندىكى ئىشچىلار توختاملىق ياكى ياللانما ئىشچىلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كارخانا خوجايىنلىرى بىلەن كېلىشىپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەيدىغانلارمۇ، قىسقا مۇددەتلىك ئىشلەيدىغانلارمۇ، ئىسمېنا ئالمىشىپ ئىشلەيدىغانلارمۇ بولىدۇ. ياپونىيىدىكى ھەرقايسى چوڭ كارخانىلار ۋە سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلىرى ئاساسەن مۇشۇ يۇسۇندا يۈرگۈزۈلىدۇ، ئۇلاردا كارخانا ۋە سودا ئورۇنلىرىنىڭ مەخسۇس خادىملىرىدىن باشقا مەڭگۈلۈك مۇقىم ئىشلەيدىغان خادىملار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئەمما مەيلى توختاملىق ئىشچى بولسۇن ياكى ياللانما ئىشچى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىش تەرتىپى ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا شۇ كارخانىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىلىدۇ.

- ياپونىيىدە توختاملىق ئىشچىلارنى ھەر قايسى كارخانىلار ئۆزلىرى بېكىتكەن تۈزۈم بويىچە باشقۇرامدۇ ياكى بىرلىككە كەلگەن بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈمى مەۋجۇتمۇ؟

-ياپونىيىدە تۈزۈم جەھەتتە ھەرقانداق بىر ئىشچى يەنى توختاملىق ئىشچى، ياللانما ئىشچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈم جەھەتتە شۇ كارخانىنىڭ بىرلىككە كەلگەن تۈزۈمى ئورتاق يۈرگۈزۈلىدۇ. مۇقىم ئىشچى، توختاملىق ئىشچى، ياللانما ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تۈزۈم ۋە بىر خىل مۇئامىلىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىگەن ۋاقتىغا ئاساسەن ئىش ھەققى ئالىدۇ. ئىشچىلارنىڭ زاۋۇتتىكى ئورنى ئۇ ياراتقان ئەمگەك ئۈنۈمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. زاۋۇتلاردا كۈندىلىك پىلان كۈندىلىك تۈزۈلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشى

www.uyghurkitap.com

بىر قەدەر تولۇق بولىدۇ، مەسئۇلىيەت ئېنىق بەلگىلىنىدۇ.

— ياپونىيىدە ئىشتىن قېلىش ئەھۋاللىرى بارمۇ؟ بۇنىڭغا ياپونىيىلىكلەر قانداق قارايدۇ؟

ياپونىيىدە ئىشتىن قېلىش ئەھۋاللىرى ھەر ۋاقىت دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار خىزمەت ۋاقتىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ ئىشتىن قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ياپونىيىدە ھەرقانداق ئىشتا سۈپەت ئۆتكىلى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىشچىلار جان تىكىپ ئىشلەش ئارقىلىق سۈپەت ئۆتكىلىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە سۈپەت — خىزمەت ۋە ياشاشنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار سۈپەت ۋە ئۈنۈم ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى يېڭىشكە تىرىشىدۇ، ياپونىيىلىكلەر ئۈچۈن ئىشتىن قېلىش ئەڭ زور يوقىتىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا ئىشسىزلىق نومۇس دەپ قارالغاچقا ئىشتىن قالغان ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتە بەلگىلىك كىرىمدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماستىن، جەمئىيەتتىمۇ يارىماس دېگەندەك قاراشلار بىلەن كىشىلەر نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەر بىر ياپونىيىلىك جان - دىلى بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۆز خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ.

— ھازىر بىزدە خادىملارنى قىسقارتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ ئىش جەمئىيەتتە ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى ھۆكۈمەتكە تايىنىپ ياشاشتىن ئىبارەت خاھىش شەكىللىنىپ قالغان بولغاچقا شتاتتىن ئايرىلىپ قالساق قانداق ياشايمىز دېگەن ۋەسۋەسە پەيدا بولدى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭمۇ تەسىرى بار دەپ قاراشقا بولىدۇ، مېنىڭچە ھۆكۈمەت شتاتىدىن ئايرىلىپ قالساق ياشىيالمايمىز دېگەن ئىدىيە بىر خىل ئۆزىنى كەمسىتىش، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا سەل قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغانىكەن، تاللاش ۋە شاللاشتىن ئىبارەت سىناقنى قوبۇل قىلماي ئىلاجىمىز يوق. ياپونىيە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى. شۇڭا نۆۋەتتىكى خادىملارنى قىسقارتىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىز ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلەر بارمۇ - يوق؟ مۇشۇ تەرەپلەردىمۇ ئۆز قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

— بىز ھازىر بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىمىز. خادىملارنى قىسقارتىش ئىشلىرىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. خادىملارنى قىسقارتىش، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش بازار ئىگىلىكىدە چەتنەپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر ھادىسە. بازار ئىگىلىكى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ساپا ئىگىلىكى. شۇنداق بولغانىكەن، ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى تەڭشەش، «داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» ئىشلىرىغا خاتىمە بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۆۋەتتىكى بىر مۇقەررەر يۈزلىنىش. بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش، قانداق قىلىپ كىشىلەرنى بۇ ھەقتە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى رىقابەت ئېڭىنى كىشىلەر ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈش، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا، يېڭى بىر يولغا يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ. كارخانا بازارنىڭ ئوبيېكتى، كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى، كارخانىنىڭ قانۇنىيىتى ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا ئوخشاش بولىدۇ. كارخانا رىقابەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەللار تاللىنىش، ناچارلار شاللىنىش ئىشلىرى ھامان يۈز بېرىدۇ. بىر قىسىم ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان كىشىلەرنى، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان، بەلگىلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتالايدىغان ھالقىلارغا تەڭشەش بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. بۇنىڭدىن باش تارتىپ بولمايدۇ. ئۇلارنى باشقىچە يوللار بىلەن قوشۇمچە ئىگىلىك تىكلەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، مۇلازىمەت تارماقلىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆز

تۇرمۇشنى قامداش شارائىتى بىلەن تەمىنلەش، 3 ـ كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكلەش ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى. ئوبيېكتىپ شارائىت نۇقتىسىدىن ئالغاندا بىزدە ئەمگەك كۈچى ھەقىقەتەن كۆپ. ئەمما ئوبيېكتىپ شارائىتنىلا تۇتقا قىلىپ ئەمگەك ئۈنۈمىگە سەل قارالسا ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسەلگىلى بولمايدۇ. بۇنى ھەر بىر ئادەم تونۇپ يېتىشى كېرەك. چۈنكى بىزدە ئۇزۇن مۇددەت پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا ياشاپ ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋېلىش، ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىغا تايىنىپ ياشاش دېگەن ئاڭ شەكىللىنىپ قالغاچقا ئىشتىن شاللىنىپ قالسام قانداق ياشايمەن دېگەن ئەندىشە قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. مېنىڭ بىر ئوقۇغۇچۇم مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان، ئىنگلىز تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئەمما تەقسىماتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا «سېنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقا يەنى ھۆكۈمەتنىڭ شتاتىغا كىرىپ بىر ئۇستەلگە ئىگە بولۇشتىن باشقا چىقىش يولۇڭ يوقمۇ؟ سەن خەنزۇ ۋە ئىنگلىز تىلىنى ياخشى بىلىسەن. شۇڭا باشقىمۇ چىقىش يولىنى ئىزدەپ باققىن، ساياھەت ئىدارىلىرىغا بېرىپ باققىن» دېگەنىدىم. كېيىن ئۇ بىر مەركىزىي ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق شۆبە ئىدارىسىغا خىزمەتكە كىرىپتۇ، ئايلىقىغا مىڭ يۈەن مائاش ئالغاندىن باشقا، چەت ئەللىك مېھمانلارنى باشلاپ ساياھەتكە چىقسا كۈنىگە 60 يۈەن بېرىدىكەن، ھازىر ئۇ پىشقان بىر يول باشلىغۇچى، تەرجىمان بولۇپ قالغاندىن باشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ خېلى پاراۋان شارائىتقا ئىگە بولۇپ قالدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن مېنى ئىزدەپ كېلىپ مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مەسلىھەتىمگە رەھمەت ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا «ئىگىلىك تىكلەش دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ» دېدىم.

بىزدە كىچىك ئىشنى ياراتماي، چوڭ ئىشنى قىلالماي تەمتىرەپ يۈرىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە ھەر بىر ئادەم مەيلى كىچىك ياكى چوڭ ئىش بولسۇن، ئەمەلىي ئىشلەپ ھالاللىق بىلەن تەرەققىي قىلغاندىلا كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا يوشۇرۇن بازارلار ناھايىتى كۆپ، ئۇنى قانداق قىلىپ بايقاش ۋە ئېچىش نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتلەرنىڭ بىرى. بىز پەقەت مائاشتىن ئىبارەت تۆمۈر تاۋاققىلا ئىسلىۋېلىپ ئەۋزەل شارائىتلاردىن پايدىلانمىساق ئۆزىمىزنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرماي ئىقتىسادىي جەھەتتە مائاشتىنلا ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرساق ھامان بىر كۈنى ۋەيران بولۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز. بۇ ئىشتىن قالغاندىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا بىر قىسىم خادىملارنى خىزمەت ئورنىدىن قالدۇرۇش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھاتنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن بىر سىنىقى، شۇنداقلا ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر باسقۇچ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا، ناۋادا مەن ئىشتىن بوشىتىلسام قانداق قىلىشىم كېرەك دېگەن بىر ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇچۇرلارغا ئەھمىيەت بېرىشى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشى، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. ياپونىيىدىمۇ ئىشسىزلار خېلىلا كۆپ، ئەمما ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇچۇر ئارقىلىق ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. بىز ئۇچۇرغا سەل قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، نۇرغۇن پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ قىلالمايمىز. نەتىجىدە چۈشكۈنلىشىپ ھۆكۈمەتتىن ۋە ۋەزىيەتتىن دادلايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرگىزمۇ چىقىش يولىنىڭ يوقلۇقىغا سەۋەب بولالمايدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز زېھنىنى ئىشقا سېلىشنىڭ يولىنى چوقۇم ئۆزى تاللىشى كېرەك. ھەقىقىي رىقابەت تۇيغۇسى بولغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ چىقىش يولىنى تاپالايمىز.

— سىزنىڭچە نۆۋەتتىكى خادىملارنى قىسقارتىش سىياسىتىنى بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن بىر قېتىملىق تاللاش پۇرسىتى دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

— بەلكىم بەزى ئادەملەرگە نىسبەتەن بۇ ساھەدە ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالمىسا يەنە بىر ساھەدە ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان مۇھىت بولۇشى مۇمكىن. قىلىۋاتقان ئىشىدا قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالماي، ئۆزى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولالماي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مۇشۇ نۇقتىدىن

www.uyghurkitap.com

قارىغاندا خادىملارنى قىسقارتىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن بىر قېتىملىق تاللاش پۇرسىتى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ.

- ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئاستا بولىۋاتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىمۇ ناھايىتى ئاجىز. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشتىن قالغان كىشىلەرگە نىسبەتەن قانداق چىقىش يوللىرى بار. ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

- ھازىر بىز ئۈچۈر دەۋرىگە، رىقابەت دەۋرىگە كىرىپ كېلىۋاتىمىز. تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە رايونلار بۇ باسقۇچنى ئاساسەن بېسىپ بولدى، بۇ ھال بىز ئۈچۈن زور بېسىم ھاسىل قىلىدۇ. بىز بۇ ھالەتكە تېزلا ماسلىشىپ كېتەلمەيمىز. ئەمما ماسلاشمايمۇ ئىلاجىمىز يوق. بۇ دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى. ئەمدى بىز مۇشۇنداق شارائىتتا قوشۇمچە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، مول بايلىق ۋە خام ئەشيا ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ياكى يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بويىچە قەيەردە 3 - كەسىپ تەرەققىي قىلسا شۇ يەردە سودا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ خىل 3 - كەسىپ شەكلى رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا خېلىلا ماس كېلىدۇ. ھەممىلا ئادەم ئۇنىۋېرسال كەسىپلەرگە ئېرىشەلىۋالماي بىر قىسىم كىشىلەر يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇنىۋېرسال كەسىپلەرنى ئىگىلەپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر مەخسۇس كەسىپنى ئىلىملەرنى ئىگىلىسە مۇشۇ ئارقىلىقمۇ كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەڭشەشنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تەبىئىي ھالدا يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچۈر ئىگىلىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە باشقىلار ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن تۈرلەرنى ئېچىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك.

- نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كىشىلەرنى سانائەتلىشىش يولىغا قاراپ يېتەكلەشنىڭ ئىستىقبالى دىگەندەك پارلاق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ مۇھىم بولغىنى ئىشتىن قالدۇرۇلغان خادىملارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئۇششاق تىجارەت ئېڭى ھېلىمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ساپانىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى ئورتاق مەۋجۇت. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا مىللىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ھالىتىنى چىقىش قىلغان، مۇۋاپىق ئۈنۈم يارىتالىغىلى بولىدىغان ئىقتىسادىي تەركىبلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

- مېنىڭچە ئالدى بىلەن مۇلازىمەتكە تايىنىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىدىغان تۈرلەرنى كۆپلەپ ئېچىش كېرەك. چۈنكى مۇلازىمەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئىقتىسادىي تۈرلەرگە مەبلەغ ئاز كېتىدۇ، ئۇنىڭ خېيىم - خەتىرىمۇ چوڭ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى تۈرلەرنى ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ چىقىش يولى تېپىشىدىكى بىرقەدەر قۇلايلىق ئامىللار دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ساھەلىرىمىز تېخى ئېچىلمىغان ساھەلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشتىن قالدۇرۇلغان خادىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەھەرگە توپلىشىۋېلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشىدا چەكلىمىگە دۇچ كېلىشتەك ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىر قىسىم ئىشتىن قالدۇرۇلغان خادىملار ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ ئىزدەپ كۆرۈشى كېرەك، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خام ئەشيا مەنبەئى بىرقەدەر مول بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەمگەك كۈچلىرىمۇ ئەرزان. شۇڭا ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى نوقۇل شەھەرلەرگە باغلاپ قاراشنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە ئاقىلانىلىق ئەمەس. قىسقىسى باشقىلار ئانچە دىققەت قىلمىغان، كۆپ مەبلەغ تەلەپ قىلمايدىغان تېز ئۈنۈم يارىتالىغىلى بولىدىغان ئەمەلىي تۇرمۇشتا بىرقەدەر ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلەرنى ئېچىشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. مەسىلەن: قاسساپچىلىق، يەنى گۆش بىلەن تەمىنلەش بىزدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ۋە بازىرى بىرقەدەر مۇقىم كەسىپلەرنىڭ بىرى. ئەگەر بۇ كەسىپنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۆشنى بىر كۈنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقان ھالدا سۇلياۋ خالتىلارغا قاچىلاپ ئىشىك ئالدىغىچە

يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر گۆشنى يېڭى هالدا ئىستېمال قىلىش شارائىتىنى هازىرلىغان، ئارتۇقچە ۋاقىت سەرپ بولمايدىغان بۇنداق مۇلازىمەتكە قىزىقىشى مۇمكىن.

– هازىر بىز مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكا جەهەتتە زور داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. بەزى هاللاردا بىز تېخى تۈنۈگۈنلا ئىگىلىگەن بىلىملەر بۈگۈننىڭ ئېهتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان ئەهۋاللارمۇ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەهەتتىكى بىلىش دائىرىسى جەمئىيەتنىڭ، پەن - تېخنىكىنىڭ بولۇپمۇ زامانىۋى باشقۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالماسلىق هالەتلىرى كۈندىن - كۈنگە گەۋدىلىك تۈس ئالماقتا. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا مىللىتىمىزگە نىسبەتەن قايسى جەهەتتىن تەربىيىلىنىش ئەڭ مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارايسىز؟

– ياپونىيىنىڭ بۈگۈنكىدەك گىگانت بىر دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مائارىپ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ مىڭجىڭ يېڭىلىقىدىن كېيىن ياپونىيە مائارىپقا تايىنىپ پۇت تىرەپ تۇرغان دۆلەت.

ئىسلاهاتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز خېلىلا راۋاج تاپتى. مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ تونۇلغان سودىگەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئەمما هازىرقى كۈنگە كەلگەندە بىر قىسىملار زامانىۋى سودا شارائىتىدا شاللىنىپ قالدى. ئەگەر بىز سودىگەرلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق تەربىيە كۆرگەن، زامانىۋى سودا ئۇسۇللىرىدىن خەۋەردار سودىگەرلەرنىڭ سانى يوق دېيەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە نىسبەتەن هەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشى ناهايىتى مۇهىم. بۇ نۇقتىغا مائارىپ، هۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ چوقۇم ئەهمىيەت بېرىشى زۆرۈر. چۈنكى تەربىيە كۆرمىگەن هەرقانداق بىر پۇقرا جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ بىر يۈك، مۇشۇ نۇقتىلارنى ئاساس قىلغاندا هازىر مىللىتىمىزگە نىسبەتەن مەدەنىيەت جەهەتتىن تەربىيىلىنىش ئاساسىي هەم مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەيلى ئادەتتىكى بىر دېهقان ئۈچۈن بولمىسۇن ئۇ ئەقەللىي مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىنىشى كېرەك.

مۇنداق دېهقانىنىڭ چىقىش يولى، كەلگۈسى هەققىدىكى قارىشى باشقىچە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ هەممىلا ئادەم ئىگىلىك ياراتقۇچى بولۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئىچىدىن بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم ئۆتۈپ چىقسا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەنە شۇ ئۆتۈپ چىققان كىشىلەر تەدرىجىي هالدا باشقىلارنى يېتەكلەپ، ئۇلارغا تەربىيىلىنىش مۇهىتى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ تارماقلىرى قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي كۇرسلارنى ئېچىشقا ئەهمىيەت بېرىشى كېرەك. مېنىڭچە بۇنداق كەسپىي كۇرسلارنى ئومۇملاشتۇرۇش هازىر ئىلىپ بېرىلىۋاتقان خادىملارنى قىسقارتىش، قىسقارتىلغان خادىملارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەهەتتە بىر خىل چىقىش يولى هېسابلىنىدۇ.

– سىز ياپونىيىدە ئىككى يىل تۇرۇش جەريانىدا ئۆگەنگەن نەرسىلەر ئىچىدە نېمىنى ئەڭ قىممەتلىك بىلىم دەپ قارىدىڭىز؟

– ياپونىيىلىكلەرنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش روهى مەن ياپونىيىدە ئېرىشكەن ئەڭ قىممەتلىك بىلىم دەپ قارايمەن.

– نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن خادىملارنى قىسقارتىش ئىشلىرىغا قانداق قارايسىز؟

– ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىسلاهاتنىڭ رەسمىي يولغا قويۇلۇشى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر كېيىن بولدى. ئىسلاهاتنىڭ ئەمەلىيلىشىش قەدىمىمۇ بىرقەدەر ئاستا بولدى. دۆلەتنىڭ سالىدىغان ئىقتىسادىي مەبلىغىمۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇكەممەل بازار سىستېمىسى تېخى تولۇق يېتىلىپ بولمىدى. كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خادىملارنى قىسقارتىش ئىشلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشنى بىر خىل ئالدىراقسانلىق دەپ قارايمەن. بۇنى كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا ئاساسەن قەدەم باسقۇچلۇق هالدا ئېلىپ بارساق بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان بولاتتى. بازار ئىگىلىكى بىر رەهىمسىز رىقابەت ئورنى. هەممىلا ئادەمنى بىر تاياقتا هەيدەپ ئۇلارنى چۈشۈشكە مەجبۇرلىساق بەزى كىشىلەر ئەمەلىي ئەهۋالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ مىللەتلىك رايون، هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

ساپاسى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، خادىملارنى قىسقارتىش مەسىلىسىنى ھەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ مەسىلىنى شوئار خاراكتېرى بىلەن ھەل قىلغاندا قىسقارتىلغان خادىملار ئەمەلىي شارائىتقا ماسلاشسىغۇ ماسلاشتى، ئەگەر ئۇ ماسلىشالمىسا بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ مەسىلە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىلسا ئىشسىزلار بىراقلا كۆپىيىپ كېتىشتەك ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىشتىن قالغانلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگىلى، جەمئىيەتنىڭ يۈكىنىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ.

- سىز ئىشتىن قالغانلارنىڭ سىپىگە قوشۇلۇپ قېلىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟

- بۇنى ئەلۋەتتە ئويلىدىم. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئادەملەرمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان. مەن ئەگەر ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسام ئىختىمۇ غەيرەت - شىجائەتلىك بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن. ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەم باشقىلارغا قارىغاندا چوڭقۇرراق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىمەن، ئەتراپىتىكى مۇھىتقا دىققەت قىلىمەن، كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئىگىلەيمەن. شۇ ئارقىلىق يېڭى يول ئېچىشقا تىرىشىمەن.

- سىز مۇشۇ جەھەتتە ئۇنۇم ھاسىل قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەمسىز؟

- ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن. گاھىدا بەزى ئىشلارنىڭ تولىمۇ ئۇنۇمسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلسام يۈرىكىمدەك ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللانغۇم كېلىدۇ.

- ئۇنداقتا خادىملارنى قىسقارتىش ئىشىنى ئۇنچە قورقۇنچلۇق ھادىسە دەپ قارىماسلىقمۇ بولىدىكەن - دە؟

- مېنىڭچە قورقۇنچلۇق ھادىسە دەپ قاراپ ئىشنى ئارقىسىغا سوزۇۋېتىپ، بىر ئادەم قىلىدىغان ئىشنى بىر قانچە ئادەم قىلسا يا سىز ئۇنۇم ھاسىل قىلالمايسىز، يا مەن ئۇنۇم ھاسىل قىلالمايمەن. بۇ ھەرگىزمۇ ياشاشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەس. دېمەك ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى قىسقارتىش ئىشى بازار ئىگىلىكىنىڭ، رىقابەتنىڭ تەلىپى. بۇنىڭدىن بىز ھازىر ئۆزىمىزنى قاچۇرغان بىلەن ھامان بىر كۈنى يەنە ئۇنىڭغا دۇچ كېلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى قوبۇل قىلماي ئىلاجىمىز يوق. ئۇنى توسۇپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ مەسىلىنى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە تەڭشەپ بىر تەرەپ قىلساق بازار ئىگىلىكىمىزمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭىدۇ، ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرمۇ ئازراق يۈز بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش ئىدىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

- نوقۇل ھالدا ھۆكۈمەتكىلا تايىنىپ ياشاش ئىدىيىسىنى مەلۇم مەنىدىن، يەنى ئادەمنىڭ رولىغا نىسبەتەن بىرخىل ئاجىزلىق دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

- مېنىڭچە شۇنداق دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. پەقەتلا ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر تاۋىقى» بىلەنلا جان بېقىشقا ئادەتلىنىش، ياشاشنىڭ بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىلى ئەمەس. ئۇ بىر خىل ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئىپادىسى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**قىستۇرما مۇلاھىزە: ئىشسىزلىق**

جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى يوشۇرۇن كرىزىسلەرنىڭ بىرى ئىدى، بۈگۈن ئۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى قاتتىق تارتىدىغان پارتلاشقا ئايلاندى. بۇرۇن بىز ئىقتىسادىي نامراتلىقنىڭ كېچىكلىرىنى كېچىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا بۇنداق ئوبيېكتىپ ھادىسىنى ئاڭ فورمىسى نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىنغانىدۇق. بىز ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئاڭ فورمىسىنى ئەندىزە قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق، فېئودالىزمنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئاسارىتىدە ھۆرمەتلىنىش تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، پاسسىپ ئىتائەتچانلىقنى يېتىلدۈرگەن خەلق گويا بوھران بىلەن ياشاپ، ئۇنىڭغا قارىتا غەلىتە بىر ئىممۇنىتېتنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىممۇنىتېت ئاQ چە روھىي غالىبىيەتنىڭ زامانىمىزدىكى تۈسىنى ياراتتى.

تېخنىكا سۈرئەتنى ئاشۇردى، زامان - ماكان تارايدى، يەر شارى كىچىكلىدى، دۇنيانىڭ قايسى بىر بۇرجىكىدىكى ئىشلار بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە روشەن ھالدا تەسىر كۆرسىتىدىغان يوشۇرۇن رېئاللىق ئەمدى تامامەن ئاشكارىلىنىشقا ئۆتتى. دېمەك، بىر دۆلەت نوقۇل ئىچكى سىياسەتنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن ئۆزىنى چەك

تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر مىللەت ئۆتمۈش ئەنئەنىسىگە جاھىللارچە يېپىشىۋېلىش بىلەن ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. بىر دۇنياۋى ئاڭ رېئاللىق بىزگە تاڭغان ئاچچىق ھەقىقەتكە ئايلاندى.

ھەقىقەت ئاچچىق بولىدۇ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقكى، ئۇنى دەسلەپ بايقىغانلارنىڭ ھاياتى شورغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلارنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

جۇڭگو ئۆز تارىخىدا بۇنداق بەدەللەرنى ئىزچىل تۆلەپ كەلدى. بىراق، بۇنداق بولىۋەرسە قانداق بولغىنى؟

جۇڭگو ئاڭ فورمىسى ھەقىقىدىكى ئۇرۇشنىڭ پاتقىقىغا پاتقاندا، نۇرغۇن ئاقىل ئەزىمەتلەر ئاشۇ ئۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنسىز بەدەل تۆلىدى، بەلكى بىرەر ئاڭ، ئىدىيە ياكى خىيال ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان ئىشلار جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ بىر مېخانىزمى بولۇپ كەلدى. تارىختىن ئىبارەت بۇ درامىنىڭ رولىنى ئاقىللاردىن تارتىپ ئالدۇق. خۇددى توماس فۇللى ئېيتقاندەك: «دەلتىلەرنىڭ جەننىتى ئاقىللارنىڭ دوزىخى» غا ئايلاندى.

بىز بەربات بولغان ئەقىل ۋە ئاقىللارنىڭ قەبرىسىگە ئابىدە تىكلەۋاتقاندا، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئاڭ فورمىسىنىڭ ئەسەبىيلىكىگە تامامەن يات ھالدىكى بىر مەھسۇلاتنى يېتىشتۈرۈپ چىقىۋاتاتتى. بىز بۇ سېلىشتۇرمىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاڭ فورمىسى ئەڭ زور ھوقۇقنىڭ كاپالىتىدە بيۇكراتىزمنىڭ يۇكسەك پەللىسىنى ياراتتى. جۇڭگو تارىخىدا ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى مۇنداق تەرەققىي قىلىپ كەلدى:

خەن دەۋرىدە 7945 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن.

تاڭ دەۋرىدە 3927 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن.

چىڭ دەۋرىدە 911 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 294 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن.

1996 - يىلىغا كەلگەندە بولسا 33 پۇقراغا بىر ئەمەلدار توغرا كەلگەن.

دېمەك، زامانىمىزدىكى ئەمەلدارلارنىڭ نىسبىتى خەن دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا 5. 263 ھەسسە كۆپ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو تارىخى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىيىش تارىخى بولۇپ قالغان، گويا خەلق ئاڭ جەھەتتىكى يۇكسەكلىشىشنىڭ ئەكسىچە، باشقۇرۇلۇشقا موھتاج بولۇپ قالغان.

ھۆكۈم: نوقۇل باشقۇرۇلۇشقا ئادەتلەنگەن خەلق ئۆزىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

بۇ چاغدا ئىقتىسادىي قانۇنىيەت قايسى مەھسۇلاتنى تەقدىم ئەتتى؟

جاۋاب: رەھىمسىز ئەمەلىي پاكىت ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي ياكى ئاڭ فورمىسىدىن قۇدرەتلىك.

نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب: چۈنكى، ئۇ شەيئىنىڭ كۈچىگە بولغان ھەقىقىي ئىنكاستىن كەلگەن.

جۇڭگودا بيۇكراتىزمنىڭ غايەت زور خور ئۆمىكى ئاڭ فورمىسى ناخشىسىنى ياڭراتقاندا، ئورگان ئىخچاملاش توغرىسىدىكى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغان. بىراق، ئۇ كۈچلۈك خور ساداسى ئىچىدە كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئالتە قېتىم ئورگان ئىخچاملاش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بىراق يۇقىرىقى خور ئۆمىكىنىڭ تېنى ئورۇقلاش - سەمىرىش - ئورۇقلاش - سەمىرىش كەبى دەۋر قىلىپ كەلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ، ئورگانلارنى ئىخچاملاش بىر قېتىملىق ئىنقىلاب، دېگەنىدى. جۇڭگودا ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاب شوئارى كۆپ توۋلانسىمۇ، ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاب ناھايىتى ئاز بولدى. ئەمما، ئەمدى جۇڭگو ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاب قىلمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئىشتىن بوشىغان پۇقرالار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. چۈنكى، ئۇلار شەخسىي ئىقتىدارىنى جانلاندۇرىدىغان پۇرسەتتىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ قالغان.

مەن «ئۆلۈم لاگېرىدا ھاياتلىق ئىزدەش» دېگەن ئىبارىنى ئىنتايىن ياقتۇرىمەن.

ئىنساننىڭ ئىقتىدارى ھايات - مامات ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق تاللاشتا ئويغىنىپ رول ئوينايدۇ. ھەركىم ئۆز ئەقلىگە ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىدىغان دەۋر كۆلۈپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى سۇرلۇك، ۋەھىملىك قىياپەتتە كىرىپ كەلدى.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

# پۇچۇلانغان يۈرەك

(ھېكايە)



غوپۇر نۇردىن

— كۆرەشنىڭ ئائىلىسىدىن كىم كەلدى؟ — سورىدى ئوتتۇرا ياشلىق، قارىمۇتۇق بىر ساقچى.

ئۇزۇن ئورۇندۇقتا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بىرمۇنچە ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن چىرايى پەرىشان، سالاپەتلىك بىر كىشى سومكىسىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇ مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزىنى ساقچىغا تىكتى. ساقچى چاپىنىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ گۆشلۈك بوينىنىڭ يوغانلىقىدىن ياقىسىنى ئېتىمەن دېسىمۇ يەتمەيدىغاندەكلا قىلاتتى، چىرايى بولسا خۇددى قولىدىكى تاماكىنىڭ ئىسى سىڭىشىپ كەتكەندەك قاپقارا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەتتىن تاشقىرى مۇلايىم چىقاتتى.

— ئىسمىڭىز؟

— مەسۇم.

— ھە، بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

مەسۇم بۇ مۇلايىم ئاۋازنى ئاڭلاپ شادلىققا چۆمدى. بۇ ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى، ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىمۇ يەنىلا مۇشۇ كۆرەشنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەن. ئەمما قوپال مۇئامىلە، «سەن»لەپ سۆزلەش، سوراق قىلغانغا ئوخشاش تەلەپپۇز ئۇنىڭغا ھار كەلگەنىدى. مەسۇم بۇ دۇنياغا كېلىپ مۇشۇ چاغقىچە بىرەر قېتىم گۇناھكار قىياپىتىدە ساقچى - پاقچى دېگەنلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەرگە قاراپ باقمىغان. شۇڭا ئۇ بىرىنچى قېتىم ساقچىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە غۇرۇرى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغاندەك تۇيغۇغا چۆمگەنىدى. بۇ قېتىم بۇنداق تۇيغۇ ھەر ھالدا سەل يېنىكلىگەندەك بولدى، ئۇ بىرىنچى قېتىم ساقچىغا كىرگەندىن ھازىرغىچە ساق بىر يېرىم يىل ئۆتتى، ئىنشائاللا، بۇ ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالار...

— بۇياققا كېلىپ تاماق، ياتاق، داۋالاش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈڭ، — ھېلىقى ساقچى مەسۇمنى چاقىردى.

مەسۇم يانچۇقىدىكى ئۆيگە كىرىپ پۇلنى تاپشۇرۇپ تالوننى ئالغاندىن كېيىن، يەنە بىر ياش ساقچى يىگىت ئۇنى ھويلىغا باشلاپ چىقتى. بۇ ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان مەزمۇت قورغاندەك بىر ھويلا ئىدى. ھەر بىر بۇرجەكتە بىردىن قاراۋۇلخانا بولۇپ، ھەر قاراۋۇلخانىدا بىردىن قوراللىق ساقچى پوستا تۇراتتى. مەسۇم بىر قاراپلا تام تۈۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر توپ ياش بالىلارنىڭ ئارىسىدىن كۆرەشنى تونۇۋالدى. ئۇلار بىر ساقچىنىڭ نازارىتىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. كۆرەشنىڭ چاچلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، يۈزىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىدىن تارتۇقلار كۆرۈنەتتى. ئورۇقلۇقىدىن ياڭاق سۆڭەكلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالغانىدى. نۇرسىز كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭقىيىپ كەتكەندەك قىلاتتى. چىرايىدا قان قالمىغانىدى. ئۇ، يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى.

مەسۇم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى. ئۇ گويا بىر يىلتىزسىز ۋە

سالماقسىز پور كۆتەكنى قۇچاقلىغاندەك تەسىراتقا كەلدى. ئۆزى قۇچاقلىغان كورەشنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ سودا - ئىقتىساد كەسپىنى پۈتتۈرۈپ چىققان غايىلىك، روھلۇق، جۇشقۇن ۋە مەزمۇت كورەش ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. مەسۇم ئىختىيارسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزى ۋىۋىسكىدىكى «... زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى داۋالاش مەركىزى» دەپ يېزىلغان چوڭ خەتلەرگە چۈشتى. بۇ قانداق گەپ؟ ئىملالىرىنىڭ خاتالىقىچۇ تېخى! بۇنداق يازغىچە يازمىسا بولمامدۇ؟ ھەي، ۋىۋىسكىنى ئوڭشاپ يازالمىغان ئادەملەر كېسەلنى قانداقمۇ داۋالىيالىسۇن؟ مەسۇمنى نادامەتلىك بىر ھېسسىيات چۇلغىۋالدى. مەسۇم چاندۇرماي ئۇنىڭدىن مېھرىبانلىق بىلەن ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۇنى ماشىنا بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى.

- كورەش، ئۇكام، ھەدەڭ كەلگىچە ئىككىمىز تاماقنى جابدۇپ تۇرايلى، كوچىغا چىقساقمىغۇ بولاتتى، ئەمما يەنىلا ئۆي تامىقى يەيلى، قانداق؟

- ماقۇل.

مەسۇم كۆكتاتلارنى يۇيۇپ تازىلىغاچ كورەش بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

- ئۇكام، «مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن، ئەمدىغۇ بۇرنۇڭغا سۇ كىرگەندۇ. ئادەم دېگەن بىر قېتىم زىيان تارتقان ئىشنى ئىككىنچىلەپ تەكرارلىماسلىقى لازىم. ئادەم بۇ دۇنياغا كەلگەنىكەن، چوقۇم جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەم بولۇپ ھاياتىدىن بىرەر ئىز قالدۇرۇشى كېرەك، سەن بۇنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟

- ئاكا، گەپلىرىڭىز توغرا، ئەمما جەمئىيەت شۇنداق قىلىشىمغا شارائىت بەرمىدىغۇ؟ ئىز قالدۇرارمەنمىكىن دەپ ئوقۇغانىدىم، ئەمما ئۇ ئىزنى نەگە قالدۇرۇشۇم كېرەك؟ ئوقۇغىنىمغا تۇشلۇق ھېچكىم مېنى خىزمەتكە ئالمىدىغۇ؟

- ياڭيۇنى نېپىزرەك ئاخلا، يېرىمىنىلا ئېلىۋەتتىڭغۇ!...

- بولدىلا، ئاخلىيالمايدىكەنمەن.

- سېنىڭ بارلىق تراگېدىيەڭنىڭ نېگىزى مانا مۇشۇ يەردە. ھازىرقى زاماندا بۇنداق شارائىتنى جەمئىيەت بەرسۇن دەپ كۈتۈش، كۈتۈپ - كۈتۈپ بەرمىسە ئۆزىنى تاشلىۋېتىش...

مەسۇم بۇ گەپنى چىقىرىشى ھامان، كورەشنىڭ چىرايىدا ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل يىرگىنىش ئىپادىسى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپنى دەرھال باشقا ياققا بۇرىدى:

- بۇ قېتىم مەن ھەدەڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، ساڭا ئىككى مىڭ يۈەن دەسمى سېلىپ بەرسەك بىر كىچىك ئاشخانا ئاچ، بارلىق رەسمىيەتلەرنى مەن يول مېڭىپ بېجىرىپ بېرىمەن، سەن دېگەن ئىقتىساد ئۆگەنگەن، بۇ ئىشنى چوقۇم يۈرگۈزۈپ كېتىسەن. قانداق؟

- مەن شۇنچە ئوقۇغان ئادەم ئەمدى كېلىپ ئاشخانا ئېچىپ يۈندا پۇرۇشلۇق قىلامدىم؟

- مۇشۇنداق ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. مەنمۇ يىگىرمە يىللىق ئوقۇتقۇچى، ئالىي ئۇنۋانىم بار، ئەمما يەنىلا دوسكىدىن ئايرىلىپ مەكتەپ ئىگىلىكى تىكلەپ كارخانىچى بولۇپ قالدىمغۇ؟ مېنىڭچە ئاشخانا ئېچىپمۇ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ، ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەم سودا - سانائەتچى بولسا تېخىمۇ گۈل - گۈلىگە كەلگەن بولىدۇ. كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ جەمئىيەتكە قاراپ باق، ھازىر بىلىم ئىگىلىرىدە پۇل كەم، پۇل ئىگىلىرىدە بىلىم - مەدەنىيەت كەم، مانا بۇنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆرۈش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئويغاق ئەقىل بولۇشى كېرەك، سەن بولساڭ ئەقلىڭنى كۆيدۈرۈپ، ئىس - تۈتەكە مەستخۇش بولۇپ يۈرۈۋاتىسەن. سەن بىلەن بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئۇ ئەمەس. ئۇكام، بېشىمىزنى سىلكىۋەتمىسەك بولمايدۇ. بىزدە مەدەنىيەت بىلەن پۇل ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق ئېغىر. مەدەنىيەتسىز، مەينەت ۋە قالاق كاۋاپچىلار ئوقۇغان، ئەخلاقلىق، ئاپئاق خالاتلارنى كىيگەن مەدەنىيەتلىك كاۋاپچىلارغا ئايلىنىشى لازىم. ئوقۇمىغان، ئەمما سىمسىز تېلېفونلارنى كۆتۈرۈپ، شەخسىي پىكاپلارنى ھەيدەپ مىليون - مىليون كويلۇق سودا - تىجارەت قىلىۋاتقان بايلار بىلىملىك، ئېلېكترونلۇق مېڭىلەرنى ئىشلىتىدىغان، دۇنياغا يۈزلەنگەن، ئىنگلىز، رۇس، فرانسۇز تىللىرىنى سۇدەك بىلىدىغان، مەدەنىيەتلىك بايلارغا ئايلىنىشى كېرەك، سەن

ئەنە شۇنداق مەدەنىيەتلىك ئاشخانىچى بولساڭ، ئەقىل - ئىدرىكىڭنى شۇنىڭغا سەرپ قىلساڭ تەرەققىي قىلىپ ئاشخانىچىلىقتىن رېستورانچىلىققا كۆتۈرۈلمەمسەن، يۇرتىمىزدىن دۇنياغا يۈزلەنمەمسەن، يەنە باشقا يوللارنى ئاچمامسەن. بىزنىڭ باشقىلاردىن نەرىمىز كەم؟ باشقىلار قىلغاننى بىز نېمە ئۈچۈن قىلالمايمىز؟

ئۇلار شۇ تەرىقىدە مۇڭداشقاچ قورۇمىلارنى تەييارلاپ بولدى، خاتىمە كەلمىگەندىن كېيىن لەغمەننى ئۆزگەرتىپ گاڭپەن قىلىۋەتتى، تاماق پىشقاندىن كېيىن بىرھازا كۈتۈپ بېقىپ ئاخىرى بولماي تاماقنىمۇ يەپ بولدى. خاتىمەنىڭ تاماقنى ئېلىپ قويۇپ تېلېۋىزور كۆردى. كۈزنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، كەچكە يېقىن تالادا كۆڭۈلسىز شامال چىقىپ ھاۋا سوغۇقلا بولۇپ قالدى، شامال بىرئاز پەسەيگەندىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇشقا باشلىدى. مەسۇم گەرچە كۆرەشنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىۋالغىنىدىن كۆڭلى بىرئاز تىنغاندەك بولسىمۇ، ئەمما بىر ئىشنى زادىلا خىيالىدىن نېرى قىلالمىدى. خاتىمەنىڭ بۈگۈنمۇ بۇ ۋاقىتچە قايتىپ كەلمەسلىكى ئۇنىڭ ئەمدى ئەرلىك غۇرۇرىنى قىيناشقا باشلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىنغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەسۇم ئىختىيارسىزلا تام سائەتكە لىپپىدە بىر قارىدى، سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى ئوننى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

مەسۇم ئاياغلىرىنى قېقىپ بىر-بىر قۇر تازىلىغاندىن كېيىن «مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى» دېگەن تاختا ئېسىلغان ئىشخانىسىغا كىردى. تالادا ھاۋا ئىنتايىن ناچار بولۇپ كېچىچە قار ئارىلاش يامغۇر ياغقاچقا بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ گاھ كۈن ئېچىلىپ، گاھ تۇتۇلۇپ تۇراتتى. قار چالا ئېرىگەچكە ھەممىلا يەر مىلىچلاپ كەتكەنىدى، ئادەتتە ئاياغلىرىنى توپا قوندۇرماي، كۈندە مايلاپ يۈرىدىغان كىشىلەرمۇ ئايىغىنى پاكىز تۇتۇشقا ئامالسىز قالغانىدى. كەچ كۈز پەسلىنىڭ ئەڭ كۆڭۈلسىز كۈنلىرى مانا مۇشۇ بولسا كېرەك...

مەسۇم يامغۇر چاپىنىنى سېلىپ كېيىم ئاسقۇچقا ئېلىپ قويغاندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۆيدە يۈز بەرگەن ئۈن - تىنسىز كۆڭۈلسىزلىكتىن كۆڭلى غەش بولغان ھالدا ئاغزىغا بىر تال كەمپۈت سالدى. بۇ ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى كۈنۈپ قالغان ئادىتى ئىدى، بىر-بىر ئىشقا ئىچى پۇشسىلا يانچۇقىدا ھەر زامان تەييار تۇرىدىغان كەمپۈتنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى. شۇ ئەسنادا ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ غالىپ كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، مەسۇم بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ بۇ ئىشخانىدا دائىم ئۆزى يالغۇز ئىشلەيتتى، چۈنكى مەسۇم زاۋۇتتا ۋە سىرتلاردا تولا يۈرگەچكە ئىشخانىغا كۆپ كەلمەيتتى.

- سالامۇئەلەيكۇم، مەسۇم ئاكا، ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟- دېدى ئۇ خورۇم چاپىنىنى سالغاچ.

- شۈكرى، يامان ئەمەس.

- بۈگۈن مائارىپ ئىدارىسى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمىدىن ئادەم كېلىپ يىغىن ئاچقۇدەك.

- ئۇقتۇم.

شۇ تاپتا ئىشخانىنىڭ ئىچىنى ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن مەسۇمنىڭ سېزىمچان بۇرۇن ياللۇغى قوزغىلىپ توختىماي چۈشكۈرۈشكە باشلىدى.

- مەن كىرىپلا چۈشكۈرۈپ كەتتىڭىزغۇ، ئەتىر پۇرىقى تەسىر قىلامدۇ - يا؟

- ياق، ئەتىگەندىن بېرىلا چۈشكۈرۈۋاتىمەن،- دېدى مەسۇم ئىختىيارسىزلا راست گەپ قىلماي. ئۇنىڭ غالىپ بىلەن زادىلا پاراڭلاشقۇسى كەلمەيتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرسىلا ئۆزىنى ئەركىن تۇتالمايتتى. شۇنچىلىك داڭقى چىققان ناچار سىنىپلارغا دەرسكە كىرىپ ئۆزىنىڭ تەبئىي سۈرى بىلەن ئۇلارنى يېپتەك قىلىۋەتكەن، دادىللىق بىلەن ئاتلىنىپ ئىگىلىك يارىتقان، چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا تەمتىرىمەي سۆزلەپ ھەممىنى قايىل قىلغان، خېلى نازۇك مەسىلىلەرنى لايىقىدا، ئەپچىل ھەل قىلىدىغان مەسۇم ھەر قېتىم غالىپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ئەنە شۇنداق ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى.

شۇ ئەسنادا مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئۇلارنى يىغىنغا چاقىردى. مەسۇم چۈشكۈرگىنىچە يىغىن زالىغا كىردى. ئۇ كەلگەن رەھبەرلەر بىلەن سالاملاشتى - دە، بىر جاي تېپىپ ئولتۇردى. مەسۇمنىڭ خىيالى

ئاللىقاياقلاردا پالاز قاقاتتى، پىكرى زادىلا بىر يەردە ئەمەس ئىدى. مۇشۇ بىر يىل مابەينىدە ئۇ مۇشۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ كەلمەكتە ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن بەزىدە پىكىر - خىياللىرىنى زورىغا بولسىمۇ يىغىۋالاتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىرەر ئىش تەسىر قىلاتتى - دە، يەنە مۇشۇنداق خىيالنى يىغىۋالالماس ھالەتكە كېلەتتى. ئاخشام خاتىمەنىڭ يەنە يالغان سۆزلىشى ئۇنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانىدى. «ھازىرغىچە كۇتۇپخانىنى ئاچتىم، ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ كىردى، قوغلاپ دېگۈدەك ئاران چىقىرىۋېتىپ قايتىپ كەلدىم، قاراڭ» . بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەسۇمنىڭ پېشانىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئاخشام مەسۇم لەغمەننى گاڭپەنگە ئۆزگەرتىدىغان چاغدا خاتىمە كەلمىگەندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ قورۇ ئىچىگە جايلاشقان بۇ كۇتۇپخانىنىڭ دېرىزىسىگە قارىغان، چىراغلار پۈتۈنلەي ئۆچۈك ئىدى. شۇنىڭدىن دەل بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن خاتىمە ئۆيگە كىردى. بۇ يالغانچىلىق مەسۇم ئۈچۈن چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەم بولدى. ئاخشام ئۆيدە جېدەل بولمىدى، ئۇرۇش چىقمىدى، پەقەتلا خاتىمەنىڭ يۈرىكى پوك - پوكلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىنىسىغا سوغۇقلۇق بىلەن قىلغان تەنبىھىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچكىم ھېچكىمگە ئۈن چىقمىدى...

يىغىندا نۇرغۇن گەپلەر بولدى، غالىپ مۇئاۋىن مۇدىرلىقتىن مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلۈپتۇ، يەنە قانداقتۇر ئىككى ياش ئوقۇتقۇچى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلۈپتۇ، مەسۇم ئۆز جايىدا قاپتۇ. غالىپنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىغا بولغان مەدھىيىلەر، يۇقىرىنىڭ يېڭى رەھبەرلىكتىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى، ئوقۇتۇش جەھەتتە ۋە مەكتەپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر تىزىلىپ، ئىرادىلەر بىلدۈرۈلۈپ يىغىن ئاخىرلىشاي دېگەندە كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى چاچلىرىنى موزايغا يالاتقاندەك سىپسىلىق قىلىپ يېپىشتۇرۇپ تارىۋالغان، قېلىن كۆزەينەكنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان كۆزلىرىنىڭ قانداق ئىپادىلەردە بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان، يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان بىرەيلەن نۇرغۇن تەكەللۇپ گەپلەرنى قىلدى، مەسۇمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ھېچقانداق مۇددىئا - مەقسەت ئۈچۈن ئەمەس، ياكى بىرەر مەسىلىنىڭ بارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى خىزمەت تەرتىپى بويىچە زاۋۇت مالىيەسىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ نورمال خىزمەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا مەسۇمنىڭ بۇنى توغرا چۈشىنىپ تەكشۈرگۈچىلەرگە ماسلىشىشىنى . . . يەنە قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى دېدى. . . مەسۇمنىڭ كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمەيتتى، كۆكرىكى سىقىلىپ نەپىسى قىيىنلاشقاندەك قىلاتتى، كاللىسىدا بىردەم يالت قىلىپ زاۋۇتنىڭ ئىسكىلاتىدىكى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق سىرلاپ تىزىپ قويۇلغان گېنېراتورلار پەيدا بولسا، يەنە بىردەم قۇرماقچى بولۇۋاتقان ياغاچچىلىق زاۋۇتى پەيدا بولاتتى، بىردەم غالىپنىڭ يىرگىنىشلىك چىرايى پەيدا بولسا، يەنە بىردەم خاتىمەنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق ۋە مۇغەمبەر چىرايى پەيدا بولاتتى، بەزىدە بۇ ئىككى چىراينىڭ ئارقىسىدىكى مەنزىرە بىر - بىرىگە ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنەتتى. . . يىغىن تۈگىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىكى بىر كۈز كۈنىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر يىغىن ئېچىلغان، ئەمما يىغىندا مەدھىيىلەنگەن شەخس مەسۇم ئىدى، مەكتەپتە مۇدىر بولمىغاچقا مەسۇم خىزمەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل ئىدى، شۇ يىغىندا غالىپ مەسۇمنىڭ تەكلىپى بويىچە مۇئاۋىن مۇدىرلىق خىزمىتىنى ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغانىدى.

ئاشۇ يىغىندىن كېيىن مەسۇم يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ مەكتەپ ئىگىلىكىنى تىكلەشكە چۈشكەنىدى. پۇرسەتمۇ شۇنداقلا كېپقالغان، شۇ قېتىم مەسۇم ئىچكىرىگە پويىزدا يىغىنغا كېتىۋېتىپ H شەھىرىدىن ئۇرۇمچىگە خىزمەت بىلەن كېلىپ قايتىپ كېتىۋاتقان يەن ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ كىشى ئۆزىنىڭ قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تەقدىرىگە بەك قىزىقىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا ماھىر مىللەتلا بولۇپ قالماي، خېلى ئۇزاق تارىختىن بۇيان بازار ئىگىلىكى ئېڭىغا باي بىر

uyghurkitap.com

مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى. . . كۆيۈپ - پىشىپ سۆزلىگەندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

- بۇ قېتىم بىرەر ئىش قىلارمەن دەپ شۇنچىلىك زور ئۈمىد بىلەن كېلىپ ئۇنىڭدىنمۇ زور ئۈمىدسىزلىك بىلەن قايتىۋاتىمەن. مەن ئەسلىدە ئۇيغۇرلار بىلەن كەڭ - كۇشادە تونۇشۇپ ئاغىنىدارچىلىق تىكلەپ كېتەي دېگەن بولسامۇ، ئەمما بەختكە قارشى مەن ئالاقىلاشقان بىرقانچە ئورۇندا ئۇيغۇرلار يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراش - تېنەش بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قۇرۇق قول قايتىپ كېتىۋاتاتتىم. سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىم ناھايىتى ياخشى بولدى.

يەن ئەپەندى H شەھىرىدىكى بىر يىزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ باش ئىنژېنېرى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنى كۆزىتىشكە كەلگەن، ئۇلارنىڭ زاۋۇتى بىر خىل كۆپ ئىقتىدارلىق مىكرو گېنېراتور كەشىپ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چەت - ياقا تاغلىق يېزىلار ۋە قىشلاق، يايلاقلاردىكى توك بارمايدىغان يەرلەردە ئېھتىياجغا قاراپ توك چىقىرىپ سۇ تارتقىلى، يورۇقلۇق بەرگىلى بولىدىكەن، تەننەرخى ئەرزان، ئېنېرگىيە سەرپىياتىمۇ تۆۋەن ئىكەن. بۇ مەھسۇلاتنىڭ بارلىق زاپچاسلىرىنى يەن ئەپەندىنىڭ زاۋۇتى ئىشلەپچىقىراتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە شىنجاڭدىكى ئېھتىياج 6 مىڭدىن 10 مىڭ دانىغىچە بولىدىكەن، ئاز ھېسابلىغاندىمۇ يىلىغا 2 مىڭدىن تەمىنلىسە ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدىكەن. مەسۇم ئۆزى تازا تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان بۇ گەپلەرنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى، بىر خىل يېڭى ئوي - پىكىر ئۇنى ئەسىر قىلىۋېلىۋاتاتتى. بۇلار بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ ئىگىلىكىدىكى قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرساق، ھەر يىلى ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتىدىغان قىسمىنى بۇ يەردە قۇراشتۇرساق، ھەر بىر دانىسىدىن 30 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە پايدا قالسا. . . بىر مەكتەپ ئۈچۈن بىرقانچە ئون مىڭ يۈەن دېگەن جىق پۇل ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، مەكتەپ روناق تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، مەبلەغ لازىم بولسا يۇقىرىدىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىدۇ، بۇنىڭ مەخسۇس رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىمۇ بار.

- يەن ئەپەندى، مەن بىر كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، شىنجاڭدا سېتىلىدىغان ئاشۇ گېنېراتورلارنى بىز قۇراشتۇرساق، سىلەرنىڭ ئۇ يەردە ئەمگەك مۇلازىمىتى بەك قىممەت بولغاچقا ۋە يەنە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەننەرخى ئۆسۈپ باھا يۇقىرىلاپ كېتىدۇ، مەن ھېلى كاللامدا بىر ھېساب قىلىپ باقتىم، ئەگەر زاپچاسلارنى شۇ پېتى كەلتۈرۈپ بۇ يەردە قۇراشتۇرساق، كىرا ھەقلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ سىلەرنىڭ شەھەردە قۇراشتۇرغاندىن ئەرزان توختايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باج كەچۈرۈمى، ئۆسۈمسىز قەرز قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن مەكتەپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بەھرىمەن بولىدۇ، بۇلارمۇ باھانىڭ تۆۋەنلىشىگە، پايدىنىڭ كۆپىيىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار. . .

بۇ گەپلەر يەن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىگە شۇ قەدەر ياقتىكى، ئۇ مەسۇمنىڭ قوللىرىنى قاتتىق سىقىپ ھاياجىنىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى:

- بارىكاللا، يىگىت، مەن سىلەر ئۇيغۇرلارنى سودا - سېتىققا ماھىر دەپ بىلەتتىم، قارىغاندا سىلەر سانائەت ۋە كارخانىچىلىققىمۇ ماھىر ئىكەنسىلەر، بولدى پۈتۈشتۇق ئەمىسە. . .

- يەن ئەپەندى يەنە بىر گەپ، بىزنىڭ مەكتەپ تېخى سىلەرنىڭ زاۋۇتىنىڭ بىزنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا مەبلەغ قوشساقمۇ بولىدۇ، 100 مىڭ يۈەن چىقىرىپ قۇراشتۇرۇشقا كېتىدىغان ئاددىي ئۈسكۈنىلەر، تېخنىكا ماتېرىياللىرى ۋە زاپچاسلارنىڭ ھەققىنى ئالدىن تۆلىسەك، زاۋۇت - سېخ ئۈچۈن ئۆيلەرنى بىزنىڭ مەكتەپ تەييارلىساق، بۇلارنىمۇ قىممەتكە سۇندۇرۇپ مەبلەغ قاتارىدا قوشساق، بۇ ھەقتە بىر مۇددىئانامە تۈزۈشۈپ قويساق، بۇ قېتىم مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

سىلەرنىڭ زاۋۇتىڭىزنى بىر كۆرسەم. . .

- مەسۇم، ئاغىنە، شۇنداق قىلمامدىغان، مەن ساڭا قايىل بولدۇم، بۇ ئىشنى چوقۇم باشقا چىقىرىمىز، بارغاندىن كېيىن مەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشۈپ ساڭا كاپالەتنامە ئېلىپ بېرىمەن، ھازىر ئالدامچىلار بەك جىق، ئۇلار بىزدەك ئاق كۆڭۈل، سادىق ياخشى ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنىمۇ يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋەتتى. بولدى ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى، يۈر، پويىز ئاشخانىسىدا راسا كېلىشتۈرۈپ بىر تاماق يەيلى، مەن مېھمان قىلىمەن، زاۋۇت ئورنىنى قانداق ھەل قىلماقچى؟

- تازا يوغان بىكار سىنىپتىن ئىككىسى بار، تاراق - تۇرۇق نەرسىلەر قويۇلۇپ ئىسكىلات قىلىنغان، بىرىنى قۇراشتۇرۇش سېخى، يەنە بىرىنى ئىسكىلات قىلىمەن. . .

ئۇلار ئىچەكىشىپلا كەتتى، ئۆزئارا چۈشىنىشكەنسېرى بىر - بىرىگە بولغان ھۆرمىتى ئاشاتتى، ئۇلارنىڭ ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك سەپەر جەريانىدىكى سۆھبىتى قىزغىن ۋە ئوڭۇشلۇق بولدى.

. . . . . .

مەسۇم قايتىپ كېلىپلا يۇقىرىغا بۇ ھەقتە كونكرېت دوكلات قىلدى، غالىپنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈپ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تۇتقۇزۇش، مۇۋاپىق بىر نامزات چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا زاۋۇتنى ئۆزى قورۇپ ماڭغۇزۇپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تەكلىپلەر يۇقىرىنىڭ مەكتەپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئادەم تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىتىش، مەكتەپلەرنىڭ، جۈملىدىن پۈتكۈل مائارىپنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئورنىنى بېكىتىش روھىغا ئۇيغۇن بولغاچقا ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەستىقلاندى. ھېلىقى بىر كۈز كۈنىدىكى يىغىن مانا مۇشۇ يىغىن ئىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مەسۇمنىڭ خىزمىتىدىكى، تۇرمۇشىدىكى ۋە ئائىلىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلىرى ھەتتا دەرد - ئەلەملىرى باشلىنىپ بىرقانچە يىللىق ئاسايىشلىق تۇرمۇش قۇرلىرىغا چېكىت قويۇلدى.

- خاتىمە جېنىم، خويمۇ سېغىندىم سىزنى، ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولماس، ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك يېنىڭدىلا چۆرگىلەپ يۈرسە، ئەمما ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتالمىساڭ، يەنە كېلىپ مېنىڭ جېنىمنى ئېلىپ يېنىمدا قويغۇدەك بېقىشلىرىڭىزچۇ تېخى، ئۇنى ئەتراپىمدىكى ھېچكىم سەزمەيدۇ، پەقەت مەنلا سېزىمەن، مېنىڭ دىلىم سېزىدۇ، ئەمما ئۇمۇ ماڭا بىر ئازاب، مەن سىزنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىڭىزغىلا ئەمەس، بەلكى جىسمىڭىزغىمۇ موھتاجمەن، ئوخشىغان لەززەتلىك شاپتۇلنى كۆرۈپ تۇرۇپ يېيەلمىگەندىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولارمۇ. . . مۇشۇ ھالىتىمىز مەڭگۈ داۋاملاشسا، ھېچكىم بىزگە كاشىلا قىلمىسا دەيمەن، قانداقتۇر بىر كىتابتىن ئوقۇغان بىر سۆز يادىمغا كېلىۋاتىدۇ: «سۆيگەن يارنى تاپقاندا تاڭ ئاتماس كېچە بولسا، غېرىبسىنىپ ياتقاندا كېچە بولماي تاڭ ئاتسا» . . .

- خوتۇنىڭىزغىمۇ مۇشۇ گەپلەرنى ئوخشاپلا ئوخشاش دەيدىغانسىز. . .

- پاجىئە مانا مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دائىم مەن بىلەن بىللە، ئەمما ئۇنىڭغا زارىقىش تۇيغۇسى مەندە يوق، تەشنا بولغان نىگارىمغا يېتەلمەيمەن، تەشنا بولمىغان بىلەن كۈندە بىللە، بۇ پاجىئە ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئىككىمىز ۋىسال قولۇقىدا بىللە ئۇزەلىسەك. . .

- قويۇڭ بۇ گېپىڭىزنى، مەن قانچە قېتىملاپ دېدىمغۇ. . . سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ قولۇقىدا ئۇزىسىز، مېنىڭمۇ ئۆز قولۇقىم بار.

- مۇشۇ گېپىڭىززە قۇلاققا زادىلا ياقمايدۇ. . .

- بۇ راست گەپ بولغاچقا قۇلاققا خۇشياقمايدۇ، خۇشياقىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان گەپلەر، ئۇنداق تاتلىق ئەمما يالغان گەپلەرنى مەن كۆپ ئاڭلىغان. . . ئۆزۈممۇ ئاشۇ تاتلىق گەپلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئەسىر بولۇپ قالغان.

خاتىمە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بايىلا ئىپادىلىگەن چوڭقۇر مۇھەببەتلىك قاراشلىرىدىن، يالقۇنلۇق تەلپۈنۈشلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئۇ تېخى بايىلا غالىپنىڭ قۇچىقىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گويا قاتتىق قىزدۇرۇلغان پولات قاچىغا قويسا ئېرىپ كەتكەن قوغۇشۇندەك، غالىپ تەييارلىغان ھەر خىل قېلىپلارغا چۈشۈپ قانداق شەكىل تەلەپ قىلسا شۇنداق شەكىلگە كېلىپ بەرگەنىدى، ئۇ ئۆزى ھېلىغىچە بۇنچىلىك يالقۇنلۇق مۇھەببەت خامۇشلۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مەسۇمگە قىلىنىۋاتقان خىيانەتنى تۇيەيلىدىن ئازابلانسىمۇ، ئەمما ئۆزىچە يىمىرىلمەس ئاساس دەپ قارىۋالغان بەزى باھانىلىرىنى قالقان قىلىپ بۇ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى كەچۈرۈۋېتەتتى. بايا «قولۋاق» نىڭ گېپى چىققاندا ئۇ قاتتىق خاپا بولۇپ غالىپنى سىلكىۋەتتى، چۈنكى ئۇ مەسۇمنىڭ مۇشۇ ئائىلىنى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى، يېشى قىرىققا كەلمەي تۈرۈپ چاچ - ساقاللىرىغا تەكشى ئاق كىرىپ كەتكەنلىكىنى، پۈتۈن زېھنىنى خىزمەتكە بېغىشلاش يولىدا تارتقان روھىي ئازابلىرىنى، ئىككى بالىنى بېقىپ قولدىن چىقارغىچە ئائىلە ئېغىرچىلىقلىرىنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ جاپادا ۋە ھالاۋەتتە ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بولغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن «قولۋاق» ئالماشتۇرۇشنى چىن كۆڭلىدىن خالىمايدۇ. ئەمما مەسۇم ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلىيالمايدۇ، ئازراقلا بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە جىم بولۇۋېلىپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، بىرنەچچە كۈنلەپ ئۈنچىقمايدۇ، قاچانلا قارىسا خىزمەت - خىزمەت دەپ ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ كەچ قايتىدۇ. ئايلاپ - ئايلاپ كاماندىروپكىدا يۈرىدۇ، بۇ ئائىلىنى يۈرۈشتۈرمەك ئۈنىڭ ئۈچۈن ئوڭايمۇ؟ ئەمدىلەتىن راھەتلىنىپ تۇرمۇشنىڭ بىرنەچچە يىل بولسىمۇ خوۋلۇقىنى كۆرىدىغان چاغدا ئۇ مۇشۇنداق بولۇۋالسا بۇ نېمىدېگەن ئازاب، ئۇمۇ ئايال كىشى - دە! بوپتۇ، ياشلىقىمىزنىڭ ئالتۇندەك دەۋرلىرىنى خىزمەت، بالا بېقىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇق، ئەمدى باللار بىر قۇر قولدىن چىقىپ، خىزمەتمۇ بىر قېلىپقا چۈشكەندە ئۇ يەنە قانداقتۇر يېڭىلىقلارنى پەيدا قىلىپ بىر ئوبدان مەكتەپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىمەي مەكتەپ ئىگىلىكى قۇرىمەن دەپ شۇڭغۇپ كىرىپلا كەتتى. ئەمدى مۇنۇ غالىپچۇ؟ ئورنىدا مەزمۇت ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئاسراپ، خوتۇن - باللىرىنى رازى قىلىپ ئۆتۈۋاتىدۇ، يەنە يېقىندا مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلمەكچى، مەكتەپ مۇدىرى... بۇ ئورۇن ئەسلى مەسۇمنىڭ ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەيمەن، دۆلەتنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىمەن دەپ مەكتەپ ئىگىلىكى قۇرۇپ ئورنىدىنمۇ قۇرۇق قالدى، ئۇنى ئاز دەپ يەنە بىرمۇنچە پېشكەللىكلەرگىمۇ دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇنداق چاغدا مەن «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك يەنە... خاتىمەنىڭ كۆڭلى زىددىيەتلىك خىيال ئاسارىتىدە ئازابلىناتتى. مەسۇمنىڭ سىماسى كۆز ئالدىغا تىكىلگەندە ئۆز خىيانىتى ئۈچۈن توۋا قىلىپ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش خىيالىغا كېلەتتى، غالىپنى كۆرگەندە بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئىشقىۋازلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈش خىيالىغا كېلەتتى.

- ئوماق جېنىم، ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىزچۇ، بىللە بولمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇڭ، مەن ئۆيدىكىنى چوڭ ئۆيگە يولغا سېلىپ قويغان، بۈگۈن ئاخشام كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سائەتمۇ توققۇز يېرىم بولۇپ قالدى.

غالىپ ئاشخانىدىن بىر چەينەك چاي، توخۇ كاۋىپى ۋە ئاللىقانداق يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

- چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز، بۈگۈن ئۆيدە مەسۇم بار، ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ كەتمىسەم بولمايدۇ، ھېلىمۇ گۇناھقا بوينۇم بىلەن تەڭ پاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى مەسۇم بەزى ئىشلارنى سەزگەندەك قىلىدۇ، قورقۇۋاتىمەن.

- قورقۇش كەتمەيدۇ، جېنىم، ئۇيەر - بۇيەردە بىر - ئىككى قېتىم ئوچۇق - ئاشكارا تۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ كۈنلىكى تۇتقاندۇ، ئەتىمالىم. چوڭ ئىش يوق، بۇنداق ئىشلارغا پاكىت كېرەك.

- ئۆزىڭىز ئوچۇق سورۇنلاردا ۋە بىللە بارغان توي - تۆكۈنلەردە دائىم تارتماڭ دەپ تۇرسام مېنى تانسىغا تارتىپ ئۇنىمايدىكەنسىز، بۇلارمۇ گۇمان قىلدۇرمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە

بۇگۈن مۇشۇچاغقىچە ئىككىمىز بىللە ئولتۇرساق، كەچتە ئۆيگە بارغاندا نېمە دەيمەن؟

– ئۇنىڭغىمۇ دەيدىغان گەپ چىقىپ قالار، كۆتۈپخانىنى ئاچتىم دەڭ، مەن ئېيپى كەلگەندە بۇنى ئەپچىللىك بىلەن ئىسپاتلاپ قويىمەن.

– يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، مەن ماڭاي. . .

– توختاڭ خاتىمە، كۇرەشنىڭ ئىشىمىزە، ھەممە ئادەمگە بالا تېپىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، يېقىندا بەزىلەر بىرلىشىپ پاش قىلىش خېتى يېزىپتۇ. يۇقىرىدىن بۇنى تەكشۇرمەكچى، بۇنى يۇقىرىدىكى بىر مۇناسىۋەتلىك باشلىق ماڭا دېدى، ئاساسەن ئىقتىسادىي مەسىلە، زاۋۇتنىڭ مالىيەسى ئېنىق ئەمەس، پارا يېدى، كۇرەشنىڭ خروئىن چېكىشىنى زاۋۇتنىڭ پۇلى بىلەن تەمىنلىدى دېگەندەك گەپلەر بار ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇلار ئۆسەك گەپلەر، يېقىندا زاۋۇتنىڭ مالىيەسى تەكشۇرۇلمەكچى، مېنىڭچە تەكشۇرسىلا ئېنىقلىنىدۇ، ئەمما كۇرەشنىڭ ئىشىزە، ئىشقىلىپ ئۇ ئاداشنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بولدى، ئۇ باشلىق يەنە مەن بىلەن باشقا ئىشلارنىمۇ سۆزلەشتى، ھى- ھى- ھى، ماڭا يۇقىرىنىڭ تولۇق ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇۋاتىدۇ، قارىغاندا. . .

خاتىمە چاي ئىچىۋاتقان پىيالىسىنى ئۈستەلگە جاققىدە قويدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قەلبى ئۆزى قىلغان خىيانەتتىن ئۆزىگە قايتقان بىر خىل ھاقارەت ھېسسىياتىدا ئۆرتەندى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن بىر خىل غەزەپلىك ۋە ياشقا تولغان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن غالىپقا تىكىلگىنىچە دېدى:

– سىز مېنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغىنىڭىزنى ئاز دەپ ئەمدى ئۇنىڭ مۇرىسىنى دەسسەپ يۇقىرىغا ياماشماقچى بوپسىز - دە! ياخشى، سىزدەك ئادەمنىڭ قولىدىن پەقەت مۇشۇنداقلا ئىش كېلىدۇ، سىزنىڭ بۇ ۋىجدانسىزلىقىڭىزغا بارىكاللا!

– بۇ نېمە دېگىنىڭىز سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن مۇشۇنداق مەخپىي ئىشلارنى سىزگە ئاشكارىلاۋاتىمەنغۇ؟ بۇ گەپلەرنى ئۇدۇل كەلگەن ئادەمگە دېگىلى بولاتتىمۇ؟ سىز مېنى چۈشەنسىڭىزچۇ!

– چۈشىنىمەن، تازا ئوبدان چۈشىنىمەن، مەن سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە كىيىپ - كىيىپ زېرىككەندە يۆتكەيدىغان باشقا بىر كىيىملا خالاس، قانداق، توغرا دېدىممۇ؟ ماڭا دېگەنلىرىڭىز سىزنىڭ ئىشتىھارىڭىزنى قاندۇرغانلىقىمغا تۆلىگەن بەدىلىڭىز، ئەلۋەتتە. . .

ئۇ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان غالىپقا تىكىلىپ تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى دەۋەتكەندىن كېيىن تەخىرسىز ھالدا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە كىيىم ئاسقۇچتا ئېسىقلىق تۇرغان سومكىسىنى ئالدى، بۇ چاغدا دەل تىكىلمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان خاتىمە ئەينەكتىن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالغان غالىپنىڭ ئەكسىنى كۆردى، ئۇ ئاغزىدا بىر پارچە توخۇ گۆشىنى چىشلىگىنىچە قېتىپ تۇراتتى. خاتىمە ئىشىكنى قاتتىق يېپىۋېتىپ ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ بايا دەۋەتكەن گەپلىرىنى ئەسلىدى، غالىپنىڭمۇ ئۆزىگە نىسبەتەن ئوخشاشلا شۇنداق «كىيىم» ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ كۆز يېشى تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ھاپىلا - شاپىلا تۇزەشتۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپ كىردى، بۇ چاغدا مەسۇم بىلەن كۇرەش تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. سائەت ئىستىرېلكىسى دەل ئوننى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مانا بۇ مەسۇم بىر كۈنلۈك ئىشنى تاشلاپ كۇرەشنى تۇرمىدىن ئېلىپ چىققان كۈنى ئاخشىمى بولغان ئىش ئىدى.

مەسۇم ئىشخانىغا كىرگەندە غالىپ كېلىپ بولغانىدى. ئۇ مەسۇمگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ سالام قىلغاندىن كېيىن ئۇدۇللا دېدى:

– مەسۇم شياۋجاڭ، تەكشۇرۇش گۇرۇپپىسىدىكىلەر تەكشۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. قارىغاندا تىلغا ئالغۇچىلىك بىر ئىش يوق ئوخشايدۇ، مەنمىغۇ ئۆز ۋاقتىدىلا دېگەنىدىم، ئۇلار «بۇ نورمال تەكشۇرۇش» دېدى، ئۇلار رەھبەرلىكنىڭ يوليورۇقى بويىچە بۇگۈن نەتىجىسىنى ئېلان قىلغۇدەك.

مەسۇم بۇ گەپلەرنى بىپەرۋا ھالدا ئاڭلىدى. غالىپنىڭ ئۆزىنى «شياۋجاڭ» دەپ ئاتىشى ئۇنىڭ غۇززىدە ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ كىرگىچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشخانا ئىشكىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىگە ئېسىلغان «مۇئاۋىن مۇدىر ئىشخانىسى» دېگەن تاختىنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ ئۆزىنى ئىشخانىدىن قوغلاش بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى، «مۇدىر ئىشخانىسى» دېگەن تاختىنىڭ ئۇزۇنغا قالمايلا ئېسىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى، ئەمدى مۇنۇ مەلئۇننىڭ خەنزۇچە ئۆلچەملىك ئاھاڭدا سوزۇپ «شياۋجاڭ» دەپ يۇرگىنىنى قارا، بۇ مەسخىرە بولماي نېمە؟ ئۇ ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دېدى - يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، يانچۇقىدىن بىر تال كەمپۈت ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ تۆت - بەش ئادەم بىر سالاپەتلىك رەھبەرنىڭ يېتەكلىشىدە كىرىپ كەلدى، غالىپ ئىتائەتمەنلىكىنى زىر - زەۋەرلىرىگىچە تولۇق ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى ئىچىدە ھېلىقى رەھبەرنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا باشلاپ ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى قالغانلار بىلەن كرېسلودا ئولتۇردى.

كەلگەنلەر تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى نۇرغۇن پەدەزلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى قوشۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. خىلمۇخىل مېھمان كۈتۈش خىراجىتى، خىلمۇخىل ئورۇنلارغا تاپشۇرۇلغان ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ئىئانىلەر، مەبلەغ توپلاش، پۇل يىغىشلارغا قىلىنغان چىقىملار، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بېرىلگەن پاراۋانلىق قاتارلىقلارنىڭ بىرئاز كۆپرەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەنلىكى ئىسپاتلاندى. يۇقىرىقى چىقىملارنىڭ ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا نورمال ھادىسە ئىكەنلىكى قەيت قىلىندى. مەكتەپ ئىگىلىكى بولغاچقا كەچۈرۈم قىلىنغان باج سوممىسى ۋە يۇقىرىدىن قوشۇپ بېرىلگەن ئۆسۈمدىن ئىبارەت ئىككى ئەۋزەللىك ۋە كارخانىنىڭ پۇختا باشقۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە قوشۇلما قىممەت مۇقىم ئېشىپ بارغانلىقى، جۇغلانما كۆپەيگەنلىكى، جەمئىيەت كارخانىلىرى بىلەن ھەر ھالدا رىقابەتلىشەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەنلىكى سۆزلەندى.

سۆزلىنىۋاتقان خۇلاسە نەتىجىسىنىڭ جەزمەن مۇشۇنداق بولۇشى مەسۇمغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا تەكشۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى بوغالتىرلار بىلەن «كۆسۈرلىشىپ» مۇ كەتمىدى، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا ئۇلارغا يېقىن بارمىدى. نىھايەت، ھېچقانداق مەسىلە يوق، ئوبدان باشقۇرۇلغان كارخانا دېگەن سۆزلەرمۇ دېيىلىۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ كاللىسىنى يەنىلا چىگىش خىياللار چىرمىۋالدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ خاتىمە بىلەن مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مىنىبۇستىن چۈشكەندە غالىپ ئۇلارغا ئۇچراپ قالدى، مەسۇم ئۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئوڭايسىز ئەھۋالدا سالاملاشقاندىن كېيىن ئۆرۈلۈپ خاتىمەگە قارىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە دەل خاتىمەنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەش تەس بولغان بىر خىل مەنىلىك قىياپەتتە غالىپقا يالت قىلىپ قارىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، خاتىمەنىڭ شۇ دەقىقىدىكى ئوبرازى مەسۇمنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك نەقىشتەك قېتىپ قالغانىدى، ئۇنى يۇيۇۋېتىشمۇ، ئۆچۈرۈۋېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئەڭ ئېغىر ئازابقا سالغان نەرسە بۇنى ھېچكىمگە دېگىلى بولمايدىغانلىقى ئىدى، ھەتتا خاتىمەنىڭ ئۆزىگىمۇ دېگىلى بولمايدۇ، بۇنى قانداق ئېغىزغا ئالسۇن؟ ئەمما بۇ پاكىت، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رېئاللىق، بۇنى دېگىلى، ئىزھار قىلغىلى بولمىغاندىكىن ئۆزىنىڭ دەردكە تولغان قەلبىگە خۇددى ئېغىر قوغۇشۇندەك سىڭدۈرۈپ كۆتۈرۈپ يۈرمەكتىن باشقا چارە يوق. ئۇنى ئاز دەپ باشقىلارنىڭ پاش قىلىش خېتى يازغانلىقى، ئۇنىڭدا نېمىلەر دېيىلگەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى ئۇ تولۇقى بىلەن خاتىمەدىن ئاڭلىغان، خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل ئۇنىڭغا رەسمىي دېگەن. خاتىمەنىڭ خەۋەر مەنبەئىنىڭ غالىپ ئىكەنلىكى ئوچۇقلا ئىدى، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەلۋەتتە رەھبەرلىك بۇنداق ئىشلارنى غالىپقا ئالدى بىلەن دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن. . . نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك مۇھىم ئىشلارنى غالىپ خاتىمەگە دەپ بېرىدىغاندۇ؟ كۆرەشنى ياندۇرۇپ چىقىشتىن ئىلگىرىلا خاتىمە بىلەن مۇشۇ ھەقتە ئىنتايىن بىئەپ بىر ماجىرا بولۇپ ئۆتكەنىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئېزىلىپ سۆزلىگەن ئاۋازىغا تەڭكەش ھالدا بۇ ماجىرا يەنە مەسۇمنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى.

خاتىمە ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ئۆز ئادىتى بويىچە دەرھال قازان بېشىغا ئۆتۈپ پولۇ ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. پولۇ مەسۇمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقى ئىدى. شۇ كۈنى مەسۇممۇ خاتىمەگە سۈڭدىشىپلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر خاپا، پەرىشان كۆرۈنەتتى، ماھىرلىق بىلەن سەۋزە توغراۋاتقان خاتىمە ئۇنىڭغا بىر قاراپلا بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ دەككە - دۈككىگە چۈشتى.

- بىرەر ئىش بولدىمۇ؟- سورىدى خاتىمە ئالدىدا سۆز ئېچىپ.

- چىك...- تامىقىنى قاقتى مەسۇم.

- ئۇنداق بولسا نېمە خاپىلىق؟

مەسۇم بىرھازا جىم تۇرغاندىن كېيىن ناھايىتى زورۇقۇپ ئېغىز ئاچتى:

- مەن سىزگە بىر ئىشنى دەيمەن، سوقۇشماي چىرايلىق دېيىشەيلى، قاراڭ، يېقىندىن بۇيان مېنىڭ كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر پېشكەللىكتىن بېشارەت بەرگەندەك پەرىشان بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىش سىزنىڭ بەزى ئىشلارغا سەل قاراپ بەك ئېتىبار بېرىپ كەتمىگەنلىكىڭىزدىن بولۇۋاتىدۇ، دېمەكچىمەنكى، مەسىلەن: سىز غالىپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە سەل دىققەت قىلسىڭىز بولىدىغان يېرىگە يەتتى.

خاتىمەنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى، سەۋزىنى داۋاملىق توغراۋەرسە قولىنى كېسىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، بىر خىل ئىنچىكە توغرىلىۋاتقان سەۋزە قالايمىقان كېسىلىشكە باشلىدى، ئەمما ئۇ يۈرىكىدىكى ساراسىمىنى زورىغا بېسىپ قىڭغىراقنى تاراڭگىدە تاشلىدى.

- بۇ قانداق گەپ بولدى؟ گەپ بولسا ئۇچۇق دەڭ، مەن نېمە قىپتىمەن؟ ئەمدى مەن باشقىلار بىلەن ئارىلاشمىسام بولىدىكەن - دە! ئۇمۇ بىر نورمال ئارىلىششقۇ؟ شۇنداق، يېقىندىن بېرى ئۇ بىزگە ھېسداشلىق قىلىۋاتىدۇ. ھازىر بىزنىڭ بېشىمىزغا خېلى كۈن چۈشۈۋاتىدۇ، مېنىڭمۇ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، خىزمەت، خىزمەت دەپ ئاخىرى ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدىڭىز... مەكتەپ ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ پۇل تېپىپ زاۋۇتلارنى قۇرۇپ بەردىڭىز، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىدىڭىز، دەم ئېلىش كۈنى دېگەنلەر ئۇخلاپ چۈشىڭىزگىمۇ كىرمەيدۇ، ئاخىرى نېمە بولدى؟ سىز جاپا تارتىپ تېپىپ مەكتەپكە تاپشۇرغان پۇلنى تارقىتىپ بەرسە ياق دېمەي ئېلىشىپ، خەجلەپ بولۇپ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىشتى، يۇقىرىمۇ يەنە شۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ سىزنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ، مۇشۇنداق پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا غالىپ كېلىپ بىزگە ھېسداشلىق قىلدى، سىز بولسىڭىز ئۇنى خاتا چۈشىنىپ بۇ گەپلەرنى دەۋاتىسىزغۇ؟ مەن ئۇنداق شاللاق خوتۇنلاردىن ئەمەس، سىز ماڭا ئىشىنىڭ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا غالىپ نېمىتى؟ ئۇش-تە، ئىچىمنى ئېلىشتۇرماڭچۇ!

- مەن دېدىمغۇ، مەن بىرەر ئىش بار دېگىنىم يوق، دىققەت قىلىڭ، باشقىچە تەسىر بېرىپ قالىدىكەن، دەۋاتىمەن.

- ھازىر ھەرقانداق ئىدارىدە باشلىقىڭىز بىلەن چىقىشىپ ئۆتمىسىڭىز، بىرەر باشلىق ئارقا تىرەك بولۇپ بەرمىسە كۈنىڭىز تەس بولىدۇ، سىز مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنى ئاڭلىماي مۇشۇ كۈنگە قېلىۋاتىسىزغۇ؟

- ئۇ بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، خاتىمە، غالىپ دېگەننىڭ قانداق ئادەملىكىنى ھېلىغىچە بىلمەيۋاتامسىز، ئۇ ھازىر بۇرۇنقى غالىپ ئەمەس، ئاستىرىتتىن مېنىڭ پېيىمنى قىرقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قانداقتۇر مۇددىئاسى باردەك قىلىدۇ، ئائىلىمىزنىمۇ قىرقىۋەتمىسۇن دەيمىنا؟

- ۋىيەي، ئىچىڭىزنىڭ تارلىقىنى...

- بۇ ئىشتا ئىچى تار، ياكى قورسىقى كەڭ دېگىلى بولمايدۇ، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە مۇتلەق چەك قويۇلىدۇ، بۇنى بىلمەمسىز؟

- ماڭا ئىشىنىڭ جېنىم، مەندە ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئالا نىيەت يوق، سىز بۈگۈن بۇنى دېدىڭىز، گېپىڭىزنى ئاڭلاپ بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي، ئەمما ئەسكەرتىپ قوياي، پەقەت گۇناھكارلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئايىغانلىقىمدىن شۇنداق دەۋاتىمەن، بۇنداق ئەرزىمەس ئىشلارغا ئۆزىڭىزنى ئۇپراتمىسىڭىزچۇ!

- مېنىڭ چۈشەنمەيۋاتقىنىم، سىز

www.uyghurkitap.com

قانداقلارچە ئۇنى بىزگە ھېسداشلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭىزكىن تاڭ؟

- تولا بۇ گەپلەرنى دەۋېرىپ مېنىڭ جېنىمنى چىقارماي، مەن دېگەن ھېلىقى يېڭى پوسۇندىكى ئالتۇن بىلەيزۈكتىن بىرنى ئېلىپ بېرىڭ.

خاتىمەنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ سەۋزىسىنى قايتا توغراشقا كىرىشتى، سەۋزە قەلەمچىسى يەنە بىر خىل رەتلىك چىقىشقا باشلىدى.

- كېلەر يىللاردا ئالساقمۇ بولارمىكىن دەيمەن، ئۇ نەرسىلەر قېچىپ كەتمىگەندىن كېيىن، بانكىدىكى پۇلىمىزمۇ شۇنچىلىككلا تۇرسا، ئۇنى ئالساق ئۆي سېتىۋېلىشقا پۇلىمىز كەملەپ كېتەرمىكىن.

- مەن بىرنەرسە ئالسام دېسەملا ھەر تۈرلۈك باھانىلەرنى تېپىپ ئالماسلىقنىڭ قارنىنى ئاسىسىز، - خاتىمە يەنە دەرھاللا تۇتۇلدى.

- سىز ھېلىقىدەك ئىككى نان تاپسا بىرنى داپ چېلىپ كۆز - كۆز قىلىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەسقۇ؟ سەل قولىمىز كەڭرىلەپ قالغاندا ئالساقمۇ كېچىكمەسمىز.

بۇ گەپ خاتىمەنىڭ جېنىغا تەگدى.

- مەن ئەمدىزە سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە ئىككى نان تاپسام بىرنى داپ چالىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالدىممۇ؟ كۈندە سىزگە ئوخشاشلا ئىشلەپ كېلىپ گېلىڭلارغا تاماق ئېتىپ باققاننىڭ سازايى بۇ! ئۆي ئىشلىرىنىڭچۇ... ھەممىسى مېنىڭ بېشىمدا، ئۆيگە چاڭ - توزان قوندۇرماي، ياقاڭلارنى كىر قىلماي ئۆتكەننىڭ گۇناھى بۇ! يەنە تېخى ئۇنى دەۋاتقان، بۇنى دەۋاتقان، نېمە كۈن بولدى بۇ ماڭا، مەن ساڭا قۇل بولۇپ سېتىلىپ كەتمىسەم... ھۇ... ھۇ

خاتىمە قولىدىكى قىڭغىراقنى تاشلاپ ئەلەم بىلەن يىغلاشقا باشلىدى:

- ئىككى نان تاپسا بىرنى داپ چالىدىغان دەپچۇ... ئۆيلىرىدىن سۈيدۈك پۇراپ تۇرسىمۇ كارى بولماي ئون بارمىقىغا ئون ئۈزۈك، بوينىغا ئالتۇن زەنجىر، چىشلىرىغا ئالتۇن سېلىپ بولۇپمۇ يەنە پاچىقىغىمۇ بىلەيزۈك تاقاشنىڭ كويىدا بولىدىغانلارنى دەيدۇ... يۈندىسىنى ئىت كۆرمەي تۇرۇپ ھەر تويغا، ھەر مېھماندارچىلىققا بىردىن يېڭى كىيىم تىكتۇرۇپ كىيىپ بارىدىغانلارنى، ئۆيگە ماشىنىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغانلارنى دەيدۇ...

شۇ ئەسنادا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. مەسۇم تېلېفوننى ئالغانىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارشى تەرەپ گەپ قىلمايلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. يېقىندىن بۇيان مۇشۇنداق تېلېفونلار كۆپىيىپ قېلىۋاتاتتى، مەسۇمنىڭمۇ غەزەپ قاچىسى تاشتى.

- سىز ئالغان بولسىڭىز گەپ قىلاتتى بۇ مەلئۇن! - دەۋەتتى ئۇ ئاچچىقىغا پايلىماي.

- ھە، يەنە شۇ گەپمۇ!

جېدەل باشلاندى، جېدەلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەسۇم ئادەتتىكىدەك گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر ھەپتىگىچە گەپلەشمەي يۈردى. مەسۇمنىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلغان ھەممە تىرىشچانلىقلىرى ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى قېينىنىسى كۆرەشنى ج خ ئىدارىسىنىڭ تەلىپى بويىچە چىقىمنى تۆلەپ ياندۇرۇپ چىقىش بىر باھانە بولۇپ، بۇ ماجىراغا خاتىمە بەردى.

- مەسۇم! - بۇ ئاۋاز مەسۇمنى خىيالىدىن ئويغاتتى. ھېلىقى رەھبەر سۆزلەۋاتاتتى، - يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن كارخانا، ياكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىرى، ياكى باشقىلىرى ئەگەر مەمۇرىي ۋەزىپىدە بولسا ئىككىسىنى بىللە ئىشلەشكە بولمايدۇ، بۇ ئىككى ۋەزىپىنى ئاجرىتىۋېتىش لازىم، ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق بولۇپ قالسۇن دەپ خەۋەرلەندۈرۈپ قويغىنىمىز، ئەلۋەتتە ھازىرلا ئىجرا قىلمايمىز، سىز بىلەن مۇۋاپىق ۋاقىتتا يەنە سۆزلىشىمىز.

مەسۇم بۇنداق بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە سانسىزلىغان يىڭنىلەر سانجىلىۋاتقاندەك بولدى، كاللىسى ۋىڭىلداپ كەتتى، كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ يىغا تۇتتى. شۇ تۇرقى ئۇ ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىنىڭمۇ بەلگىلىك شارائىتتا ئايال كىشىنىڭكىدىنمۇ نازۇك بولىدىغانلىقىنى، مېھرىبانلىققا، تەسەللىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما بۇ تەسەللىنى ئۇنىڭغا كىم

بېرىدۇ؟ يەنە كېلىپ ئەڭ شىپالىق تەسەللى ئايال كىشىدىن بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟! . . .

زاۋۇتتىن قايتقان مەسۇم يول بويى زىددىيەتلىك خىياللارغا غەرق بولۇپ ئۆيگە قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئىشىكنى ئۇرۇپ بېقىپ ئېچىلمىغاندىن كېيىن ئاچقۇچنى قانداق سېلىپ ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا ئۆيدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ئاغزىنى يوغان ئاچقان هالدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. كۇرەش دىۋاندا ئۇستى تەرىپى يالىڭاچ هالدا قىڭغىيىپ ياتاتتى، ئۇ شامالدۇرغۇچنى ئۆزىگە توغرىلاپ قويغان بولۇپ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل قانائەت ۋە مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى، جاۋغىيىدىن شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى. ئالدىدىكى ئۇستەلدە ئىچىلىپ ئازراق ئېشىپ قالغان بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر پارچە پۇرلانغان يالتىراق قەغەز ۋە سەرەڭگە قاتارلىق نەرسىلەر تاشلىنىپ ياتاتتى. بۇنى كۆرگەن مەسۇم شۇنچىلىك غەزەپكە كەلدىكى دەرهال قولىغا قىڭغىراقنى ئېلىپ ئۆز - ئۆزىنى نابۇت قىلغان بۇ ياغاچ قولاق مەلئۇننى چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋەتكۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ غەزىپىنى تەستە بېسىۋېلىپ يەنە كۇرەشنى يۆلەشتۇرۇپ ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى ۋە ئۇستىگە ئەديال تاشلاپ قويدى. خاتىمە تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. مەسۇم بۈگۈنكى ئىشتىن قاتتىق چۆچۈدى. كۇرەش ئۆيگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن مەسۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ ئاق ئالۋاستىدىن قۇتۇلۇپ ئۇنى قەتئىي تاشلاش پىلانىنى تۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن هازىرغىچە ئالتە ئاي ئۆتتى. مەسۇم بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى ئاغىنىسى ئاچقان شىركەتكە بوغالتىرلىققا توغرىلاپ قويغانىدى. مانا ئەمدى بۇنىڭ قىلىپ تۇرغان ئىشىنى قارىمامدىغان، بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟

كۇرەش مەسۇمگە ئۆزى تۈزگەن ئاق ئالۋاستىدىن قۇتۇلۇش پىلانىنى كۆرسەتكەندە مەسۇمنىڭ سەل ئاچچىقى كەلگەنىدى. كۇرەشنىڭ پىلانى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى ئېيىدا ئۈچ قېتىم چېكىش، ئىككىنچى ئېيىدا ئىككى قېتىم چېكىش، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئېيىدا ئىككى ئايدا ئۈچ قېتىم چېكىش، بەشىنچى ئېيىدا ئايدا بىر قېتىم چېكىش، ئالتىنچى ئېيىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي تاشلاش، بۇنىڭغا كېتىدىغان پۇلنى مەسۇم بېرىش، تاشلىۋەتكەندىن كېيىن كۇرەش خىزمەت قىلىپ بۇ پۇللارنى قايتۇرۇش. مەسۇم پىلاننى ئوبدان كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلىپ ئاخىرى قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن خاتىمەنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. مانا ئەمدى كۇرەش خروئىننى پۈتۈنلەي تاشلاپ باشقىدىن ئادەم بولۇپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەنە چېكىپتۇ.

مەسۇم ئادىتى بويىچە كۆكتاتلارنى تازىلاپ يۇيۇشقا كىرىشتى ۋە توغرىغۇدىن توغراپ تاشتەك بولۇپ كەتكەن بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ دۇشىگە قويدى. يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بېرى خاتىمە هە دېسىلا چېچىلىپ كوتۇلداپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېسە ئۇ دەرهاللا يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ سوقۇشاتتى، گەپ قىلماي قويسا ئوغۇل بالا تۇرۇپ سەن يامانلىدىڭ دەپ جودا چىقىراتتى. بۇ مەسۇمدە خاتىمە قەستەن مۇشۇنداق چاتاق چىقىرىۋاتامدۇ - نېمە، دېگەندەك تۇيغۇلارنىمۇ پەيدا قىلاتتى، هەتتا مەسۇم ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا سۆڭدىشىپلا كىرىپ كەلگەن خاتىمە «سەن كۆكتاتلارنى بولسىمۇ تەييارلاپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟ مەن بولمىسام قارنىڭلارغا بىرنېمە يېمەمتىڭلار. . . گۆشنى بولسىمۇ ئېلىپ قويساڭ بولمامدۇ. . .» دېگەندەك گەپلەرنى تەگەپ يەنە كۆڭۈلسىزلىك چىقىراتتى. بۈگۈن مەسۇم يەنە مۇشۇنداق ئەهۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۇرەشنى ياتقۇزۇپ قويۇپلا كۆكتات تازىلاشقا كىرىشكەنىدى. بۇ چاغدا خاتىمەمۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردى ۋە كىيىملىرىنى يۆتكەپ چىقىپ خېلى نورمال هالدا لەغمەنگە خېمىر يۇغۇرۇشقا كىرىشتى. مەسۇممۇ بۇ خۇشال كەيپىياتتىن رازى هالدا كۇرەشنىڭ ئىشىنى ئېهتىيات بىلەن ئۇنىڭغا دېدى:

- قارىمامسىز، كۇرەش بۈگۈن يەنە چېكىۋاپتۇ. بۇ نورمال ئىش بولمىدى. زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى. ئۇنى ئۆيگە ياتقۇزۇپ قويدۇم. مەن كىرسەم چېكىملىكنىڭ

پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندەك ياتقانىكەن، ئەستاغپۇرۇل-لا، ئۇنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى ئەمدىلا ھەل قىلىپ قويغانىدىم.

— نېمە دەيدىغانسىز، بۇ مەلئۇن ئادەم بولماندىكىنە، ئەگەر يەنە چەككەن بولسا، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىمەن، چېكىپ ئۆلسىمۇ ئۆلسۇن، مېنىڭ ئۇنىڭدەك ئۇكامىمۇ يوق!

— چېچىلماي تۇرۇڭ، ھېلى تاماق پىشقاندا ئۇنى ئويغىتىپ بىر سۆزلىشىپ كۆرەيلى، ئاندىن بىر نېمە دېيىشەرمىز.

خاتىمە تاماققا تۇتۇش قىلسا باشقا ئىشنى ئارىلاشتۇرماي بىر قوللۇق تاماقنىلا پىشۇراتتى، شۇنداقلا ناھايىتى چاققانىدى، بىر سائەتكە قالماي لەغمەن تازا ئوخشاپ پىشتى.

كۆزلىرىنى چاپاق باسقان، چىرايى قارىيىپ قوۋزاقتەك قورۇلۇپ كەتكەن كۇرەش مەسۇمنىڭ كەينىدىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چىقىپ يۈزىنى يۇيدى. خاتىمە بىر نېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، مەسۇم ئۇنى ئىشارەت بىلەن توختىتىپ قويدى. تاماق ئۈن - تىنسىز ھالەتتە يېيىلدى. تاماقتىن كېيىن خاتىمە ئالما، نەشپۈت، بانانلار سېلىنغان مېۋە تەخسىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ھېچكىم گەپ قىلمىغاچقا، ئۆيدە ئوڭايسىز بىر خىل ھالەت ھۆكۈم سۈردى. خاتىمە كۇرەشكە ئالىياتتى. كۇرەش مەسۇملەرنىڭ ئىككى قىزىغا بىردىن بانانىنى تۇتقۇزۇپ ئاچقىپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ يەنە تاماق ئۈستىلىگە قايتىپ كەلدى. مەسۇم بىلەن خاتىمە ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇشتى. كۇرەش ئولتۇرۇپلا سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن بىر قىسمىلا بۇرۇقتۇرمىلىق ۋە ئۆچمەنلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— مەن بۈگۈن چەكتىم، ئەمما بۇنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى، دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ئاكا، سىز بۇرۇن مەندىن تۈنجى قېتىم قانداق چېكىپ قالغانلىقىمنى سورايتتىڭىزغۇ، مانا ئەمدى پۇرسەت يېتىلدى، مەن بۈگۈن سىلەرگە بۈگۈنكى ئاخىرقى چېكىشىمنى ۋە بىرىنچى قېتىمقى قانداق قىلىپ چېكىپ قالغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرىمەن!

مەسۇم بىلەن خاتىمە تەڭلا چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇكام گەپ بولسا ئالدىرىماي دە، بىز تېخى سېنى بىر نەرسە دېمىدۇقغۇ، — دېدى مەسۇم.

— دەپ - دېمەي نېمىتى ئۇ! — خاتىمە ئاخىرى پارتلىدى.

— ھەدە، سىزمۇ خاپا بولماڭ، مەن گۇناھكار، سىلەرگە ۋە مەرھۇم دادامغا، تىكەندەك يالغۇز قېلىپ مېنىڭ دەردىمدە زار - زار قاقشاپ قان يىغلىغان ئاپامغا يۈز كېلەلمەيمەن. ھەدە، سىز گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، چوقۇم مېنى كەچۈرۈۋېتىسىز.

خاتىمە مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئاكا، ھەدە، مەن ھازىر سىلەرنىڭ مېنى قانداق ئويلاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئىشىنىڭلاركى، مەن سىلەر ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەسمەن. بۈگۈن مېنىڭ قىلغان ئىشىم مۇنداق قارىماققا راستىنىلا قىلىپ سىغمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا...

— بۈگۈن چېكىپ قېلىشىم ئۆز ئىرادەمنى ئۆزۈم دەپسەندە قىلىپ سىلەرگە بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىغانلىقىم ئەمەس، دەل ئەكسىچە مېنى بۇ يولغا باشلىغان ئەبلەخلەردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بولدى. ئۇ ئەبلەخ بىلەن بۈگۈن يەنە كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ روھىي يوقسۇللۇق ۋە تۇرمۇش بايۋەتچىلىكى ئارىلاشقان مەرەزلەرچە قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەرگىز يېقىنلاشماسلىق ئىدىيىسىگە كەلدىم. ئەمما شۇئانلا يەنە ئادەملىك پەزىلىتىمدىن ئايرىلىپ، ھايۋانىي قىياپەتكە چۈشۈپ قېلىشىمغا سەۋەبچى بولغان بۇ ئەبلەختىن قىساس ئېلىش ئىستىكى پەيدا بولدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ بىلەن نورمال ھالدا سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم. ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا بىر ساۋاقدىشىم ماڭا تونۇشتۇرغان، خىروئىن سودىسى بىلەن تازا بېيىغان بىر ئەبلەخ ئىدى. ھازىرچە ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىماڭلار، ئادرېسىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بىر پىلانى بارلىقىنى، بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشسا مېنىڭمۇ بېيىپ ھېچ نەرسىدىن تەڭلىك تارتماي ياشايدىغانلىقىمنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن پىلان - مىلانلىرى بىلەن قوشۇپ ج خ ئورگىنىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئىنتىقام ئېلىش پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدۇم، شۇ ئەسنادا ئۇ «چەككىلىك كەلگەندۇ»

دەپ بىر چېكىم بەردى. «چەكمەيمەن» دېسەم مەندىن گۇمانلىنىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ئالۋاستىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. شۇڭا مەن قاتتىق خۇمار تۇتۇپ كەتكەن قىياپەتتە ئۇنى چەككەچ ئۇنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىدىم. . .

كۆرەش مىسلىسىز خورلۇق ئىچىدە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، كۆز يېشى ئۇنىڭ ئەقىل ئۇرغۇپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدە غىلىلداپ بىر دەم تۇردى - دە، كىرپىكلىرى ئارىسىدىن سۇزۇلۇپ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. خاتىمە قولياغلىقىنى ئۇكىسىغا سۇندى.

– ئۇنىڭ دېيىشىچە يېقىندا يۇننەن ئۆلكىسىدىن يېڭىچە بىر خىل «دورا خامۇش» دەپ ئاتىلىدىغان كەيپ بۇيۇمى كىرىدىكەن، ئۇ پۇرچاق، كەمپۇتچىلىك چوڭلۇقتا بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى باللار ۋە باشلانغۇچنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى باللارغا تازا «مۇۋاپىق» كېلىدىكەن، خروئىن، نەشىلەرگە ئوخشاش ئوت ياندۇرۇپ چېكىپ ئولتۇرمىسىمۇ بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەن «ۋەكىل» بولۇپ چىقسام ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىكەن، چۈنكى تىل جەھەتتە ۋە ئالدىنىپ قالماسلىق جەھەتتە مەن بەكمۇ مۇۋاپىق ئىكەنمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ - نەپرەت تۇپەيلىدىن تىترەشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنى «خۇمار تۇتۇۋاتىدۇ» دەپ چۈشەندۈردۈم. . .

تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. خاتىمە ئىتتىك بېرىپ ئالدى - دە، مەسۇمنى چاقىردى:

– ئىتتىك بولۇڭ، H شەھىرىدىكى ھېلىقى كىشىدىن كەپتۇ!

مەسۇم دەرھال بېرىپ ئالدى - دە، ناھايىتى قىزغىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن يەنە ئۈستەلگە يېنىپ كەلدى. ئۇ بەكمۇ ھاياجانلانغانىدى، كۆرەش بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى.

– H شەھىرىدىكى باش زاۋۇتتا بىر يىغىن بولىدىكەن، بىرقانچە چوڭ ئىش مۇزاكىرە قىلىنىدىكەن، زاۋۇتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ، ئۆگۈنلۈككە پويىزدا مېڭىشىم كېرەك، يازما ئۇقتۇرۇشنى مەكتەپكىلا سېلىۋەتتۇق، سەن رەھبەرلىككە دەپ قويۇپ يولغا چىقىۋەر، دەيدۇ. گېپىڭنى داۋاملاشتۇر ئۇكام، – دېدى مەسۇم شۇ تاپتا قەلبىدە پەيدا بولغان مۇرەككەپ ھېسسىياتنى يوشۇرۇپ.

– شۇنىڭ بىلەن ئۇ يانچۇقىدىن قەغەز - چاقماقلىرىنى چىقىرىپ ماڭا «خىزمەت» قىلدى، ئۆزىمۇ چەكتى - دە، خەۋەر كۈتۈشۈمنى تاپىلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. بۇ قېتىم ئەنە شۇنداق بىر مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن چەكتىم. ئەمدى بىرىنچى قېتىمقىسىنى ئاڭلاڭ: مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ھېچنەدىن خىزمەت تاپالمىدىم، سىزمۇ مېنى خېلى كۆپ يەرلەرگە تونۇشتۇرۇپ باقتىڭىز، ئۇلار خىلمۇخىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن مېنى ئالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىكار يۈرۈش جەريانىدا روھىي چۈشكۈنلۈك ماڭا ھەمراھ بولۇپ يۈرىۋەردىم. دادام ھايات بولمىسىمۇ سىلەر ماڭا ئائىتدارچىلىق قىلىپ، مېنى ئوقۇتتۇڭلار. ماڭا نۇرغۇن ئەجرىڭلار سىڭدى. ئەمدى مەنچۇ؟ مەن بولسام ئۆزۈمنىڭ جېنىمنىمۇ جان ئېتەلمەي يەنە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا سارغىيىپ يۈرگىنىمگە قاتتىق ۋىجدانىي ئازابقا قالدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دىسكو زالىدا ھېلىقى ئەبلەخ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ غەم - غۇسسىزلىقى، بايلىقى، پۇل دېگەننى تىرنىقىنىڭ كىرىچىلىكمۇ كۆرمەيدىغان «مەردلىكى» مېنى رام قىلىۋالدى. «پاھ، يىگىت دېگەن مانا مۇشۇنداق ياشايدىغان گەپ» دەپ ئويلايتتىم مەن. ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن گۈزەل قىزلار، ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ پەرمان بەردار بولۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن باللارنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ بارلىق غەم - قايغۇلىرىمنى ئۇنتۇپ ئەنە شۇ تۇرمۇشقا ھەۋەس قىلىپ ئۇلار بىلەن ئارىلاشتىم. بېزەك چىراغلارنىڭ ۋال - ۋۇل چاقناشلىرىدا ئاللىقانداق جىددىي ئودارلىق چۈشىنىكسىز چەت ئەل ناخشىلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كەلتۈرۈپ دىسكو ئوينىسام ھەممىنى ئۇنتۇپ روھىم بىردەم بولسىمۇ ئەمىن تاپقاندەك بولۇپ قالاتتىم. بىر كۈنى تانسىخانىغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇلار ئوغۇل - قىز بولۇپ تۆت - بەشەيلەن ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئۆيىدە «كەيپ» قىلىشتى. مەن بىر چەتتە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتىم. ئۇلار شۇنداق راھەتلىنىشتىكى، ئۇلارنىڭ شۇ كۈنكى ھالىتىنى ھازىرمۇ تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى ماڭا قاراپ: «ئوغۇل بالا دېگەن بۇ دۇنيادا ياشاپ بىرەر كەيپ قىلمىسا ئوغۇل بالا ھېسابلانمايدۇ» دېدى. ئاخىرى مەنمۇ بۇ شەيتان ۋەسۋەسىسگە بەرداشلىق بېرەلمەي

«بىرەر قېتىم چېكىپ باقسام نېمە بوپتۇ، بىرلا قېتىم كەيپىنى سۈرۈپ تېتىپ باقمامدىمەن» دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن... ئۇلار مېنى ماختاشتى، تەبرىكلەشتى، يىگىت، ئوغۇل بالا مۇقامىغا يەتكۈزۈشتى، ھېيىشتى لېكىن ئۇلار ماڭا زورلاپ چەكتۈرگىنى يوق، پەقەتلا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن، غەم - غۇسسىلىرىمدىن، روھىي چۈشكۈنلۈكتىن ۋە ۋىجدان ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا چەكتىم. ئەمما شۇ ئەبلەخنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرى، ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان ئادەتلىرى، «مەردانە» قىلىقلىرى، «كۆيۈمچان» ھالەتلىرى بولمىغان بولسا، ئاقنىڭ زىيىنى ھەققىدە مەكتەپلەردە، تەشۋىقاتلاردا ئۈنۈملۈك ۋە قاتتىق قول تەربىيىلەر بولغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا يېقىن بارمايتتىم. بۇ ئالۋاستىنىڭ مېنى بۈگۈنكى ھالەتكە چۈشۈرۈشىنى بىلگەن بولسام ئۇنى چېكەتتىممۇ؟ ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭلار، ئۇ ماڭا ئوخشاشلا ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىغا چاڭگال سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تۈنۈگۈن مەكتەپتىن قايتقان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىق بالىلىرىنىڭ چوڭ كوچىدىلا پارقىراق قەغەزنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاق چېكىش ھەرىكىتىنى دوراپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. خەتەرلىك، خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق... ھازىر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ تۈرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇنى چېكىشلا ئەمەس، بەلكى تابلېتكا شەكلىدە ياساپ ئىچىش، ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش، بۇرۇن بىلەن سۈمۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارمۇ مەيدانغا كەلدى، خروئىندىن باشقا يەنە ئەپيۇن، مورفىن، كوكايىن، نەشە، دوراخمۇش قاتارلىقلارمۇ بار، بۇلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟

- ئۇكام، ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

- ئەتە ئۇ ئەبلەخ بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈپ بىلىۋالىدىغان بىر ئىش قالدى. شۇنىلا بىلىۋالسام ھايال بولماي ج خ ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىمەن.

- ئوبدان ئۇكام، بۇ پىكرىڭ يارايدۇ، ئەممازە، مەن ئۆگۈنلۈككە ئىچكىرىگە ماڭىدىغان بولۇۋاتىمەن. ياخشىسى ئەتىلا ساقچىغا دېسەك.

- بولمايدۇ، ئالدىرىمايلى، مەن ئالدى بىلەن ھېلىقى ئىشنى بىلىۋالاي...

مەسۇم ئۇ بىلىۋالماقچى بولغان ئىشنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى كوچىلاپ سوراپ باقاي دېدى - يۇ، يەنە بۇ نىيىتىدىن دەرھال يېنىپ بۇ ئىشتا ئۇنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشقا قويۇپ بەرسەك تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەربىيە بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

- ئۇنداق بولسا مەن قايتىپ كەلگەندە دېسەكمۇ كېچىكمەيمىز، شۇنداقمۇ؟

- قېنى كۆرەرمىز.

- چوقۇم مەسۇم ئاكاڭنى كۈتكىن جېنىم ئۇكام، مەن قورقىۋاتىمەن، ئالدىراپ بىر ئىش قىلىپ قويما،- دېدى جىددىيلەشكەن خاتىمە.

- ۋاي، خاتىرجەم بولۇڭلار دەۋاتىمەنغۇ،- قوپاللا تەگدى كۈرەش ھە دېسىلا ھومايغاندەك قىلىپ، ئاندىن خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك دېدى،- بۇ قېتىم مەن ئۆز پۈتۈم بىلەن كىرگەن بۇ نىجىس پاتقاقتىن يەنە ئۆز پۈتۈم بىلەن قايتىپ چىقىپ، بۇ دۇنياغا قانداق پاك كەلگەن بولسام يەنە شۇنداق پاكلىنىمەن. سىلەر نېمە دېسەڭلار شۇ، قانداق ياشاشنى ئۆزۈممغۇ بىلەتتىم، مېنىڭ قېنىمدىكى نىجىس مەرەزلىكلەرنىڭ پاكلىق ۋە غايە - غۇرۇر تەرىپىدىن كۈنسايىن تازىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىۋاتىدۇ...

- خاتىمە، بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، ئەتە جىددىي تەييارلىق قىلىپ كەچلىك پويىز بىلەن يولغا چىقمىسام بولمايدۇ. بۈگۈن بالدۇرراق ياتايلى، كۈرەش ئۇكام، سەنمۇ يېتىپ دەم ئال.

ئەتىسى ھەممە تەييارلىقلار چۈشكە قالمايلا پۈتۈپ كەتتى، خاتىمە چۈشكىچە مەسۇمنىڭ سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىپ پويىزدا يەيدىغان نەرسىلىرىنىمۇ تەقلەپ بەرگەندىن كېيىن تازا ئوخشىتىپ لەغمەن ئەتتى.

- مەسۇم ئوبدان يەۋېلىڭ، ئۇ يەرلەردە ئۆي تامىقىنى سېغىنىپ قالىسىز،- دېدى خاتىمە بۆلەكچىلا خۇشال كەيپىياتتا.

- ھازىرغۇ ئۇيغۇر تائاملىرى نەگىلا بارسا بار ئىكەن، ئەمما ئۆي تامىقى دېگەن يەنىلا ئۆي تامىقى جۇمۇ، بولۇپمۇ سىزنىڭ قولىڭىزغا كۆنۈپ قاپتىمەن. بەزىدە مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپمۇ تامىقىڭىزغا ئىنتىزار بولۇپ كېتىمەنغۇ، مەن ئون كۈن ئىچىدىلا قايتىپ كېلىمەن، بۇ قېتىم ئىچكىرىدىكى يولداشلار چوڭراق بىر ئىش قىلىدىغان ئوخشايدۇ، كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، ئىشلىرىمۇ خېلى روناق تاپىدىغاندەك قىلىدۇ، شۇغىنىسىزە، شوخلۇق قىلماي مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، جۇمۇ...

- يەنە شۇ گەپنى دەيدىكەنسىز، يوق گەپنى قىلمىسىڭىزچۇ، ماڭا قاراڭ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن باشقارمىمىزدا مۇھىم يىغىن بار ئىكەن، ئۇنى ئاز دەپ ئاپامنىڭ مىجەزى يوق، سىزنىڭ ماڭىدىغانلىقىڭىزدىن خەۋىرى بولمىغاچقا ئىككىمىزنى كەچتە كەلسۇن دەپتىكەن، قانداق قىلسام بولار...

- سىز يىغىنغىمۇ بېرىڭ، ماڭا ۋەكالىتەن چوڭ ئۆيگىمۇ بېرىڭ، مەن ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، كۆرەش ئاپىرىپ قويىمەن دېدىغۇ، شۇ بارسىلا بولدى.

خاتىمە خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالغاندەك بىر ھېسسىياتتا بېشىنى تۆۋەن سالدى.

مەسۇم ئۇنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن باغرىغا چىڭ باستى.

ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىدى. مەسۇم دېگەن ۋاقىتىدا ماڭالمىدى. چۈنكى ئۇلار ۋوگزالغا چىققاندا بىر كىشىلىكمۇ بېلەت قالمىغانىدى، قاتتىق ئورۇندۇقتا بىرنەچچە كېچە - كۈندۈز مېڭىش ئازابلىق ئىش ئىدى. ئۇ كۆرەش بىلەن بىرلىكتە بېلەت چىقىپ قالارمىكىن دەپ تونۇشلارنىمۇ ئىزدەپ كۆردى، خېلى ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ ھېچ بىر نەتىجە چىقمىدى. ئاخىرى قاتتىق ئورۇندۇق بېلىتىنى ئېلىپ پويىزغا چىققاندىن كېيىن ياتاق ھەل قىلىش چارىسىنى قوللانماقچىمۇ بولدى، بىراق زادىلا ئەپلەشمىدى، ئۇلار شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە سائەت ھايال بولغاندىن كېيىن ئاخىرى ئەتىسى بىراقلا ئايروپىلان بىلەن مېڭىشنى قارار قىلىپ ئۆيگە قايتتى. بۇ چاغدا سائەت سەككىزدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

كۆرەش بىلەن مەسۇمنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خاتىمەنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتتى. ئەمما چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. مەسۇمنىڭ ماڭالماسلىقىدىكى سەۋەبنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزىنى تېخىمۇ تەبىئىي ۋە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.

- ئاپامنىڭ قېشىغا بارمىدىڭىزمۇ؟

- بارسام، كەلمىگىنىڭلارغا ئۇزاق بولدى، مېنى يوقلىمىدىڭلار، دەيدۇ، - ناھايىتى يېنىكلا جاۋاپ بەردى خاتىمە.

شۇ ئەسنادا كۆرەشنىڭ مېھمانخانا ئۆيدە بىرسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنى ئاڭلاندى، مەسۇم خاتىمەگە يالتلا قىلىپ بىر قارىدى - دە، ئىتتىك مېھمانخانا ئۆيگە كىردى. غالىپ ئىنتايىن قولاشمىغان ھالدا يۇمشاق كرېسلودا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەسۇمنى كۆرۈپ بىردەم تاتىرىپ، بىردەم قىزىرىپ بەكمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالدى.

- سىز... مەن...

مەسۇم ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي قاملاشمىغان بىر خىل قوپاللىق بىلەن كەينىگە يېنىپ چىقتى - دە، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىگە ياراشمىغان بىر خىل ھەرىكەت بىلەن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇ شۇ ياتقانچە تاڭ ئاتقىچە ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇ غالىپنىڭ گەپ - سۆزسىز چىقىپ كەتكەنلىكىنى، كۆرەشنىڭ نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغىنىچە كېتىپ قالغانلىقىنى، خاتىمەنىڭ بالىلار ياتقان ئۆيگە كىرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ ياتتى، ئەمما مەسۇمنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلاشقۇسى كەلمەيتتى. نېمە بولسا بولمامدۇ، ماڭا ئەمدى بەرىبىر، بۇ نېمە بولغىنى؟ خاتىمەدىن بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈشنى سورىسا ئۇ ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۇنى قايىل قىلىۋېتىدۇ، بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، ئەمما مەسۇمنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يەنىلا يېشىلگۈسىز بىر تۈگۈن قېپقالىدۇ، بۇنداق تۈگۈنلەر ئۇنىڭ كۆڭۈل خانىسىدە خېلى كۆپ توپلانغان. ئەلۋەتتە مەسۇم دېگەن بىر ئەركەك، بىر ئوغۇل بالا، ئۆزىنى مەجبۇرىي ھالدا كۈندەشلىك، گۇمانخورلۇق پاتقىقىغا ئاتمايدۇ، بىراق پاكىتنى، رەھىمسىز پاكىتنى گۇمانغا ئايلاندۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەستە!... ئۇ تېخى بىرەر مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىنى يوق... بۇ پەقەتلا ئېھتىقۇدەك بىر غۇۋا ئىش... ياق، چوقۇم ھەممە ئىشنى يېپىدىن يېڭىنىسىغىچە تولۇق كۆرۈش زۆرۈرمۇ؟ شۇنچىلىك كۆپ «بېشارەت» لەر يېتىپ ئاشمامدۇ؟ تىۋۋا، ئاتىلارنىڭ «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە قالماپتۇ» دېگىنى نېمىدېگەن دانىشمەنلىك - ھە! غالىپ دېگەن بۇ تۇزكور قانچىلىك نېمىتى؟ ئەگەر مەن تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان بىرەر ئادەم ئارىمىزغا تىكەن بولۇپ ئۈنگەن بولسىمىغۇ بىر نورى، بۇ غالىپ دېگەن خىزمەتتە مېنىڭ ئورامنى كولاپ دۈشمەنلىك قىلسا، ئائىلە تۇرمۇشۇمنىمۇ بۇزۇپ ماڭا كۈندەشلىك قىلسا بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق - ھە! ئاھ، خۇدا، نېمىدېگەن ئېغىر ئازاب بۇ؟ ئايال كىشىنىڭ كېچىكىپ يېتىلگەن مۇھەببىتى تاپتىن چىققاندا ياخشى ئادەم، يامان ئادەم دەپ تاللاپ ئولتۇرمايدىكەن، ئۇ غالىپقا شۇنچىلىك

www.uyghurkitap.com

ئەقىدە قىلغانىكەن، دېمەك ئۇنىڭ قەلبىدە مېنىڭ ئورنۇم يوق. ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپ ئۇنىڭ قەلبىدىن تېخىچە ئورۇن ئالالمىغان بولسام ئۇنىڭدىن خۇددى بىر قەلەندەر بىر بايدىن سەدىقە تىلىگەندەك مۇھەببەت تىلىشىمنىڭ نېمە هاجىتى؟ بۇنداق قىلىشىمۇ مېنىڭ غۇرۇرۇمغا ماس كەلمەيدۇ، «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېگەن راست گەپ ئىكەن، ئۇنىڭ ماڭا خىيانەت قىلغىنى بىر تەڭ، يەنە ئۇنى ئىنكار قىلىپ مېنى ئالدىغىنى بىر تەڭ بولۇۋاتامدۇ، ئەمدى بىلىۋاتىمەنكى ئۇ بۇ ئىشنى قانچە جاھىللىق بىلەن ئىنكار قىلسا، شۇنچە خاتىرجەملىك بىلەن خىيانەتنى داۋاملاشتۇرغان. مەن نېمىدېگەن ساددا، نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل... ئاق كۆڭۈللۈكۈمدىن، ساددىلىقىمدىن قالغان كۈنۈم شۇ بولدىمۇ، ئەمدى بۇ ئائىلە ۋەيران بولدى، ئەمدى بۇ ئەسلىگە كەلمەيدۇ، بۇ نومۇستىن يەرگە كىرەي دېسەم يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسەم ئاسمان ئېگىز بولدىغۇ... ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ھەقىچان مەكتەپتىكىلەر بىلىدۇ، بىلسىمۇ بىلمەسكە سالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا بۇ ئىشنى دېمەيدۇ، لېكىن ئۆزلىرى بىلىشىدۇ، دېمەك مەن «يۇمشاق باش» بولۇپ قالدىمۇ؟ بۇ ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيگەن خوتۇنۇم قىلغان سوۋغا بولدىغۇ؟ ئۇمۇ ماڭا دۈشمەنمۇ... ئەمدى ھەممىسى بىلىپ قالىدۇ، مەن خەۋەردار بولدۇممۇ بولدى، قولاقنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرىدىغان ئىش يوق، مەيلى ھەرقانچە نومۇس بولسىمۇ ئاتاق كۆتۈرۈپ يۈرۈۋەرگەندىن مىڭ ھەسسە ياخشى. بولدى، بالىلىرىمغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى. خاتىمەدىن، هازىرقى خاتىمە ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدىكى مېنىڭ قەلبىمدە مەبۇدە بولۇپ تىكلەنگەن خاتىمەدىن ئايرىلغان تۇرمۇشۇمنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەسۇمنى ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتتى، ئۇ ئۆزى پىلدەك زەبەردەست بولسىمۇ كۆڭلى قىلدەك نازۇك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى، ئۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. مۇبادا ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى ئاپىسى رەھمەتلىك كۆرگەن بولسا، ياكى دادىسى رەھمەتلىك كۆرگەن بولسا ئوغلىنىڭ بۇ هالىغا قاراپ پۇچۇلىنىپ كەتكەن بولار ئىدى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - يارەنلىرى كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانغان بولار ئىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆزىنى شۇنچە غېرىب، شۇنچە يېتىم ھېس قىلدى، ئۇنىڭ بۇ هالىنى بىر جۈپ قىزى كۆرگەن بولىسچۇ... مانا مۇشۇلارلا ئۇنىڭ يېتىمسىرىغان قەلبىگە ۋە غېرىبلىققا پاتقان جىسمىغا ئەمەك بولالايدۇ...

ئۇ ئۆلۈمنى ئويلىدى، ئۆلۈم ئۈچۈن ۋەسىيەتلەرنىمۇ كاللىسىدا يېزىپ چىقتى، باشقا يول بىلەن ئۆچ ئېلىشنىمۇ پىلانلاپ كۆردى. رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن ياسىداق تانسىخانىلار، هايتلا دېسە كېلىدىغان گۈزەل قىزلار... غالىپ دېگەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنى تاشلايدۇ، شۇ چاغدا... ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ مەندىن ئەپۇ سوراپ ئايىغىمغا يىقىلىدۇ، ياكى يەنە شۇنداق ياشاۋېرىدۇ...

نېمىلا بولمىسۇن مەن چوقۇم ئۆلۈۋالىمەن، دەپ نىيەت قىلدى ئۇ. بىراق، ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى نۇرغۇن، هازىر ئۆلۈۋالىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ خىياللىرى بۇزۇلۇپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

مەسۇم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ كارىۋاتتا كېيىم - كېچەكلىرى بىلەنلا ياتاتتى، تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرنۇدى، بېشى قايغاندەك قىلدى، ئەمما بىرئازدىن كېيىن تۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ ئاستا چىقىپ يۈز - كۆزلىرىنى ئاندا - مۇندا يۇدى - دە، تۈنۈگۈنكى سومكىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاشلاپ قويۇپ كىچىكلا بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقتى. سالقىن سەھەر شامىلى ئۇنى خېلى سەگىتتى. ئۇ تاكسىدىن بىرنى توستى، ئۇدۇل ئايرودرومغا ماڭدى.

ئون كۈندىن كېيىن ئۇ ۋەزىمىن قىياپەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۇنى بىر پاجىئە كۈتۈپ تۇراتتى. كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ قايتىپ كېلىش ۋاقتىنى ھېچكىمگە خەۋەر قىلمىغانىدى، شۇڭا پويىزدىن چۈشۈپ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل ئۆيگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا تەمكىن ۋە خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى، بىلىنەر - بىلىنمەس سارغايغان چىرايى ۋە ئېغىر روھىي ئازابتىن ئۇشتۇمتۇتلا مۈكچىيىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان قەددى - قامىتى ئۇنىڭ زەرداپ بولۇپ كەتكەن كۆڭلىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىر بىر روھىي بېسىم ئىچىدە ئۆيگە كىرىپلا ئۆيدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

بېشىغا ئاق چىگكەن بىرنەچچە موماي تەسۋىي سىيرىشىپ ئولتۇراتتى. ئاق ياغلىقنى ياراشتۇرۇپ چىگىۋالغان خاتىمە بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداقلا ئېسىلىپ هۆڭگىرەپ ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى، ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ ئىككى قىزىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ مەسۇمگە ئېسىلىپ يىغلىدى، خاتىمەنىڭ ئاپىسى بىر چەتتە جىمجىت ئولتۇراتتى.

ـ بۇ نېمە ئىش؟ نېمە بولدى؟ـ جىددىيلىشىپ سورىدى مەسۇم، ئۆيدىكى هازا مەنزىرىسى تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇمۇ يىغلامسىراپ قالدى، شۇئان ئۆيدە كوللېكتىپ يىغا ـ زارە قوزغالدى. بىردەمدىن كېيىن بىرسىنىڭ قۇرئان ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلاندى، يىغا ـ زارە يەنە شۇئان چىپپىدە توختىدى. قۇرئان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەسۇم خاتىمەنىڭ، باللىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ پارچە ـ پۇرات چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئىشنى تولۇق بىلدى.

ئۇ ئىچكىرىگە كېتىپ 6 ـ كۈنى (شۇ كۈنى مەن قايتىدىغانغا پويىز بېلىتى ئالغىلى چىققان كۈنۈم ئىكەن دەپ ئويلىدى ئىچىدە مەسۇم) كۈرەش بۇ ئۆيگە كېلىمەن دەپ قويۇپ كەلمەپتۇ. خاتىمە خاۋاتىرلىنىپ ئاران تاڭ ئاتقۇزۇپ چوڭ ئۆيگە بارسا ئۇلارمۇ كەلمىدى، سىلەرنىڭكىگە كەتكەن، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خاتىمە ئۆيگە يېنىپ كېلىپ قانداق قىلىشىنى بىلمەي ئولتۇرغاندا ئىككى ساقچى ئۆيگە كېلىپ ئۇنىڭغا مەسۇمنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتىپتۇ، خاتىمەنىڭ يۈرىكى بىر ئىشنى تۇيغاندەك ئۇلارغا قارىغانىكەن، ئۇلار مۇشۇ ئۆيگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئەخلەت ساندۇقىنىڭ يېنىدا بىر جەسەتنى تاپقانلىقىنى، دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈشتە تومۇرغا شپرىس بىلەن زەهەر ئۇرۇشتىن ئۆلگەنلىكى، ئۇنىڭدىن سىرت بەدىنىدە نۇرغۇن تاياق ئىزلىرى بارلىقى ئېنىقلانغان. شۇنىڭ بىلەن خاتىمە شۇ يەردىلا هوشىدىن كەتكەن. ساقچىلار كىملىكتىكى ئادرېسقا ئاساسەن ئۇدۇل مەسۇملەرنىڭ ئۆيىگە كەلگەن. قانداق قىلماق كېرەك؟ پۈتۈن ئۇرۇغ ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلار كېلىپ هازا ئېچىپتۇ، ساقچى تەرەپ كۈرەشنىڭ تېخى «ئوكۇل» قىلىپ ئۇرغىدەك دەرىجىگە يەتمىگەنلىكى، بەدىنىدىكى تاياق ئىزى ۋە باشقا ئېلىشىش ئىزنالىرىغا ئاساسەن بۇ ئۆلۈمنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش ئېهتىمالىنى چەتكە قاققىلى بولمايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈشنى تەكلىپ قىلغان. گەرچە تۇغقانلار نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلار قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى يەنىلا ئۇنىڭغا قوشۇلۇشقان. خۇلاسە تونۇگۇن خاتىمەنىڭ قولىغا تەگكەن: «ساختا ماددا ئارىلاشتۇرۇلغان خروئىن سۈيۇقلۇقى تومۇرغا ماڭدۇرۇلغانلىقتىن قان زەهەرلەنگەن، قاتتىق تاياقتىن كېلىپ چىققان ئىچكى ئەزالار زەخمىتى كۆرۈلگەن. ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ». شۇنىڭ بىلەن ساقچى تەرەپ جىددىي رازۋېتكا قىلىشقا تۇتۇش قىلغان. بۇگۈن بولسا يەتتە نەزىرىگە تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى.

مەسۇمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بىر قىران يىگىت شۇنداق قىلىپ ئۇن ـ تىنسىز بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بۇ چوقۇم هېلىقى مەلئۇننىڭ قىلغان ئىشى! مەسۇم ئۆزىنىڭ كۈرەشنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا سىڭدۈرگەن ئەجىرلىرىنى ئەسلىدى، ئۇ توغرا يولغا ئاتلىق هالدا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يۈزلەنگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ مەلئۇنلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئاتلانغان ئەمەسمىدى؟ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا يىگىتلەرچە بەل باغلىغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى هەممىسى تۈگىدى، مەسۇم نېمىدېگەن شور پېشانە ـ هە؟ ئائىلە، كۈرەش. . . ئۇ بۇلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك ئەقىدىلىرىنى سىڭدۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدى زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ئەمما شۇ زۇلمەت ئىچىدە بىر يورۇقلۇق نۇقتىسىمۇ بار ئىدى، بۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇشەققەتلىك مۇهىت ئىچىدە يەنىلا ئۆزىنىڭ هاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىۋاتقان ۋە ئۇ ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىشلىرى ئىدى.

مەسۇم ئېغىر قايغۇ ـ هەسرەت ئىچىدە جىددىي تۇتۇش قىلىپ كۈرەشنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ، شۇ جەرياندا نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ يەتتىسى ۋە قىرقىمۇ تۈگىدى. غالىپمۇ خۇددى هېچ ئىش بولمىغاندەك بۇ ئىشلارغا باشتىن ـ ئاخىر ئارىلاشتى، هەتتا بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە بولغان «غەمخورلۇق» نى بىلدۈرۈش، ياكى توغرىراقى «ئاتىدارچىلىق» سالاهىيىتى بىلەن مەيدانغا چىقاتتى. مەسۇم گەرچە خىزمەتتە ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غالىپتەك ئىدىيىسىز، مەسلەكسىز، ئەمما هازىرقى جەمئىيەتتىكى هوقۇق - مەنسەپشۇناسلىقنىڭ بارلىق ئۇجۇر - بۇجۇرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىگىلىگەن بىر ئەرزىمەس ئادەمنىڭ ئالدىدا خۇددى شىر - يولۋاستەك قۇدرەتلىك، تاغ - دېڭىزلاردەك مەزمۇنلۇق، يەر - زېمىندەك سالماق هېس قىلسىمۇ ئەمما ئاقىۋەتتە تۇرمۇشتا ئۇچرىغان بۇ ئوڭۇشسىزلىقىدا ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى بىر هېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان مەخلۇقتەك هېس قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىيالمايتتى، ئۆز كۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئەكسىچە غالىپ بولسا ئۆزىنى هەممىنىڭ هامىسىدەك هېس قىلىپ، مەسۇمنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە هېچنېمە بولمىغاندەك بىپەرۋا هەم بىغەم كۆرسەتتى، بۇ مەسۇمگە تېخىمۇ ئەلەم قىلاتتى.

كۈرەشنىڭ قىرقى نەزىرى تۈگەپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر كۈنى مەسۇم ئۆيىنىڭ قالايمىقانچىلىقىغا قاراپ خۇرسىنىپ ئولتۇردى. ئىشكاپ، ئۈستەللەر توپا - چاڭ باسقان بولسىمۇ سۈرتۈلمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغانىدى، ئاياغلار ئۆيەر - بۇيەردە مايماق - سايماق بولۇپ تاشلىنىپ ياتاتتى، يوتقان - كۆرپىلەرمۇ يىغىلمىغانىدى، ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىدە خىلمۇخىل بويۇملار چېچىلىپ ياتاتتى، قازان بېشى بولسا قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى، مەسۇم بايا چاي دەملەپ كىرگىچە ئەمبەلنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان سۈۋەرەكلەرنىڭ يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى، باللارمۇ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالغانىدى.

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى خاتىمەنىڭ چىرايى ئىپادىسىز كۆرۈنەتتى، ئەمما تېگى - تېگىدىن يەنىلا بىر خىل بىپەرۋالىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مەسۇم دەملەپ كىرگەن چايدىن ئۆزىنىڭ پىيالىسىگە قۇيۇپ بىغەم هالدا تېلېۋىزورغا تىكىلدى.

— خاتىمە،— ئاخىرى يەنىلا مەسۇم سۆز باشلىدى،— مەن بۇ قېتىم ئىچكىرىدىكى يىغىنغا قاتناشقاندا ئۇلار مېنى يەن ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن چەت ئەلگە كارخانا قۇرۇشقا ئىككى يىللىق چىقىشقا بەلگىلىدى. يېقىندا پاسپورت رەسمىيەتلىرىم پۈتىدۇ. H شەهىرىدىكى چۆپقىتىمىز بىلەن بىرلىشىپ مۇشۇنداق زور كۆلەملىك دۆلەت هالقىغان شىركەت بولۇپ شەكىللەندۈق. مەبلەغ مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي شۇلار هەل قىلىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىشىم مەندىكى قۇلايلىق شارائىت ئىكەن. بىز هازىر ئىشلەپچىقىرىۋاتقان مەهسۇلاتقا ئۇلار بەكمۇ ئېهتىياجلىق ئىكەن، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە قۇراشتۇرۇپ بازارغا سالىدىغان بولدۇق. ئۇ ياقتىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەنمۇ يىغىندا سۆزلىشىۋالدىم. ئىشلار قۇلايلىق بولىدىغان ئوخشايدۇ... ئەمما ئائىلىمىزدىكى ئىش بۇ يەرگە يەتتى، كۈرەشتىنمۇ ئايرىلدۇق، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ خەلقى ئالەم ئالدىدا قانداق قىلغۇلۇق؟

خاتىمە قولىدىكى پىيالىنى غەزەپ بىلەن ئۈستەلگە قويۇپ ئوغىسى قايىنىغان هالدا مەسۇمگە هومايغىنىچە سۆزلەپلا كەتتى:

— قانداق قىلىمىز، نېمە قىلغۇلۇق... ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن تولا لاتا چاينىماي جاڭگىدە بىر گەپ قىلمامسىز؟ يوق ئىشلارنى ماڭا تېڭىپ گۇمانخورلۇق قىلىپ تۇرمۇش خاتىرجەملىكىمىزنى بۇزغانمۇ ئۆزۈڭ، ئەمدى قانداق قىلىمىز دەيدا تېخى! مەن مۇشۇ ئۆيىنى دەپ، باللارنى دەپ بۈگۈنكى كۈنگە قالغان، ساڭا خىزمەت بولسىلا بولدى، هازىرمۇ شۇنى سۆزلەۋاتىسەنغۇ، سەن خىزمىتىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇۋال، چەت ئەللىرىڭنى چېكەڭگە تېڭىۋال! مەن شۇ چاغلاردا سېنىڭ گېپىڭگە كىرمەي مەكتەپ باشلىقلىرىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ تىرىشىپ ئىشلىگەن بولسام هازىرغىچە مەنمۇ ئۆسۈپ قالاتتىم. سېنى دەپ بىرەرسى بىلەن ئەركىن ئارىلىشالمىسام، هەتتا ئۆز خىزمەتداشلىرىڭدىنمۇ كۈنلەپ يۈرسەڭ ماڭا نېمە كۈن بۇ؟ بولدى خېتىمنى بەر، ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغان ئۆمرۈمنى باللار بىلەن بىللە ئاپامنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزىمەن، ئەر دېگەن سەندەك بولىدىغان بولسا، مەڭگۈ ئەرگە تەگمەسمەن، گەپ شۇ!

خاتىمە ئەزەلدىن مەسۇمنى سەنلەپ باقمايتتى، بۇنچىلىك قاتتىقمۇ گەپ قىلمايتتى. بۈگۈن غەيرىي نورمال بىر هالەت يۈز بەردى. ئەسلىدە مەسۇم شۇنچىلىك مۇسىبەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن خاتىمە بىر - ئىككى ئېغىز يۇمشاق گەپ قىلىپ غالىپ توغرىسىدىكى بەزى خاتالىقلىرىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈپ مەندىن ئەپۇ سوراپ راست گەپ قىلسا كەچۈرۈۋېتەرمەنمۇ دېگەن ئۈمىدكىمۇ كېلىپ قالغانىدى. ئەمما پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ

چىقتى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ «مەن راستىنلا گۇمانخور، ئىچى تار، يوق ئىشنى ئۇنىڭغا تاڭغان ئادەم بولۇپ قالدىممۇ؟ ياق - ياق، كۆرگەنلىرىم، ئۇچرىغانلىرىم ۋە ئەمەلىيەت پولاتتەك پاكىت ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئويلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا شۇنچە يىللىق ئەر-خوتۇنلۇق تۇرۇپتۇ، بىز چىرايلىق سۆزلەشسەك بولمامدۇ؟

— چىرايلىق سۆزلىشىدىغان نېمىسى بار، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەركىم بىلەن ياشايمەن، مەنمۇ بىر ئادەم، سېنىڭ سېتىۋالغان قۇلۇڭ ئەمەس!

— مەن سىزنى قۇل دېدىممۇ، قۇل قىلدىممۇ؟

— ئۆزۈڭ بىلەرسەن!

— ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئاجرىشىمىز دەيسىز، بۇ سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا رەم بولۇپ قالغان مەزمۇنسىز گەپمۇ، ياكى مېنىڭ غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرىدىغان چىن گەپمۇ؟ ئايال كىشى دېگەن گەپنى ئويلاپ قىلىدىغان. . .

— مەن بۇ گەپنى ئەزەلدىن ئويناپ دېمىگەن، بەلكى ئويلاپ دېگەن!

مەسۇمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇ قولىدىكى پىيالە بىلەن خاتىمەنىڭ يۈزىگە ئۇرۇۋېتىشتىن ئارانلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك ھاقارەتلىنىدىغانلىقىنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن قەلبىنى ئورىۋالغان بۇ ئازابلىق ھاقارەتنى مۇمكىنقەدەر يۇمشاقلىق بىلەن تارقىتىشقا، ئاۋازىنى مۇمكىنقەدەر مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ دېدى:

— بولدى، تامام، ئەتە سورايدىغان يەرگە بارايلى، ئىلتىماسنى مەن يازاي، ئىككىمىز ھازىرلا ئىمزالايمىز.


مەسۇمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا چۈشكۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا نېمىنىڭ تەسىر قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ خېلى بىرھازاغىچە چۈشكۈرۈشتىن توختىمىدى. ئاخىرى ئادىتى بويىچە ئاغزىغا بىر تال كەمپۈتنى سالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خاتىمەنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئىجىل بولۇپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭسىز ئۆتىدىغان تۇرمۇشىنى ئۇ تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم خاتىمەگە مۆرەككەپ بىر ھېسسىيات بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى. ئەمما خاتىمە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قاراپمۇ قويماي بالىلار ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئىشىكنىڭ تاراق قىلىپ ئىچىدىن ئىلىنگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

كۆڭۈلسىز ئاي - كۈنلەر بىر - بىرىنى سۆرۈشۈپ لايغەزەللىك بىلەن ئۆتەتتى. ئاخىرى كۈز ئايلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، پۈتۈن دۇنيا بويىچە دېڭىزغا ئەڭ يىراق بولغان ۋە تۆت پەسلى شۇ قەدەر ئېنىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ يېشىل لىباسىنى پۈتۈنلەي ساغۇچ رەڭگە ئالماشتۇرۇپ ئارقىدىنلا بۇ لىباسنى ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈپ يەر يۈزىگە تاشلاپ يالىڭاچلىنىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەسۇم ئۆزىنىڭ ھاياتىغا، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى دانە كىنىشكىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بىرى چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتى ئىدى، يەنە بىرى ئاق رەڭلىك نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى ئىدى. دائىم بىر خۇشاللىق بىلەن بىر قايغۇ بىللە كېلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر تۇغقان ياكى قوشكېزەك بولسا كېرەك.

مەسۇم ئالدى بىلەن ئاق گۇۋاھنامىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئۆز ۋاقتىدا بۇنىڭ قىزىلىنى ئالغان چاغدىكى ھاياجان، تەلپۈنۈش، خۇشاللىق ھېسسىياتلىرىنى ئەسلىدى، ئەمدىچۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى پۇچۇلۇنۇپ خۇددى قورۇلۇپ پىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. «قىزىلى بىر باشلىنىش، ئېقى چېكىت، بىر جۈملە تامام بولدى. . .» دەپ ئويلىدى ئۇ مۇڭلىنىپ، «بۇ جۈملىنى بىر ئۆمۈر يېزىش مۇمكىن ئىدىغۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىسقا بولۇپ قالدى؟»

ئۇ پاسپورتقا قاراپ يەنە ئۈمىدلىك ئارزۇلارغا چۆمدى. ئۇ بىر مائارىپ كارخانىچىسى، ئەمدى چەت ئەلگە كارخانا ئېچىشقا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنى بار، بۇ مىللەت مائارىپقا موھتاج، مائارىپ بولسا ئىقتىسادقا موھتاج. بۇنى «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئەمەس، بەلكى بىلەكنىڭ كۈچىگە ۋە ئىدراكنىڭ يول باشلىشىغا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. . . مانا بۇ شارائىت ئۇنىڭدا بار، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئاستا يانچۇقىغا سېلىپ ئېغىر بىر مۇڭ، ۋەرنىلىك بىر سالماق بىلەن كوچا بويلاپ ئاستا مېڭىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



# بوۋاي ۋە قۇش

( ھېكايە )

ئېلتېكىن

بوۋاينىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىرقانچە يىل بولغانىدى. ئۇ يېشىنىڭ سەكسەنلەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماي، قارىماققا شۇنچە تىمەن كۆرۈنىدۇ. بۇ قورۇدا كىچىك باللاردىن باشقا، پەقەت بوۋايلا ھەمىشە ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان كىچىك ئورۇندۇقتا كۈن بويى ئولتۇرىدۇ. كىچىك باللارنىڭ قالايمىقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىمۇ بوۋاينىڭ ئارامىنى بۇزالمايدۇ. بوۋاينىڭ پۈتۈن دىققىتى ئالدىدىكى قەپەسكە سولانغان قۇشقا مەركەزلەشكەن. قۇشنىڭ ھەسرەتلىك نالە قىلىپ ئۆزىنى قەپەس سالاسۇنلىرىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇشىمۇ بوۋاينىڭ ھېچقانداق رەھمىنى قوزغىيالمايدۇ. ئەكسىچە قۇش قانچىكى نالە قىلسا، بوۋاي قانداقتۇر بىرنەرسىنى تېپىۋالغاندەك، شۇنچە خۇش بولۇپ كېتىدۇ. كىچىككىنە قۇشنى قەپەسكە سولاپ قويۇپ، يۈرەكنى ئەزگۈچى نالىلىرىغا پەقەتلا پەرۋا قىلمايدىغان بوۋاينى ئەيىبلىگەن بىرقانچە ياشانغان كىشى بوۋاي تەرىپىدىن خېلىلا قاتتىق دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، بوۋايغا بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماس بولدى. بوۋايمۇ ئۇلار يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇشۇقچە گەپ - سۆز قىلماي، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا، غەزەپلىك كۆزلىرىنى قەپەسكە تىكىدۇ. قۇشنىڭ نالىسى كۈچەيگەنسېرى بوۋاي قانداقتۇر چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر تۇيغۇغا چۆكىدۇ ۋە ئەتراپىغا ئاچچىق بىر خىل نەزەردە قاراپ قويىدۇ.

قۇش نالە قىلماقتا. قەپەستىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرماقتا. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ بوۋاينى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولغاندا بوۋاي ئۆزىنى قەپەستىن مەڭگۈ ئازاد قىلىۋەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمىسە كېرەك. . .

بىر كۈنى بوۋاي نالە قىلىۋاتقان قۇشقا قاراپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى: قۇش ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن قەپەس تاملىرىغا ئۇرىدىغاندۇ؟ ئۇ نېمىگە ئىنتىلىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا قەپەستىن قۇتۇلۇپ ھاۋادا پەرۋاز قىلىشمۇ، قەپەس ئىچىدە تۇرۇشمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ ئەخمەق، نېمىدەپ كىچىككىنە بىر جانىۋارنىڭ نالە قىلىشلىرىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىمەن؟ يا ئۇنىڭ بىلەن ئارامدا ھېچقانداق باغلىنىش بولمىسا؟ ! . . .

نېمىشقىدۇر بوۋاينىڭ خىياللىرى چىگىش ئىدى. قارىغاندا، بوۋاي قەپەستىن، قۇشتىن ئايرىلسا ياشىيالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. يۇنداق چىگىش خىياللار ئىچىدە بوۋاي تۇرۇپلا يېڭىدىن توي قىلغان ئوغلىنى ئەسلەپ قالدى - دە، قۇشقا غەزەپلىنىپ ئالىيىپ قويدى.

بوۋاي ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ بىر يىلغا بارمايلا، ئۆزى بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان يالغۇز ئوغلىنى ئۆيلىدى. مومىينىڭ يىلى توشمايلا بولغان بۇ تويغا بوۋاينىڭ خېلىلا قاتتىق نارازىلىقى قوزغالغان بولسىمۇ، توي ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى

ئۆزىنى بەزلەشكە باشلىدى. دېمىسىمۇ، يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بوۋاي بىر كۈنى تاسادىپىي مومايدەكلا ئۆلۈپ كەتسە، ئوغلىنىڭ تويىنى كۆرەلەمتى؟ كېلىن خېلى چىرايلىق ئىدى. گەرچە خىزمىتى بولمىسىمۇ، ئۆي ئىشلىرىغا بولغان چېۋەرلىكى بىلەن بوۋايغا تېزلا يېقىپ قالدى. مۇشۇ ياشقا كىرگەندە كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ، تاماقلىرىمنى ئېتىپ، تاھارىتىمگە سۇ ئىسسىتىپ بېرىۋاتقان مۇشۇنداق كۆيۈمچان كېلىندىن ئاغرىنىپ يۈرسەم سەت بولار، دەپ ئويلايتتى بوۋاي.

بوۋاينىڭ ئوغلى ناھىيىلىك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ ھەمىشە كەچ سائەت ئونلاردا چىقىپ كېتىپ ئەتىگەن سائەت ئالتىلەردە ئۆيگە قايتىدۇ. ھەر كۈنى سەھەر مۇشۇ ۋاقىتتا بامدات نامىزىغا چىقىشقا ئادەتلەنگەن بوۋاي ئوغلى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۇيقۇچان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالىدۇ. ئاڭغىچە كىيىملىرىنىمۇ تولۇق كىيىشكە ئۈلگۈرمىگەن كېلىن پەيدا بولۇپ، ئېرىدىن ئەھۋال سوراشقا باشلايدۇ. بوۋاي ئالدىراپ مەسچىتكە ماڭىدۇ. جامائەت نامازنى ئوقۇپ بولسىمۇ، بوۋاي مەسچىتتىن ھەممىنىڭ كەينىدە يانىدۇ. مەسچىتتىن يانغاندىن كېيىنمۇ ئۇدۇل ئۆيىگە قايتمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئوغلىنى ئويلايدۇ، ئوغلىنىڭ توي قىلغانلىقىنى، كېچىسى ئۆيدە بولالمىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ۋاقىت چۈش بولۇپ قالاي دەپ قالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بوۋاي ھېچقانداق تىنۇش چىقارماي، ئاستاغىنە ئۆيىگە كىرىۋالىدۇ. قوشنىلارمۇ بوۋاينىڭ نېمە ئۈچۈن نامازدىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيگە كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قارىشى بوۋاينىڭ ئىدىيىسىدىن پەقەتلا ئۆتمەيدۇ.

بارا - بارا بوۋاي ئۆزىنى ئوغلىدىن يىراقلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئوغلى كېچىسى زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. كۈندۈزى ئۆيدە ئايالى بىلەن بىللە بولىدۇ. بوۋاي ئوغلىنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىلا گۈگۈمدا قارشى ئالىدۇ.

بۇ چاغدا بوۋاي ئوغلىغا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمايدۇ. چۈنكى ئىشتىن ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كەلگەندە، ئارامىدا قويمىسا بولمايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىلا توي قىلغان بىر چىرايلىق ئايالى تۇرسا. . . ئاخشىمى ئوغلى ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا بولسا، بوۋاي خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە چىقىپ كېتىدۇ. نامازدىن قايتىپ كىرگەندە ئوغلى ئىشقا كېتىپ قالغان بولىدۇ. بوۋاي كېلىنىنىڭ قىپقىزىل پەردە تارتىلغان ھۇجرىسىغا يېقىپ قويۇلغان چىراغقا قاراپ قويۇپلا، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا كېلىنىنىڭ ئۆيى تىمتاسلىققا چۆمگەن بولىدۇ. بىر قېتىم خۇپتەن نامىزىدىن قايتىپ كىرگەندە، كېچىلىك كىيىملىرى بىلەنلا دەرۋازىنى ئاچقىلى چىققان كېلىنىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپلا، بوۋاينىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، بوۋاي ئالدىراپ كېلىنگە بۇندىن كېيىن ئاخشىمى دەرۋازىنى ئەتمەسلىكنى تاپىلىدى. شۇندىن تارتىپ كېلىنى ئاخشىمى دەرۋازىنى ئاچقىلى چىقمايدىغان بولدى. بوۋايمۇ بۇ ئىشتىن رازى بولدى.

بوۋايغا ئۆز تۇرمۇشى ئۆزگىرىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۆز ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن ئوغلىغا كۆڭلىدىكى بىرەر ئېغىز گېپىنى دېيەلمىسە، مۇشۇنىمۇ تۇرمۇش دېگىلى بولامدۇ؟ ئەزەلدىن تارتىپ بىرەر ئىش قىلمىسا كۈنى ناھايىتى زېرىكىشلىك ئۆتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بوۋايغا كۈنلەرنى بۇنداق ئۆتكۈزۈش ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. بوۋاي ئۆزىگە لايىق بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلىدى. ئەمما بىرنەچچە كۈن ئويلىنىپمۇ، نېمە ئىش قىلسا ئۆزىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى تاپالمىدى. كېچىسىغۇ ئۇخلىسۇن، كۈندۈزىمۇ ئۇخلاپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟ ھويلىدا تاراق - تۇرۇق قىلىپ بىرەر ئىش قىلىپ يۈرسىچۇ؟ قوشنىلار ئاڭلاپ، ئوغلىنى ئارام ئالغىلى قويمىدى، دەپ زاڭلىق قىلماسمۇ؟ ئاخىرى بوۋاي ئاغرىپ قالمىسىلا ئۆيگە كىرمەيدىغان بولىۋالدى. ئۆيگە كىرسە ئوغلى ئايالى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىگە گەپ قىلىشقىمۇ چولىسى تەگمىسە، يەنە ئۆيدە تۇرۇشى

كېرەكمۇ؟ بوۋاي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، كەچلىك تاماق بوۋاي ياتىدىغان ئۆيدىكى شىرە ئۈستىدە قويۇپ قويۇلغان بولاتتى. ئۇ تاماقنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇقلۇقىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. بىرەر يىلدىن بېرى، ئوغلى بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلمىگەن بوۋاي ئوغلىغا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكسىمۇ، ئوغلىنىڭ ئۇيقۇسىراپ تۇرغان ھارغىن چىرايىنى كۆرۈپلا، بۇ نىيىتىدىن ياناتتى. ھېلىقى كۈنى كەچتىكى ئىشتىن كېيىن كېلىنىگىمۇ گەپ قىلمىدى. كېلىنىمۇ بوۋايغا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى.

بوۋاينىڭ قەپەسكە سولانغان قۇشلارغا قىزىقىپ قېلىشىمۇ تاسادىپ بولغان. ئىلگىرى بىرەرسىنىڭ قۇشنى قەپەسكە سولاپ قويغانلىقىنى كۆرسىمۇ قاتتىق ئاچچىقى كېلىدىغان بوۋاي بىر كۈنى بىر كىشىنىڭ قەپەسكە سولانغان بىر شاتۇتىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. بوۋايغا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ قۇشقا قىزىقىپ قالغاندەك تۇيۇلدى، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى شاتۇتى ئىگىسىگە ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆتتى. ئەمما بوۋاي ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قۇشقا قىزىقىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ بوۋاينىڭ كاللىسىغا قەپەسكە سولانغان بىر قۇش كىرىۋالدى.

قۇش نالە قىلاتتى. قەپەستىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى. . .

ئىشقا مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئوغۇل بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى. دادىسىنى كۆرۈپلا، ئوغۇل سەل خىجىل بولدى. ئوغلىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى كۆرگەن بوۋاي ئوغلىغا گەپ قىلىشتىن يالتايغان بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. بۇ كۈنى ئوغۇل خۇددى تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك، دادىسىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن ئاڭلىدى. دادىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يېقىندىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئەرلەرگە خاس مىجەزىنى يوقىتىپ قويۇپتىمىش. دادىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ قوينىدىن چىقالمايدىغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ دېگەن سۆزى ئوغۇلغا خېلىلا قاتتىق تەگكەن چېغى، دادىسىغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. بوۋاي بۇلارغا پەرۋاسىز ھالدا سۆزلىمەكتە. ئوغلىنىڭ ھېچقانداق ئىپادىسىز ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن بوۋاي گېپىنى توختىتىپ، ئىشكنى جالاقىدە يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئوغۇل دادىسىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغان بولسىمۇ، بىر مەزگىل يەلكىسىگە ئېغىر بىر تاشنى يۈدىۋالغاندەك بىئارام بولدى.

بوۋاينىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى يەكشەنبە كۈنى كۆرگەن قەپەسكە قامالغان شاتۇتى كەلدى: كىچىككىنە بىر قۇش قەپەستىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرماقتا. قۇش ھەرقانچە نالە قىلسىمۇ قەپەستىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. . .

بوۋاي خۇپتەن نامىزىدىن ئۆيگە قايتقاندا، دەرۋازا داۋاملىق ئوچۇق تۇرىدۇ. كېلىنى ئۆز ھۇجرىسىدىن چىقىپمۇ قويمايدۇ. بوۋاي بۇ ھۇجرا يېنىدىن ئۆتكەندە، ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان قىپقىزىل دېرىزە پەردىسىگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايدۇ. بىر قېتىملىق ئىشتىن كېيىن بوۋاي ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا قەدەم بېسىپمۇ قويمىدى. شۇ كۈنى بوۋاينىڭ ئوغلىغا دەيدىغان زۆرۈر بىر ئىشى چىقىپ قالدى. ئىشكنى بىرھازا قېقىپمۇ ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن بوۋاي سەل ئەنسىرەپ ئىشكنى ئېچىپلا ئوغلى ياتقان ئۆيگە كىردى. كارىۋاتتا ئوغلى بىلەن كېلىنى ئۈستىگە ھېچقانداق نەرسە يېپىنمايلا قىپيالىڭاچ بىر - بىرىگە چىرمىشىپ يېتىشاتتى. بوۋاي كىرسىمۇ، ئۇلار ئورنىدىن تۇرايمۇ دېمىدى. ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرگەن بوۋاي نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئوغلىغۇ پۈتۈن كېچە كىرپىك قاقماي زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. بوۋاينىڭ چاقىرغىنىنى ئۇغۇ ئاڭلىمىسۇن، كېچە - كۈندۈزلەپ ئۇخلايدىغان ماۋۇ ئىنجىمارۇق نېمىدەپ ئاڭلىمايدۇ؟ يەنە تېخى بوۋاينى كۆرسۇن دېگەندەك ئېشەكتەك قىپيالىڭاچ يېتىشقىنىنى؟ شۇ ئىشتىن كېيىن بوۋاي

ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. ئوغلى يوق، كېلىنى ئۆز ھۇجرىسىدا نېمىلەرنى قىلىدۇ، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. بوۋاي نامازدىن يانغاندا، كېلىنىنىڭ ھۇجرىسى ناھايىتى تىپتىنچ بولۇپ قالىدۇ. «بۇ قانجۇق كۈن بويى ئۇخلاپمۇ ئۇيقۇغا قانمايدۇ، ھازىرمۇ ئۇخلاپ قالغان چېغى» دەپ ئويلىدى بوۋاي.

يېرىم كېچىگىچە ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۇيقۇسى كەلمىگەن بوۋاي توساتتىن ھويلىدىكى قەدەم تىۋىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. چىراغنى ياقمايلا ھويلىغا چىققان بوۋاي كېلىنىنىڭ ھۇجرىسىدا يېنىقلىق تۇرغان چىراغنى كۆرۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى - دە، ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. ھۇجرىدىن بىر ئايالنىڭ تاتلىق ۋايجانلىغان ئاۋازى ۋە بىر ئەرنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قارىغاندا بوۋاينىڭ ئوغلى قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ھۇجرىدىن كېلىۋاتقان شېرىن ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرگەن بوۋاي ناھايىتى خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدى. بوۋاي ئۆز ئۆيىدىن قانداق چىققان بولسا، شۇنداق كىرىپ ياتتى. خۇدايىم كېچىنى شۇنداق لەززەتلىك ئىشلارغا ياراتقان، ئوغلۇم ئەمدى ھەقىقىي ئەرلەرگە ئوخشىدى، دەپ ئويلىدى بوۋاي. بوۋاي ئۆزىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىكى شېرىن مىنۇتلارنى ئەسلەپ يېتىپ تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بامدات نامىزىغا كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ، ئوغلىدىن ناھايىتى خۇش بولدى.

بوۋاينىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى. يېرىم كېچىدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان بوۋاي دەسلىپىدە ئوغلۇم قايتىپ كەلدى دەپ قاراپ، ھويلىغا چىقىپمۇ قويمىدى ۋە بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. كېيىنچە بۇ ئىشلار بوۋاينىڭ سەل دىققىتىنى قوزغىدى. چۈنكى، ئەتىسى ئوغلى كۆزلىرى قىزارغان، ھارغىن ھالەتتە پەيدا بولاتتى. ئۇنداقتا كېچىسى كەلگەن كىمدۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئويلاپ بوۋاي قاتتىق غەزەپلەندى. بامدات نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن، بوۋاي ئوغلىنىڭ كېيىملىرىدىكى تۇپا - چاڭلارنى قېقىش بىلەن بولۇپ كەتكەن كېلىنىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى. بۇ بۇزۇق ئوغلىنىمۇ پاسكىنا قىلماقچىمىكىنە؟ ! بوۋاي تۇيۇقسىز كېلىنىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ قالدى. كېلىن ئېسەنكىرەپ بېشىنى كۆتۈردى. بوۋاي كېلىنگە بىرنەرسە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئوغلىنى ئاياپ گەپ - سۆزسىزلا مەسچىتكە قاراپ ماڭدى. دادىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئوغۇل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. بوۋاي ئۆزىنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بوۋاينىڭ كۆز ئالدىغا گۈلدۈرلەپ مېڭىۋاتقان ماشىنا ئالدىدا ئولتۇرغان ئوغلى كەلدى. ماشىنا بىردىنلا قىيپالىڭاچ ئايالغا ئايلىنىپ ئوغۇلغا تاشلاندى. ئوغۇل ھارغىن، بوشاشقان ھالەتتە ھېچقانداق ئىپادىسىزلا ئايالغا قاراپ ئولتۇرماقتا. ئايال ئوغۇلنىڭ بۇ خىل ھالىتىدىن رەنجىپ كۆزلىرى ئۈستىدىن يېنىپ تۇرغان چىراغقا تىكتى. . . بوۋاينىڭ خىيالىنى دەرەخ شېخىدا سەت بوينىنى كېرىپ، ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلدىغان قاغا بۆلىۋەتتى. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرەخ ئۇچىغا قارىدى. دەرەخ شېخىدا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بوۋاينىڭ خىيالىغا بىردىنلا ھېلىقى شاتۇتى كەلدى. كىچىككىنە بىر قۇش نالە قىلماقتا، قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرماقتا. . .

بوۋاي خۇپتەن نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن، كېلىنىگە دەرۋازىنى چىڭ ئېتىپ قويۇشنى تاپىلىماقچى بولدى. ئەمما بوۋاينىڭ كېلىنىگە قەتئىي گەپ قىلغۇسى يوق. مەسچىتتىن يانغاندا، ئۇنىڭ ئىپلاس بەدىنىنى تېخىمۇ كۆرۈشنى خالىمايدۇ. بوۋاي بۇ ئىشلارنى ئوغلىغا ئېيتىشنى ئويلىدى. ئەمما ئاران تۇرغان ئوغلى بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلار؟ قولۇم - قوشنىلار بوۋاينى «سولامچى» دەپ تىللىماسمۇ؟ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بوۋاي بۇ ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟ بۇلارنى ئويلىغانسېرى بوۋاينىڭ ئوي - خىيالى تېخىمۇ چىگىشلىشىپ كەتتى. ئوغلى زاۋۇتقا بارمىسىچۇ؟ بۇ تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۈچ ئادەم ئۇنىڭ ئازغىنە مائاشىغىلا


قاراشلىق. يېرىم كېچىدە كالتەكتىن بىرنى كۆتۈرۈپ بۇ بوزۇقنىڭ ئۇستىدىن چۈشسەمچۇ؟ ھەر كۈنى ئەتىگەن ئوغلىنى قارشى ئالغىلى چىققان بوۋاي مۇشۇلارنى ئويلايتتى. كېلىنىنىڭ سىمىزلىكتىن تىقىلىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېگۈسى كېلەتتى - يۇ، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى دېگۈزگىلى قويمايتتى.

نامازدىن قايتىپ كىرگەن بوۋاي ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئۆزى گۇۋاھ بولۇپ يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنى ئاڭلىماسلىققا، كۆرمەسلىككە تىرىشىپ، قاچان ئۇخلارمەن، دېگەندەك خىياللار بىلەن ياتماقتا. بۇلارنى ئويلىغانسېرى بوۋاينىڭ تېخىمۇ ئۇيقۇسى قاچاتتى. قەدەم تېۋىشى يېقىنلاشتى، قىپيالىڭاچ بىر ئەر بىلەن قىپيالىڭاچ بىر ئايال نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىماقتا، ئاندىن . . . بوۋاي تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

يەكشەنبە بازار ناھايىتى قىزىپ كەتكەن ئىدى. دادىسىنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قويماي، بازارغا سۆرەپ ئېلىپ چىققانلىقىغا ئاچچىقى كېلىۋاتقان ئوغۇل ھېچنېمىگە پەرۋاسىز كېتىۋاتقان دادىسىغا قاراپ قوياتتى. ئوغۇل ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن قەپەسكە سولانغان بىر قۇشقا قىزىقىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. بوۋاي ھېچقانچە قىينالمايلا ئۇلاغ بازىرى يېنىدىكى بىر كىچىك بازارغا كەلدى. چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان قەپەسلەردە ھەر خىل رەڭدىكى قۇشلار ئاجايىپ مۇڭلۇق سايرىماقتا. قايسى قەپەسكە قارىمىسۇن، بوۋاينىڭ كۆز ئالدىغا تۆت تام ئىچىدە نالە قىلىۋاتقان بىر ئادەم پەيدا بولاتتى. ئۇ كىمدۇ؟ بوۋاي بىردىنلا قۇش سېتىۋېلىشقا نىيەت قىلىپ ئوغلىنى ئېلىپ چىققانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىغا قارىدى. ئوغلى ھېچنېمىدىن پەرۋاسىز يىراقلارغا قاراپ تۇراتتى. قارىغاندا ئوغلى قەپەستىكى قۇشقا ئانچە قىزىقمىسا كېرەك. ئۇلار خېلى ئۇزۇن سودىلىشىپ يۈرۈپ، كىچىككىنە بىر قۇشنى قەپەس بىلەن بىرگە سېتىۋالدى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بوۋاي قەپەسنى ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ بىر تال شېخىغا ئېسىپ قويدى. قىپىناتىسى بىلەن ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كېلىن ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى. ناھايىتى مۇڭلۇق ۋە ھەسرەتلىك سايراۋاتقان قۇش كېلىننى كۆرۈپلا سايرىشىنى توختاتتى. بوۋاينىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرگەن كېلىن ئالدىراپ ئۆيگە ماڭدى. ئوغۇل بولسا، قەپەستىكى قۇشقا دان يېگۈزۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرگەن بوۋاي قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ئوغۇل چۆچۈپ دادىسىغا قارىدى. بوۋاينىڭ كۈلكىسىدىن ئوغلىغا بولغان يا ھېسداشلىقىنى، يا ئاچچىقلىنىشىنى ئاڭقىرىپ بولمايتتى.

ئەتىسى قوشنىلارنىڭ ھەممىسى بوۋاينىڭ ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان كىچىك ئورۇندۇقتا ئالدىغا قويۇلغان قەپەستىكى قۇشقا قاراپ غەمكىن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈشتى، بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلمايدىغان بۇ قوشنىسىنىڭ كىچىككىنە بىر قۇشنى قەپەسكە سولاپ قويۇپ، يۈرەكنى ئەزگۈچى ناللىرىگە پەرۋا قىلماي ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن قوشنىلار دوزاخنى شىپى كەلتۈرۈپ، بوۋايغا نەسىھەت قىلىشقان بولسىمۇ، بوۋايدىن دەككىسىنى يەپ، بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلماس بولدى. قۇشنىڭ ھەسرەتلىك نالە قىلىپ ئۆزىنى قەپەس تاملىرىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇشىمۇ بوۋاينىڭ ھېچقانداق رەھىمنى قوزغىيالمايتتى. بوۋاينىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ھەمىشە قۇشقا تىكىلگەنىدى.

قۇش نالە قىلماقتا، قەپەستىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرماقتا. . .



# قوشنام

(ھېكايە)

ئەركىن ئابلىمىت

1

ئىدارىمىزنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى ياخشى بولمىغاچقا يەتتە يىلدىن بېرى شەھەرلىك ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى ھەم كونا، ھەم ئەسكى بۇ بىنادا لېۋىمنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئۆيلەرنىڭ كىچىكلىكى، پار ئۇسكۇنىلىرىنىڭ يوقلۇقى، توك - سۇيىنىڭمۇ تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئادەمدەك ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۈزۈلۈپ قېلىشى كىشىنى تېخىمۇ رەللە قىلىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى مېنىڭ ئۆيۈم ئىككىنچى قەۋەتتە بولۇپ قالغىنى، بولمىسا بىرىنچى قەۋەتتىكىلەر «ھاجەتخانىدىن سېسىق سۇ چىقىپ كەتتى. . . » دەپ قاقشىسا، ئۈچىنچى قەۋەتتىكىلەر «تۇرۇبىمىزدىن سۇ چىقمايۋاتىدۇ، ھاجەتخانىغا كىرەلمەيۋاتىمىز. . . » دېيىشىپ دادلىشىۋاتامدۇ؟ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا سېلىنغان بۇ ئۈچ قەۋەتلىك كونا بىنادا كادىر دەمسىز، ئىشچى دەمسىز، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن دەمسىز ۋە ياكى بىكار تەلەپلەر دەمسىز ھەممىسى تېپىلاتتى. ئوغرى - يالغانلارمۇ بۇ يەردىكىلەرنى پات - پات قاقشىتىپ تۇراتتى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ بىنادىن بىرەر كىشىلىك ئۆيگە ئىگە بولۇشنىڭ خۇددى ئاشىقنىڭ مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يەتكىنىگە ئوخشاش كاتتا ئىش بولۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى؟ ھەي، ئامال قانچە؟ . . .

- قېنى ماۋۇ قىلتىرىق ساقچى؟ . . .

ئىشقا كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئالدىراپ ئىشىكنى قۇلۇپلاۋاتاتتىم. تولۇمدىن توقماق چىققاندەك ئۇشتۇمتۇت قويۇلغان بۇ سوئالنى ئاڭلاپ «شارت» تىدە ئارقامغا بۇرۇلدۇم. ئالدىمدا ئۇدۇلدىكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان، ئاياللىنى دائىم ئۆيىگە سولاپ قويۇپ يوقاپ كېتىدىغان قوشنام ئاچچىقى بىلەن كۆزۈمگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بوي - بەستى يارمىغان كۆتەكتەك يوغان ۋە سورلۇك ئىدى. پولتايغان چېقىر كۆزلىرىدە بولسا غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي سەل گاڭگىراپ قالدىم: «نېمە بولغىيتتى بۇ ئاداشنىڭ ئىسمى. . . ھە، توغرا، قەھرىمان. . . »

- ھە ئۇكام، قەھرىمان، كىمنى دەۋاتىسىز؟

ئۇنى «ئۇكام» دەپ ئاتاپ قالغىنىمدىن ئازراق بىئەپلىك ھېس قىلدىم، چۈنكى ئۇنىڭ ياختا تىققان تاغاردەك كېلەڭسىز تېنىنى يارسا مەندەكتىن ئىككى چىقاتتى. شۇنداقتىمۇ ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن گەپنى سىلىق ئېيتىشقا تىرىشتىم.

- كىمنى دەيسىلەرغۇ؟ ئۈچىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان ھېلىقى چىراغقا پىلىك بولمايدىغان ئورۇق ئاداشنى دەۋاتىمەن.

مەن يەنىلا سالماقلىق بىلەن دېدىم:

- ھە، باراتكامنى دەمسىز؟ ئۇ بۈگۈن چۈشتە ئىشتىن كەلمىگەن چېغى.

- ئۇ نان پايدا قىلماسنىڭ بۈگۈن تەلىيى ئوڭدىن كەپقالغان گەپ، بولمىسا ئەۋلىيا بولسىمۇ ھەققەمسايچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر ئۆگىتىپ قويايتتىم ئۇ گۇيغا. . .

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلىپ، چىرايلىقىنا بىر چوكان پەيدا بولدى. ئۇنى مەن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئاياللىنىڭ تەرىپلەشلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ مۇنۇ قوشنامنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم. ئۇ قورۇنۇپقىنا ئىرىنىڭ پېشىدىن تارتتى:

- ھېچ گەپ يوق، بولدى قىلسا. . .

– ئەر كىشىنىڭ گېپىگە قوشۇق سالماي ئىشىڭنى قىلە ماڭ...

ئۇ خوتۇننى بىرلا ئىتتىرىپ ئۆيىگە كىرگۈزۈۋەتتى.

بۇ داڭقان پۇتى گەپلەردىن ھېچنەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. مەن سەۋرچانلىق بىلەن يەنە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

– ئۇكام قەھرىمان، باراتكام پاشىخىمۇ ئازار بەرمەيدىغان ياۋاش بىر ئادەمتىغۇ؟ سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرگىدەك نېمە قىلدى زادى؟

– يەنە نېمە قىلسا بولاتتى؟ ھەممە ئىشنى موللام بىلەر، موللام قويۇپ كۆلگە سىيەر دېگەندەك، سىلەر ساقچىلارنىڭ ئاغزىڭلاردىن ئەتىدىن - كەچكىچە قانۇن[1] - قائىدە دېگەنلەر چۈشمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلار ئەمەل قىلمايسىلەر...

سائەت توشۇپ قېلىۋاتاتتى. يىل ئاخىرى بولغاچقا خىزمەتلەر ئالدىراش، ۋاقىت زىچ، تۈزۈم چىڭ ئىدى. مەن بۇ پور كۆتەك بىلەن بولغان مەنىسىز دەتالاشنى تېززەك ئاخىرلاشتۇرۇپ ئىدارەمگە ماڭمىسام، ئۇنىڭ داراڭگىدەك توك گەپلىرىدىن ئۆتۈم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ چۈشتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان يىللىق باھالاش يىغىنىغا كېچىكىپ قالسام تېخىمۇ بولمايتتى. شۇڭا مەن باش - ئاخىرى يوق بۇ تېتىقسىز سۆھبەتتىن تېززەك قۇتۇلماقچى بولدۇم.

– ئۇكام قەھرىمان، گەپنىڭ ئوچۇقىنى بىر دەڭا؟

– ماقۇل. ئەسلىدە بۇ گەپنى سىلىگىمۇ قوشۇپ دېمەكچى ئىدىم. بوپتۇ، ئۇياقىقا يەتكۈزۈپ قويارسىلە. ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەس، دەپتىكەن. ئادەم دېگەن ئىتتىن ياخشىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىڭلىنى ساقچى دەيدۇ. شۇڭا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتاي. بۇنىڭدىن كېيىن ئەخلەت - يۇندىلىرىڭلارنى يۇغۇشتۇرۇپ يۇرۇڭلار، مېنىڭ ئىشىكىمنىڭ ئالدى ئەخلەتخانا ئەمەس. ھە دېسە گازىر - مېۋە شۆپۈكى، قەغەز پارچىلىرىنى تاشلاپ يۇنداڭلارنى تۆكىدىغان، بۇنى ئاز دەپ ھېلىقى قىلتىرىقتەك ئورۇق ئاداش ھەر ئاخشىمى ئادەمنى ئۇخلاتماي تاراق - تۇرۇق قىلىپ مېڭەمنى يەپ كەتتى. ئۇنى ياغاچچىمىكىن دېسەم ساقچى دەيدۇ تېخى، ساقچى دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ يا كېچىسى ئۇخلىمامدىكىن ئۇ ئاداش، تورۇكلاپ ئۆيۈمنىڭ تورۇسىنى تېشىۋەتكىلى تۇردى. ئوتۇن - كۆمۈر دېگەننى پەسكە چۈشۈپ پارچىلاپ چىقىدىغان گەپ، موشۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمىسە قانداق دېگەن گەپ بۇ...؟

ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل خورلۇق ھېس قىلىپ ئازراق قىزىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ «سىز - پىز...» نى قويۇپ «سەن» دەپ چۈشتۇم.

– مۇشۇ گەپمىتى؟ بىلىشىمچە بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىڭگە بىر - ئايمۇ بولمىدىغۇ دەيمەن؟...

– شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

– توختا! مال ئېگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەپ تېخى سەن ماڭا دەرس ئۆتمەكچىمۇ؟ بىلىپ قوي ئاداش، سەن كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا بىرەر قېتىممۇ سۈپۈرگە سېلىپ بېقىشقىنىڭنى كۆرمىدۇق. گازىر چاقىدىغان، قەغەز تاشلايدىغان، يۇندا تۆكىدىغان ئادەم مېنىڭ ئۆيۈمدە يوق. بۇنى ئۆزۈڭنىڭ بالىلىرىدىن سورا، بابا ئىشتىن چۈشۈپ كەلسەم ئوغلۇڭ ئىشىك ئالدىغا سىيىپ ئولتۇرىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يەرنى ھەر كۈنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر تازىلاۋاتىدۇ. بىزمۇ تازىلىمىساق سەن ئېيتقاندەك بۇ يەر سېسىق ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ كېتەتتى بۇچاغقا. يەنە كېلىپ بۇ بىر چاپاننىڭ پېشىچىلىكلا يەرغۇ؟ مۇشۇنى دەپ قوشنىلار بۇنچە قىلىشىپ كەتسەكمۇ بولماس. ئىككى كۈندىن بېرى ئاياللىم ئۆيدە بولماي قالدى، بولمىسا سەن خىجىل بولمىغان بىلەن بىزنىڭ بىتىمىز كۆتەرمەيدۇ بۇنداق پاسكىنىچىلىقنى... باراتكامنى چىشلەپ تارتىپ قالدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ دادىسىدەك بىر ئادەمنى تېخى ھاقارەتلىدىڭ، بۇ دېگەن بىنا ئۆي، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ تورۇسىدىنمۇ ئاڭلىنىدۇ ئۇنداق تاراق - تورۇق ئاۋازلار. بۇ دېگەن نورمال ئەھۋال ئەمەسمۇ؟...

قوشنا دېگەن بىرنەچچە كۈنلۈك سەپەردىشىڭ ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە يىللىق، ھەتتا بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتىدىغان يېقىن ئادىمىڭ ئىكەن. «بوپتۇ قىلاي، ئېغىرراق بولاي، ئۇنىڭ بىلەن مەن ئىشىكلىرىمىزنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەملا كېلىدىغان تام قوشنىلار ئىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دېگەن بىر خەلق ساقچىسى. شۇنداق تۇرۇپ، قوشنام بىلەن تېرىقتەك ئىشلارنى دەپ جېدەللىشىپ يۈرسەم سەت ئەمەسمۇ؟...» دەپ ئويلاپ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

– ۋوي، مۇنۇ ساقچى بىگىمنىڭ گېپىنى

كۆرۈك. مۇتتەھەملىك قىلىپ شالتىغىڭنى ماڭا سۇۋۇۋماقچىمۇ؟ قىلغۇلۇقنى قىلىپ - قىلىپ ئاندىن ماڭا دۆڭگىمەكچىمۇ؟ بىلىپ قوي، سەندەكلەردىن نەچچىنى كۆرگەنمەن. خەير بوپتۇ، ياخشى ئىككى يۈز گرام قېقىۋالماپتىكەنمەن، بولمىسا قەھرىمانىڭ كىملىكىنى ئوبدان تونۇپ قالاتتىڭ، ۋۇ سولتەك. . .

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ پەشلىرى ساتىراشنىڭ كاپلىغۇچىدەك پارقىراپ كەتكەن دوراپ پەلتۇسىنىڭ يېنىنى سىلاپ قويدى. ئۇ يەردە تاسمىسىغا ئۆتكۈزۈپ ئېسىۋالغان يەڭدەك يوغان، غىلاپلىق پىچىقى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئەمدى چىداپ تۇرالمىدىم. ئۇنىڭ ئىگىردەك قىرتاق، تاپتەك سېسىق گەپلىرى يۈرىكىمدە شامدەك قېتىپ، ئىمانىمنى قىرىق گەز ئۇچۇرۇۋەتتى:

— نېمە دېمەكچى سەن؟ مەن بىلەن ئەتەي ئېيتىشماقچىمۇ؟— دېدىم چۈشۈپ بولغان ئۈچ پەشتاقتىن بىرلا تاقلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى بىر غېرىچمۇ كەلمەيتتى.

— لېگەن شەپكەڭنى پالان نېمەمگە تەڭ قىلمايمەن جۇما يانا؟ نېراق تۇرۇپ گەپ قىل دەيمەن! . . .

ئۇ دولامدىن ئىتتىردى. مەن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، نىشانلاپ بىرنى تىزلىدىم. ئۇ «ۋاي. . . جان. . .» دەپلا ئىزىغا پالاققىدە يىقىلدى. . .

## 2

باراتكام ئىدارىمىزنىڭ پېشقەدەم تەرجىمانى بولۇپ، پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ گەرچە ۋىجىك ۋە ياداڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن جۇشقۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى تولىمۇ دىيانەتلىك، مېھرىبان ئايال بولۇپ، ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا توغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. باراتكامنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە قېپقالغانىدى. بوۋاي بۇ يەردە تىكەندەك تەنھا ياشايتتى.

— يېقىندىن بېرى ئۆپكە كېسىلىم يەنە قوزغىلىپ قالدى. دىمىم سىقىلىپ، كېچىچە يۆتىلىپ ئۇخلىماي چىقىمەن. يازلىقتا ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كېتەيمىكىن دەۋاتىمەن. ئۇكام، بۇ قېتىم كۆرۈپ كەلدىم. يەتمىش كۋادرات مېتىرلىق ئازادە ئۆيدە ئوغلۇم ئەر - خوتۇن ئىككىسىلا ئولتۇرىدىكەن. ئۇلار «قايتىپ كېلىپ بىز بىلەن بىللە تۇر» دەپ تۇرىۋېلىۋاتىدۇ. . .

— ئۇلار ئوبدانلا چىقىشىپ قالغان ئوخشامدۇ؟

— بۈگەمدىكى باللارنى ئۆزلىرى چۈشىنىلا ئۇكام، مۇھەببەتلىشىمىز دەپ تۆت - بەش يىل سۆرۈشۈپ يۈرۈپ توي قىلدى دېسىلە ئۇلار، كېلىنىم مېھرى ئىسسىق، ئاق كۆڭۈل بالا ئىكەن. تويىدىن بېرى خېلى ئوبدان تۇرىۋاتىدىغۇ ئۇلار. . .

باراتكام ئىككىمىز مۆڭدىشىپ مېڭىپ بىردەمدىلا يېتىپ كەلدۇق. بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشىمىزگىلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھەر ئىككىمىز تەڭلا يۇقىرىغا بويۇنداپ قارىدۇق. جېدەل ئىككىنچى قەۋەتتە - تام قوشنامنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتاتتى. قەھرىمان نېمىلەرنىدۇر دەپ كاركىرايتتى، ئايالى يىغلايتتى.

— بوڭقۇش تەلۋە، خوتۇننى يەنە ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ - دە، — دېدىم زەردەم قايناپ. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى كەچلىك جېدەل ئاۋازىغا خۇددى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ھەقەمسايەمنىڭ تورۇسنى تورۇكشىتقىنىغا ئوخشاشلا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتۇق.

— نېمە ئىش قىلىدىغان يېتىم ئىكەن ئۇ؟ — دېدى باراتكام.

— قاسساپ دەمدۇ؟ . . .

— قاسساپ دېگەنغۇ بىرەھىم، پەيلى يامان كېلىدىغان خەق. . .

ئەمدىلا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشىمىزغا تام قوشنامنىڭ ئايالى يىغلىغان پېتى ئۆيىدىن يۈلقۇنۇپ چىقىپ باراتكامغا ئۆزىنى ئۇرىۋالدى. ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنى قان ئىدى. قەھرىمان بولسا قولىغا كالا سويىدىغان يوغان پىچىقىنى ئېلىپ ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپلا چىقتى. ئۇ باراتكام ئىككىمىزنى كۆرۈپ دەماللىققا سەل ھودۇقتى. ئادەتتە ساقچا فورمىسىنى كۆپ كىيمەيدىغان باراتكاممۇ بۈگۈن كىيىۋالغانىدى.

— نېمە قىلماقچى سەن؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇپ زەرب بىلەن ئارقىسىغا قايرىپ پىچاقنى تارتىۋالغاچ. باراتكاممۇ ياش چاغلىرىدىكىدەك چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىر قولىنى ئارقىسىغا قايرىدى. ئاندىن مەن يېنىمدىن كويزىنى ئېلىپ ئۇنىڭ قول بېغىشىنى جۇپلەپ چاتتىم.

www.uyghurkitap.com

ـ مېنى قويۇپ بېرىش، بۈگۈن تۈزكور قانجۇقنى موزاينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلا. . .

بىز ئۇنىڭ تېقىمىغا تېپىپ، قوتازنىڭكىدەك قوپال، كۆچتۈڭگۈر گەۋدىسىنى يەرگە يۆكلىدۇق. ئۇ ھەدەپ يۇلقىناتتى.

ـ ۋۇ لەنىتى خۇمسا، نومۇس قىلساڭچۇ بىر ئاجىز مەزلۇمغا پىچاق كۆتۈرۈشتىن، ـ دېدى باراتكام. قەھرىمان يۇلقۇنغان پېتى نېمىلەرنىدۇر دەپ تورۇلايتتى.

ئۇنى ئالدىمىزغا سىلىپ بىنادىن چۈشتۇق. ئۇنىڭ ئاغزىدىن پۇراۋاتقان ئاچچىق هاراق ۋە نەشىنىڭ ھىدى كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. قەھرىمانىنىڭ ئايالى پەستىكى ئىشىكنىڭ تۈۋىدە هالسىزلانغان هالدا بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ جاۋغايلىرىدىن ساقىپ چىققان قانىنىمۇ سۈرتىۋەتمەستىن ئىككى قولىنى مۇجۇقلىغان هالدا ئىسەدەيتتى، ئازابلىق بوزلايتتى.

ـ ھەرقايسىلىرىنى خىزىر يەتكۈز. . . دى هۇ. . . هۇ. . . بولمىسا بۇ. . . بۇ چاغقا. . . ئۇنىڭ. . . ئۇنىڭ قولىدا. . . ئۆلۈپ. . . بو. . . لاتتىم. . . ھۇ. . . ھۇ. . . رەھمەت. . . سىلەر. . . گە. . . ھۇ. . . ھۇ. . .

ـ يىغلىماڭ، سەۋر قىلىڭ قىزىم، ئەمدى بىز بار، قورقماڭ، ئۇ مەلئۇن ئەمدى سىزنىڭ بىر تال مويىڭىزغا چېقىلالمايدۇ. . .

ـ مى. . . مېنىڭ قولۇ. . . م. . . ـ ئايال پەس ئاۋازدا تىترەپ تۇرۇپ ئىدا قىلدى.

ـ قولىڭىز نېمە بولدى؟

ـ چا. . . چانىۋەتتى. . . هۇ. . . هۇ. . .

باراتكام دەرھال ئۇنىڭ مەھكەم تۇتىۋالغان قوللىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتتى. ئۇنىڭ ئالقانلىرى پۈتۈنلەي قانغا بويالغانىدى. ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى تۈۋىدىنلا چانىۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت نېپىز بىر قات تېرىسىلا تۇتۇپ قالغانىدى.

يۈرىكىم «قارت» قىلىپ، بەدىنىمگە تىكەن سانجىلغاندەك بولۇپ قالدىم. ئايالغا قاتتىق ئېچىنىپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ئىدى. مەن قەھرىمانىنىڭ بىر قولىنى بوشاتتىم. ئاندىن ئۇنىڭغا شۇ يەردىكى بىر ئىستولىنى قۇچاقلىتىپ كويزىنى قوللىرىغا قايتا سالدىم ـ دە، دەرھال چوڭ كوچىغا چىقىپ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ كەلدىم. باراتكام ئىككىمىز ئايالنى تاكسىغا چىقىرىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق. ئاندىن قايتىپ كېلىپ قەھرىماننى تارماق ئىدارىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ ماڭدۇق. باياتىندىن بېرى قەھرىماننى چۆرىدىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلارمۇ ئارقىمىزدىن ئۇنىڭغا لەنەتلەرنى ياغدۇرغىنىچە قېپقېلىشتى. . .

ئۇنىڭ ئايالى دوختۇرخانىدا ئون نەچچە كۈن يېتىپ داۋالىنىپ چىقتى. بىراق ئۇ مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالدى. دوختۇرخانىدىن چىقىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ بۇ شەھەردىن ئۇن ـ تىنسىز غايىپ بولدى. ئاڭلىسام ئۇ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قەدىردان سەھراسىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

3

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىلقى قىشمۇ ئۆتكەن يىللاردىكىگە ئوخشاشلا سۆيۈملۈك ئىدى. ئوخشىمايدىغان يېرى ـ بۇ يىل قىش ئۈچ ـ تۆت نۆۋەت قار ياغدى. كۈمۈش قار پۈتۈن زېمىننى ـ يوللارنى، ئۆگزىلەرنى، سەينالارنى، گۈللۈكلەرنى قاپلىغانىدى. پۈتۈن تەبىئەت ئاپئاق كۆرۈنەتتى. . .

بۈگۈن ئىشتىن سەل كەچرەك قايتتىم، تازىلىق ئىشچىسى بىنا ئالدىدىكى قارلارنى يېرىپ تارغىنە چىغىر يول ئاچقانىدى. چىغىر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە قار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. كۆزۈم تۇساتتىن بىر قارا نەرسىگە ـ بىنا ئىشىكى ئالدىدىكى قار ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان كېلەڭسىز گەۋدىگە چۈشتى. دەسلەپتە ئۇنى پۇت ـ قولى چۈشلىنىپ ياتقان ئۆكۈزمىكىن دېگەنىدىم، يېقىنراق كەلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ مېنىڭ قوشنام قەھرىمان ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. «بۇ ئاداشنى جازا مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن ئائىلىسىگە كېپىلگە بېرىپتۇ دەۋاتاتتى، راست ئىكەن ـ دە، ئەجەب بۇ يەردە يېتىپ قاپتا؟ نېمە بولغاندۇ بۇنىڭغا. . .» دېدىم ھەيران بولۇپ.

ـ قەھرىمان، بۇ سەنمۇ؟ قوپ، ئۆيۈڭگە كىرىپ يات. . .

ـ كىم سەن؟ ـ ساقچى؟ قىغ. . . قىغ. . . قىغ. . . مەن ساقچىنى كۆرسەم سۆ. . . يۈنۈپ كې. . . تىمە. . . ن. . .

ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان هاراق بىلەن

نەشىنىڭ كۈچلۈك سېسىق ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇپ، دىمىمنى ئالالماي قالدىم. «بۇ ئاداشقا تۆت يىللىق قاماق جازاسى بېرىپتۇ دەۋاتاتتى، ئەجەب ئىككى يىل بولار - بولمايلا كېپىلگە بېرىپتا؟ نېمە سەۋەبتىن كېپىلگە بەرگەندۇ؟ ئادەم دېگەننىڭ تۈزەلمىكى تەستە، كىسپۇرۇچ- نىڭ مىلىق - مىلىق بولۇپ كەتكۈچە ئىچكىنىنى قارىمامدىغان؟ ... ھەي، بوپتۇ، تام قوشنام ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قوياي، كېچىچە مۇزلاپ قالمىسۇن يەنە...» ئۇنىڭ قولىدىن كۈچەپ تارتتىم. بۇ تەتۈر ئۇستىخان مىتمۇ قىلمايتتى.

- قەھرىمان، قوپە! ئاڭلىدىڭمۇ؟ قوپە، بۇ يەردە ياتساڭ توڭلاپ قالىسەن!

- ساراڭ... ساراڭ... قىغ... قىغ... قىغ... ئۆزى ساراڭ... ساراڭ...

- ھەي نېمە دەۋاتىسەن؟ تۇرە ئورنىڭدىن! قارا شۇنچە كۆپ ئىچىپ كەتكىنىڭنى...

- سەن؟ قوشنام... جېنىد... م قوشنا... م...

ئۇ بېشىنى ئازراق كۆتۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى. مەن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرلا كۈچەپ ئۇنى يانپاشلىۋالدىم - دە، پەلەمپەيدىن ئېلىپ چىقىشقا باشلىدىم. ھېلىمۇ ياخشى كارىدورنىڭ لامپۇچكىسى يېقىقلىق ئىكەن. بۇ كالامپاي ئاداشنى يۆلەپ ئەپچىقىشقا كۆزۈم يەتمەي ئاخىرى ئۇنى يۇدىۋالدىم. ئۇ كانارىدىكى گۆشتەك ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنىدى.

مىڭ بىر مۇشەققەتتە سەنتۈرۈلۈپ يۇرۇپ نىشانغا يېقىنلاشتىم. ئۆپكەم كارنىيىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك ھاسىراپ كەتتىم. سۆڭگۈچۈم، تېقىملىرىم دىر - دىر تىترەپ پۈتۈن ئەزايىم تېلىپ ئاغرىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ سەل ئېسىگە كەلدى بولغاي، ئازراق قىمىرلىدى. ئاندىن بىر يانغا قىڭغىيىپ ساڭگىلاپ قالغان يوغان بېشىنى ئاستا كۆتەرگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم.

- قاخ... قاخ... قاخ...

- نېمە بولدۇڭ؟ كۈلۈپ كەتتىڭغۇ؟ - دېدىم مەن.

- خۇداغا شۈكۈر... ئاخىرى مۇرادىمغا يەتتىد... م ...

ئىزىمدا شاپپىدە توختىدىم:

- قانداق دەيسەن؟

- قىخ... قىخ... قىخ... مەن دادام كېسەل بولۇپ قالغاندىمۇ ئۇنى يۇدىگىلى ئۇنىمىغانىدىم. مانا ئەمدى سەن... سەن مېنى يۇ... يۇدۇپ چىقىۋاتىسە... ن...

- نېمە دېمەكچى سەن؟- دېدىم سەگەكلى- شىپ.

- بىلەمسەن؟ ئا... ئادەم ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ر ە... قىبىنىڭ شى... شىللىسىگە مىنىشتىنمۇ ئار... تۇق لەززەتلىك...

مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ ھاماقەتلەرچە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى ئويلاپ، بۇ لەنىتىنى بىرلا ئىرغىتىپ ئۆشنەمدىن تاشلىۋەتتىم - دە، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قاراپ تۇردۇم. بۇ تولىمۇ تاسادىپىيلىك بولغاچقا تەييارلىقسىز تۇرغان قەھرىمان پەلەمپەيدىن بىر - بىرلەپ پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

- ۋۇ سېسىق مۇناپىق... مانا ئەمدى مۇرادىڭغا يەت...

- ھاھ... ھاھ... ھاھ... ئىشقىلىپ مەن يەڭدىم... ھاھ... ھاھ... بۇ قېتىم سەن مېنى تۇرمىگە ئاپىرىپ بېرەلمەيسەن... ئاڭلىدىڭمۇ... ئاپشاركا... ھاھ... ھاھ... ھاھ...

ئۇ بىرىنچى قەۋەت بىلەن ئىككىنچى قەۋەت پەلەمپىيى ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇلمىغا چۈشۈپ توختىدى - دە، ئىنجىقلاپ يۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىشقا باشلىدى. ئېغىك، قاپاقلىرى يېرىلىپ قان تەپچىپ تۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ خۇنى ئۆچكەن، جاۋغىيىدىن شىلىمشىق بىرنېمىلەر ساقىۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتىگە داۋاملىق قاراپ تۇرۇشتىن سەسكىنىپ ئىتتىك ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم: «توۋا دەيمەن، ئۇ راستىنلا مەستمۇ ياكى قەستەن چىشىمغا تېگىۋاتامدىغاندۇ؟ ئالجىپ قالغانمىدۇ يا؟...» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ئۆز - ئۆزۈمدىن رەللە بولۇپ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ بىچارە ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى چىمىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. ئەجەبا ۋىجدان ۋە پەزىلەت جەھەتتىن راستىنلا ئۇتتۇرۇپ قويغاندىمەنمۇ؟...

*　　*


شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قوشنامنى ئىككىنچىلەپ كۆرمىدىم. ئاڭلىسام ئۇنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇشۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



# يۇرەكتىكى چوغ

ئىبراھىم نىياز



ئاپتور 1964 - يىلى 8 - ئايدا ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى شىنجاڭ نېفىت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، قاراماي بۇرغىلاش باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ھازىر بۇرغىلاش شىركىتىدە تەرجىمانلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، ئون نەچچە پارچە ھېكايىسى، 30 نەچچە پارچە نەسرى، «سولاشقان ياپراق» ناملىق پوۋېستى، 60 پارچىگە يېقىن تەرجىمە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. «ئاھ، گېتار» ناملىق شېئىرى تۇنجى نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «قاراماي لىرىكىسى» قاتارلىق 12 پارچە شېئىرى ھەر خىل ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.

## چوغنى سېغىنىش

چوغ،
تەۋەللۇتى ھاۋا ئانىنىڭ
ياساپ چىققان ئادەم ئاتىغا
ئۆلچەپ بولماس ئۇنىڭ ۋەزنىنى
ۋەسۋەسىگە سالار شەيتاننى.
ۋەسۋەسىگە سالار كۆزلەرنى
ئېلىپ قاچار خىياللارنىمۇ،
ئېلىپ قاچار تاتلىق سۆزلەرنى
ئېلىپ قاچار ھەممە،
ھەممىنى . . .

چوغ
كۆيدۈرگەنگە ئۆلمەيدۇ ئادەم،
بىراق،
پىتىپ قالار ئادەملەر
شېرىن، گۈزەل ئەسلىمە ئارا،
ئۆيلىغانچە تۈگىمەس دەردكە. . .

قىزچاق،
نېمە قىلىپ قويدىكىن مېنى،
سېنىڭدىكى چوغ . . .

## قىسمەت

بەختىمدىن ئايرىلغان ئاشۇ دەقىقە،
بېشىمدىن ئۆتتى بىر قاغا ۋىقىلداپ.
بىلمىدىم، ئاشۇ دەم كىملەرنىڭ نەپسى،
كىملەرنىڭ بەختىچۈن كەتتى تاقىلداپ؟

كۆڭلىرىم ئۆتتى ئاھ، بەكمۇ پەرىشان،
قاباھەت ئىلكىدە قالدى چۈشلىرىم.

تەنھالىق، غېرىبلىق چۆلىدى مېنى،
نەگىدۇ يوقالدى ھەتتا قۇشلىرىم.

قىش كىرمەي، مۇز بىلەن قاتتى دېرىزەم،
پەسىللەر ئەركىسى باسمىدى ئاياغ.
كىمگىدۇ دەردلەرنى ئېيتماقچى بولدۇم،
مېنىڭدەك بىر دەردمەن چىقمىدى بىراق.

قەلبىمنىڭ ئىشىكى ئېتىلدى مەھكەم،
ئايلاندىم بىر پارچە ياپراققا گويا.
ئاھ، بۇ ھال شامالغا بوپ بەردى دەستەك،
بىر مېنى ئاشۇنداق ئۇنتۇدى دۇنيا.

مەن سېنى ئەسلىدىم ئاشۇ ئاخشىمى،
ۋە لېكىن بىھاجەت مېنى ئەسلىشىڭ.
ئاھ، مېنى قىيىندى، قىيىندى ئەجەب،
مۇڭلارغا چىرماشقان ئاشۇ كەچمىشىڭ.

سۆيۈشلەر يۈز بەرمەس بۇ يەردە ئەمدى،
تەنلەرگە ئىككىنچى تۇتاشمايدۇ ئوت.
كۆزلەردە تەبەسسۇم پارلىمايدۇ ھەم،
تەنھالىق ئىچىدە ياشايدۇ ۋۇجۇد.

سەن بىلەن بىر چۈشنى كۆرەلمەيمىز تەڭ،
جەننەت ئىشىكىمۇ بولىدۇ باشقا.
ناۋادا تۇپراققا ئايلانسامۇ مەن،
سېنىڭ ئايلانمىقىڭ تەستۇر تاشقا.

## قىزلار ياتىقى

- مەن مۇشۇ يەردە ئازابلانغان. . .

ھەسرەتلىك تىنىقىڭ شۇ قەدەر ئىسسىق،
قوشۇلۇپ بارماقتا تىنىقلىرىمغا.

ئۆزۈمگە ناتونۇش بوپ قالدىم ئۆزۈم،
شۇ ئەسنا كۆلدۈكمۇ قىلىقلىرىمغا.

دېكابىر سوغۇقى تۇرسىمۇ سوقۇپ،
ۋۇجۇدۇم باغرىڭدا ئېرىدى بىر پەس.
يۈرىكىڭ سوقۇشى ئاڭلاندى ھەتتا،
ئەمما سەن مەن ئۈچۈن بولالمىدىڭ مەست.

كۆزلىرىڭ تۆكسىمۇ ئىسسىقىنا ياش،
باغرىمغا باسمىدىم كۆچەپ ۋە كۆچەپ.
يۈرىكىڭ بىر - بىرلەپ قىلماقتا بايان،
سەندىكى ھەسرەتنى مىسكىن دۈپۈلدەپ.

سەزدىمەن قەلبىمدە ئېغىر بىر ئازاب،
ھەسرىتىڭ، ھەسرىتىم سۆيۈشكەن يەردە.
تۈگىمەس چۈشلەرگە بولدۇم مۇپتىلا،
سۆيۈملۈك دىلرەبا بىر سەن ھەققىدە.

جۇدالىق ئەزرائىل بولالماس زىنھار،
شۇ بىرلە ھەسرەتلەر قىلماقتا داۋام.
ئۆلۈمنىڭ شەپىسى كەلمەيدۇ ھەتتا،
ھەسرەتكە ھەممىنى قىلسامۇ ئىنئام.

## چىملىق

سېھىرگەرسەن!
سېھىرلەپ تۇرسەن مېنى ھەر قاچان
سىنىڭدە يايرىغۇم كېلىدۇ پات - پات.
قەلبىمنى چۇلغىغان ئېغىر ئازابلار.
ئاھ، ئاشۇ سېھىرلىك قۇچاقلىرىڭدا،
ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ پات - پات!
سەن تەڭرى ياراتقان كۆركەم بىر شەھەر،
ۋە لېكىن چۈشەندىم كىچىكىپ سېنى.
مۆزنى ئېرىتكۈدەك ھارارىتىڭ بار،
ھەر كۈنى مەھلىيا قىلىسەن مېنى.
بۈندىكى شەھەرلەر ئوخشىماس ساڭا،
شۇ قەدەر كىچىكسەن، ئەمما سېھىرلىك.
دۇنيانى ئۇنتۇيمەن سەندىلا پەقەت،
شۇ ئەسنا سەن ئۈچۈن بولۇپ قەدىرلىك.
ئۆتىمەن گاھ سېنىڭ ئىختىيارىڭغا،
ئۆزۈكمۇ ئىلكىمگە ئۆتىسەن پات - پات.
ئۇچرىشىش شۇ قەدەر بولسىمۇ شېرىن،
جۇدالىق بۇ جاننى ئەيلەيدۇ بەربات.
ئېھ، سەن چىملىق!
كۆڭلۈمدىكى گۈزەل بىر شەھەر...
مۇشتاق بولغان سېغىنىشلارغا!

# ئۈچ شېئىر

دولقۇن روزى

## كېلىمەن باھارنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ

قىنىقلاپ بارىدۇ ھەسرىتىم رەڭگى،
سوغۇق نۇر تامچىلار كۆلكەم بەرگىدىن.
ياپيېشىل غايىگە زارىققۇچىمەن،
ۋە پەرۋاز كۈتكۈچى تۈيغۇ ئەركىدىن.

دىل ئەزگۇ مۇڭىدا تار چىرتار ئاياز،
ئاپئاق قار چۈشىدۇ ئارمان توزىتىپ.
سۆيگەنچە سېرىقتال قەدەملىرىمنى،
داللار قالىدۇ مېنى ئۈزىتىپ...!

كېلىمەن باھارنىڭ ئىزىنى ھىدلاپ،
ئويغىنار ناخشامدىن ئەندىككەن يوللار.
ئاسايىش ئىزدىگەن ۋەزمىن ئىرادەم،
ئۈمىددە روھىمدىن تەشۋىشنى قوغلار.

بۇ تەقدىر تارازام مۇۋازىنەتسىز.
ۋەزنى بەك ئېغىردۇر دەردلەر تېشىنىڭ.
شادلىقتا بەختكە تەگكۈزگىلاشقۇم بار،
پەيمانى توشماقتا ئازاب قىشىنىڭ.

ئىستەكلەر قانىتى يېتىلەر ئاڭدا،
قەلبىمدە ھۇۋلايدۇ تىل چىققان بوران.
ئەڭ گۈزەل كۈيلىرىم كۈتىدۇ تۇغۇم،
تولىمۇ سوزۇلۇكتۇر مەن سۆيگەن ئارمان...!

## سەمەندەر ناخشىسى

سەمەندەرمەن دوزاخنىڭ كۈيلىرىنى كۆل قىلغان،
خىيال شەمىم لاۋۋالار غايىسىگە ئۇيۇتقا.
ئىس ناخشامغا يالداما قاسراقلىرى ئازابنىڭ،
بورانلىرىم بەك كەپسىز يېتىلمەكتە ۋۇجۇددا.

ئەنسىز ھۇۋلاپ جىمىقار خورەكلەر شەھۋىتى،
ئىشرەت نازى نۇرۇمنى ناركوزلاشقا بىچارە.
دىلنى باسقان بىخۇتلۇق تاغلىرىغا دەز كېتەر،
مېنىڭ سۈكۈت پىيالەم بولغىنىدا مىڭ پارە...

زۇلمەت ئېتى ئىزىمنى ئېچىرقاشتا پۇرايدۇ،
پەرۋاز تىلەر روھىمدىن قارىغۇسى رەڭلەرنىڭ.
چۈش كەپتىرى سەرساندۇر مېنى يادقا ئالالماي،
رىسالىسى بار مەندە جاراھەتتە «ئەڭ» لەرنىڭ.

www.uyghurkitap.com

مومىيالىرى جەننەتنىڭ ئەمەس تۈگەل قۇرئەنداز،
ئۇق يىلتىزى بەك تېرەن قەدىم ھىجران گۈلۈمگە.
يالقۇنۇمغا توپانلار زىنھار ياماق بولالماس،
تىۋىنماسمەن چىشنى بىلەپ تۇرغان ئۆلۈمگە...!

خەير دەيمەن يۈرەكتىن ئەرۋاھىغا ئازابنىڭ،
ئارمان تېكىم ئەمەستۇر ياش دېڭىزغا تەقدىرداش.
ھەسرەتلەرنىڭ قەرزىگە پايخان بولماس روھنامەم،
ھەربىر تامچە كۆلكەمدىن تۇغۇلغۇسى بىر قۇياش.

## كۆز ياشسىز دەيدىكىن كىممۇ چۇشلەرنى

بۇ كېچە چۈشلىرىم سارغايدى قەۋەت،
چاراسلاپ كۆيمەكتە خىيال قالدۇقى.
ئەركىچە جازالار كۆلكەمنى زۇلمەت،
يۈرەككە سانجىقلىق كۆلپەتنىڭ ئوقى...

دوزاخقا بۇيرۇلغان ئەرۋاھ مۇڭلىرىم،
پىغاندا بۇقۇلداپ ئۆكسۈيدۇ كۆڭۈل.
قەلبىمنى كېزىدۇ ھەسرەت بورىنى،
ھېسلىرىم جۇدۇندا قالغان رۇخسىگۈل.

پەنجىرە ئاستىدىن مارايدۇ بەخت،
كىرمەكچۈن ئۈيقۇلۇق ئىدراكقا بۆسۈپ.
ئەلەمدە تىغلانغان شەيدا جىسمىمدىن،
نەپرەتلەر مايىسى چىقماقتا ئۆسۈپ...

ئازابرەڭ ناخشىلار تۇرار ئىزاھلاپ،
ئارمانغا قادالغان ئاچچىق نەشتەرنى.
كېچىنىڭ باغرىغا تۇتاشنى يالقۇن،
كۆز ياشسىز دەيدىكىن كىممۇ چۇشلەرنى...!

# ئىككى شېئىر

مەمتىمىن ئابدۇقەييۇم

## سەن تەنھا كەلگەندەك كېتىسەن ئاخىر

كىم مېنىڭ قەلبىمنى ئىگىلەپ ياتقان؟
بىلىمەن، ئۇزارغان ئەجەلنىڭ قولى.
مېنى ھەم سېنىمۇ يۇتىدۇ ھامان،
ئەزرائىل جىمجىتلا كېلىپ بىر كۈنى.

يېقىنلاپ كەلمەكتە بىزلەرگە ئەجەل،
ھەربىر كۈن باغرىدا ئۆلۈم پۇرىقى،
ھاياتقا تىنىمسىز بەرسەكمۇ بەدەل،
ۋاپا يوق، ئۇزۇلەر تەقدىرنىڭ يىپى.

بەش كۈنلۈك ئالەمگە تويمايدۇ ئىنسان،
دەس تۇرار ھاياتتا يىقىلىپ تۇرۇپ.
تۇمانغا ئورالغان بولسىمۇ جاھان،
كەتمەيدۇ ئۈمىدنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ.

زورۇقۇپ كۈلمەكچى بولساڭمۇ قانچە،
ھەقىقىي بىر قېتىم باقمىدىڭ كۈلۈپ.
كۆلبەڭگە كىرىدۇ قىز بولۇپ كېچە،
قالىسەن مەجبۇرى ھەسرەتنى سۆيۈپ.

ئۆزۈڭنى ئۇنتۇغىنىڭ كېلەر شۇقەدەر،
سەبىيلىك چېغىڭنى سېغىنىپ تاتلىق.
روھىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ شەمشەر،
سالغىنىڭ بار ماماتلىق جېڭىگە قاتتىق.

ئۆتمىز ئۆلۈمنىڭ ئىلكىگە ئاخىر،
ھاياتنى گاھ قاغاپ، گاھى قۇچاقلاپ.
سەن تەنھا كەلگەندەك كېتىسەن ئاخىر،
ھاياتقا قانماستىن كەينىڭگە قاراپ.

## سېغىنىش

سېغىندىم شۇقەدەر سېنى ئۇرۇمچى،
سېغىندىم ئۇماق قىز قوشۇپ سېنىمۇ.
سېغىندىم قار گۈلى سۆيگەن دالاڭنى،
سېغىندىم پەسلىنىڭ شاھى يازنىمۇ.


سېغىندىم مېھىرلىك كېچىك ياتاقنى،
سېغىندىم شەنبىلىك تانسىنى قەۋەت.
سېغىندىم تۇنجى قار ياغقان كېچىنى،
سېغىندىم ئېھ سېنى تۇنجى مۇھەببەت.

سېغىندىم پەرىشتە سۈپەت مۇئەللىم،
سېغىندىم چاقچاقچى دوستلارنى قاتتىق.
سېغىنىش ئەۋجىدە جۇشقۇنلار قېنىم،
روھىمغا بېغىشلاپ ئالەمچە شادلىق.





# ئالا ئىنەك، كەنت باشلىقى، قارا موزاي



(ھېكايە)

قۇربان ئېلى

1

توقاي كەنتىدە قارا موزاي تۇغۇلغان كۈنى كەنت باشلىقىنىڭ كۆڭلى چۈش كۆرۈپ چۆچۈشكەن ئاشنى يەۋالغاندەك غەش بولدى. ئۇ بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشكە شۇنچە تىرىشسىمۇ قارا موزايلارنىڭ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك كەينى - كەينىدىن تۇغۇلۇۋېرىشى كەنت باشلىقىنى ئىچىگە قېرىقىز غوزىكى كىرىۋالغاندەك بىئارام قىلدى. ئۇلۇشكۈن چۈشىدە ئۇنى تۆگە تېپىۋېتىپ چۆچۈپ ئويغانغاندا ئاغزى - بۇرنىغا قورقاق چىقىپ كەتتى. ئۇ پرىنسىپقا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى چىڭ تاقاپ بىلىدىغانلىكى ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆز - ئۆزىگە سۈپكۈشلىۋالدى. نەچچە كۈنگە قالماي قوقاق يارىلىرى ساقىيىپ كەتتى. ئەمما چۈشىدە قارا باسىدىغان ئىش توگىمىدى.

ئۇيۇقتىن كۈلرەڭ، قىزىل، سېرىق رەڭلىك ئەبجەش نۇرلار تۇمان ئارىسىدىن تۆكۈلۈۋاتاتتى. تۇيۇقسىز گۈلدۈر - قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسمان بۇرجىكىنىڭ يىرتىقىدىن بىر توپ مەخلۇق چۈشتى. ئاندىن پادىلارنىڭ دۈپۈرلىشى، مەرەشلىرى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز بارا - بارا يېقىنلىشىپ كەنت باشلىقى مانان ئىچىدە كېلىۋاتقان مۈڭگۈزلەرنى، ئەت - تېرىسىز، چوقا - ئىسكىلىتلارنى كۆردى. مۈڭگۈزلەرنىڭ ئۇچىدا يالت - يۇلت قىلىپ سوغۇق ئۇچقۇن چاقنايتتى. كۆز كاۋاكچىلىرىدىن دەھشەتلىك يالقۇنلار پۇرقۇپ چىقاتتى. ئىسكىلىتلار ئۇدۇل كەنت باشلىقى تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالمان - تالمان قاچماقچى بولدى - يۇ، بىر قەدەم بېسىپلا توختاپ قالدى. ئىككىنچى قەدەمنى ئېلىشقا كۆزى يەتمىدى. چۈنكى ئۇ مەھەللىنىڭ تۆت چېتىنى بىمالال كۆزەتكىلى بولغىدەك ناھايىتى ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇراتتى. ئەمدى ئۇ قېچىشنىڭ بىھاجەتلىكىنى ھېس قىلىپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ ئىسكىلىتلار ھەرقانچە قىلسىمۇ تاغقا چىقالمايتتى. ئۇ بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ موخۇركا چەكمەكچى بولدى. يېنىنى ئاختۇرۇپ قەغەز ئىزلەۋاتقاندا قولىغا تەقدىرنامىنىڭ بۇرجىكى چىقىپ قالدى. تۇتقان يېرىدىن بىرلا تارتىپ يىرتىۋالدى - دە، چەت - چۆرىسىنى قىرمايلا موخۇركا ئوراشقا باشلىدى. كۆزى يەر - جاھاننى چاڭ كەلتۈرۈپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئىسكىلىتلاردا ئىدى. ئۇلار يېقىنلىشىپ قالغانىدى. كەلسەڭ كېلىۋەر يالاڭتۆشلەر! غوجىكاڭ مۇشۇ تاغنىڭ ئۇستىدىلا بولىدىكەن، مويۇمنى تەۋرىتەلىگىنىڭنى بىر كۆرەيچۇ؟! ئۇ ئۆز - ئۆزىنى بەزلەپ موخۇركا چېكىۋاتقاندا تاغ قاتتىق تەۋرەپ پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى. تەلىيىگە تاغدىن ئۇچۇپ كەتمىگەنىدى. تاغ بارغانسېرى شامالدا قالغان قورايدەك لەپەڭشىگەلى تۇردى. ئۇ قاماللىۋالغىدەك بىرنەرسە ئىزلەپ سىپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە تۇكلۇك بىر نېمىنى تۇتىۋالدى. ئۇ مەھكەم چاپلىنىشىپ ياتقىنىچە تازا سەپسالغانىدى، كالا قۇيرۇقى بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا غەلىتە پۇراق ئۇرۇلغاندا بېشىنى تاغنىڭ لېۋىدىن چىقىرىپ پەسكە قارىدى. ئىسكىلىتلار تاغنى مۈڭگۈزى بىلەن تىلغاۋاتاتتى. تاغ گەۋدىسىدىن تېرە، گۆش، ئەمچەكلەر چۇۋۇلۇپ چىقاتتى. ئىسكىلىتلار بۇلارنى بىر - بىرىنىڭ ئۇستىگە ئارتىپ

www.uyghurkitap.com

قويۇۋاتاتتى. ئىسكىلىت قوشۇنىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلىدىغاندەك قىلمايتتى. تاغ ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك لەپەڭشىيتتى. ئۇ باشقىدىن ئەنسىزلىككە چۆكۈپ غىل - پال بىر ئۈمىدتە قولى يەتكەن دائىرىنى سىپاشتۇرغانىدى، تاپانچىدەك بىرنەرسە چىقىپ قالدى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ تارتىشىپ كەتكەن قوۋۇزلىرى سەل ئەسلىگە كەلدى. تاپانچىنى بەتلەپ تۆۋەنگە قارىتىپ تەپكىنى باسقىلى تۇردى. ئوق ۋاژىلداپ ئىسكىلىتلارغا قاراپ ئۇچماقتا... قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ يەرگە تورۇكلاپ چۈشمەكتە... ئىسكىلىتلار تاغنى ئەسەبىيلىك بىلەن مالتىلاپ چۇۋۇماقتا... ئۇ ئوق چىقىرىپ ھارغاندىلا قولىدىكىنىڭ باللار ئوينايدىغان ئويۇنچۇق تاپانچا ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. تاغ بارغانسېرى ئەنسىز لەپەڭشىپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالدى. «ئەگەر تاغ غۇلاپ ئۆزى ئىسكىلىتلارنىڭ ئارىسىدا قالسا...» كەنت باشلىقى ئۇنىڭ نېرىسىنى خىيال قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ تۇرۇپلا ئالالنى يادىغا ئالدى. دىمىغى ئېچىشىپ كۆزىدە ياش لىغىرلاپ قالدى.

ئاغىسىز ئىشتان كىيگەن ۋاقىتلىرىدا مومىسىدىن ئۆگەنگەن سۈرە - ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆزىگە مەدەت تىلىمەكچى بولدى، ئەمما ئوقۇغانسېرى ئاغزىدىن داھىغا توقۇلغان مەدھىيە سۆزلىرى چىقىپ كېتىۋاتاتتى، دېمى سىقىلىپ گۆرەن تومۇرى كۆپەتتى. شۇ دەقىقىدە تاغ قىڭغىيىپ كەنت باشلىقى سىيرىلىپ كەتتى. «ئەمدى تۈگەشتىم». ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمەستىن تاغ قاپتىلىدا ھاۋا تاپان ساڭگىلاپ تۇراتتى. پۈتى بىر لەۋھەگە ئىلىنىپ قالمىغان بولسا ئۇ راستتىنلا ئاشۇ ئىسكىلىتلارنىڭ ئايىغىغا چۈشكەن بولاتتى. ئەمدى ئىسكىلىتلار تاغنى مالتىلاشتىن زېرىككەندەك ئۇنىڭغا مۆڭگۈزلىرىنى دىۋەيلەپ سەكرىمەكتە ئىدى. ئۇ بولسا مىنۇت - سېكۇنتلاپ پەسكە ساڭگىلىماقتا. ئەنە ئىسكىلىتلار ئىچىدىن پۈتۈنسۈرۈك بىر قارا بۇقا چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. كۆكۈش نۇر چاقناۋاتقان بىر جۈپ مۆڭگۈز ئۇنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلاندى...

- ۋايجان!

كەنت باشلىقى ئۈچ قات كۆرپە ئۈستىدىن يەرگە چۈشكەندىلا ئاندىن ئويغاندى. ئېغىز - بۇرنىدىن ھاراقنىڭ بۇسى گۇپۇلدەپ تارقىلاتتى. ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا ھېلىقى ئىسكىلىتلارنىڭ سانسىز كۆز كاۋاكچىلىرى چەكچىيىپ تۇرغاندەك سۇرلۇك بىلىنەتتى.

2

كېچىچە تولۇق ئۇخلىيالمىغان كەنت باشلىقىنىڭ قاپاقلىرى مايمۇنىنىڭ كاسىسىدەك ئىششىپ چىقىۋالغانىدى. بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بەدىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئېغىر بىلىنەتتى. ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ناشتىغا ئولتۇرۇشىغا يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئىمىننەقى ھاسىراپ - ھۆمىدەپ كىرىپ كەلدى. تىنچ - ئامانلىق سوراپ بولۇپ كاڭنىڭ لېۋىگە جايلىشىپلا ئادىتى بويىچە سۆزلەپ كەتتى.

- يۇقىرىقى مەھەللىدە بۈگۈن ئاخشاملا قارا موزايدىن بەشى تۇغۇلدى. بۇ گەپنى سىلىگە دېيىشكە ئالدىراپ كېلىۋېتىپ بامداتنى تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ مەسچىتىدە ئوقۇپ قالدىم. نامازدىن تاراۋېتىپ بۇ مەھەللىدىمۇ ئاشۇنداق موزايدىن تۆت - بەشى تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىش...

- قارا موزاي تۇغۇلسا نېمە بوپتۇ، ئىنەككە سىلە بىلەن بىز ئېسىلمىغاندىكىن!

بۇ گەپلەرسىزمۇ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق كەنت باشلىقى يا دوق قىلغاننى يا پەرۋايىغا ئېلىپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان تەلەپپۇزدا ئىمىننەقىگە توڭ تەگدى. ئاندىن سۆڭەككە تەلمۈرۈپ چىشىغا كالتەك تېگىپ كەتكەندەك سالپىيىپ قالغان ئىمىننەقىگە ئىچ ئاغرىتىپ قالدى بولغاي قوشۇپ قويدى.

- تەشكىلگە يېقىنلىشىپ ئاكتىپ ئىشلەڭلا، يۇقىرىقى مەھەللىنىڭ ئىمامى قېرىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ئىمىننەقى بايىقى دەشنامنى ئاڭلىمىغاندەك ھىجايغىنىچە نەچچە تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

كەنت باشلىقى ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ ئۆزىنى ئىمكانقەدەر سالماق تۇتۇپ كەنت ئىشخانىسىغا كېتىۋاتاتتى، ھېلىقى قارا موزايلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىپ جىلە بولاتتى. يېنىدىن غىل - پال بىرنەرسە سالام قىلىپ ئۆتكەندەك قىلدى، تايىنلىق ئالا ئىنەك دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇ كەنتتە ئالا موزايلار تۇغۇلۇپ كېلىۋاتقىلى خېلى زامانلار بولغان، قارا موزايدىن بىرسى تۇغۇلسا بىرسىنىڭ تۇخۇمى ئاختا قىلىنىپ نەسلى قۇرىغان ئەمەسمۇ؟ ئالا نەسىللىك كالىلار ياۋاش، ئىگىسىنى ئۈسمەيدۇ، نېمە تاشلاپ بەرسە شۇنى

يەيدۇ، ھەتتا بىرسىنىڭ گۆشىنى يەنە بىرسىگە تاشلاپ بەرسىمۇ ئىككىلەنمەي يەۋېتىدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ تايىنى يوق، ئىنەكلىرىدىن چېلەكلەپ سۈت چىقىدۇ. بۈگۈنلۈكتە قارا موزايلارنىڭ تۇغۇلۇۋېرىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ نەسىل ياخشىلاش سىياسىتى چىققىلى نىكەم؟ يۇقىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قالسا تەكشۈرمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ چۈشۈمدە ئايان بولغان ھېلىقى قارا بۇقا. . . ئىشنى كىچىككىدە يىغىشتۇرۇش كېرەك. قورسىقىدا جېنى بار قارا بۇقا مەخپىي بېقىلىۋاتقان گەپ، توغرا! شۇ بۇقىنى تاپماي قويمايمەن. كەنت باشلىقى كەنتتىكى بارلىق ئەزالارنى، كالىلارنى، موزايلارنى دۈشكەلەپ قويۇش قارارىغا كەلدى.

ئۇپۇقتىن كۆلرەڭ، قىزىل، سېرىق رەڭلىك ئەبجەش نۇرلار تۇمانغا مىلىنىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئەتراپتا جىگدە ئوتۇننىڭ ئىسى سۈس لەيلەپ يۈرەتتى. قازاندا كالا گۆشى بىلەن گۈرۈچ پۇرۇقلاپ قايناۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى مىشىلداپ يىغلىغاندەك قىلاتتى. باللارنىڭ ئويۇنچۇق مىلتىقلىرى جىگدە ئوتۇنىغا قوشۇپ ئوچاقتا سېلىنىۋاتاتتى. خەلق ئەسكەرلىرى يېڭىگە تەرتىپ ساقلاش بەلگىسىنى تاقىۋېلىپ تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىغاندەك، تۇرۇپ خامان تەپكەندەك مېڭىپ قوياتتى. چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار پاراققىدە مۆرەپ قوياتتى، مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋازلار توختىمايتتى. كەنت باشلىقى قولىدىكى يەتتە ھالقىلىق داپنى قىزىتىپ بولۇپ نەغمىسىنى باشلىۋەتتى:

ئالا موزاينىڭ ئاپىسى،
چىپار موزاينىڭ دادىسى،
بۇ مەھەللىدە بىر ئىش بار،
نەدىن كەلدى قارىسى. . .

كەنت باشلىقى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، چېكە تومۇرى چىققىچە نەغمە قىلغان بولسىمۇ ھېچكىم ئۇسسۇلغا چۈشمىگەندىن كېيىن، داپنى ئىمامغا تۇتقۇزدى. ئىمام تەمكىن قىياپەتتە نەغمىسىنى سۇرە - پەتىھە قىلغاندەك مۇڭلۇق باشلىدى:

بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس يۇت -
قوللىرى ساڭگىلاپ،
قارا موزاينىڭ تۇغۇلىشى چوڭ ۋاجىپكە ھەم
خىلاپ،
ئاللا بىزگە پاناھدۇر جاننى ئۆزى ئالادۇر،
قارا بۇقا تېپىلسا قورساق ئاشقا قانادۇر. . .
ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە قاراپ پۇشۇلداشتى، قازاندىن كېلىۋاتقان پۇراقنىڭ تەسىرى بىلەن شۆلگىيى ئاقتى. ھېلىلا قوپۇپ دۇپۇرلەپ ئۇسسۇل ئوينايدىغاندەك قىلاتتى. تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ بىر پارچە تۇتۇن ئۆرلەپ چىقتى. تۇتۇن ئىچىدە يوغان بىر قارا بۇقا زاھىر بولدى. ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىسىدىن ۋىشىلداپ نۇر چاچرايتتى. كۆزىدە ئۆتكۈر نۇر ياناتتى. گۈرۈچنىڭ كۆيگەن پۇرىقى كېلەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ تېرىسى قارىداپ مۈڭگۈزى ئۆسۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

- ئۆزىمىزنىڭ گۆش ۋە گۈرۈچىدە قايناۋاتقان ئاشنى كىمىڭگە ساقلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدىشىسەن!

بىراۋ شۇنداق ۋارقىرىشىغا توپ دەۋرەپ كەتتى. ھايت - ھۇيت دېگىچە پادا بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. تەرتىپ ساقلايدىغانلار كۆرۈنمەيتتى. ئىماممۇ جىندەكلا غايىپ بولغانىدى. كەنت باشلىقى جېنىنى ئېلىپ قاچماقچى بولۇپ نەچچە قەدەم مېڭىشىغا بىر كۆتەككە پۇتلىشىپ قازانغىلا يىقىلدى. . . كەنت باشلىقىنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنى كاڭدا، ئۈستى يەردە تۇرغان ھالەتتە ئويغاندى. كۈن قىزىل ۋاقتى بولغاچقا ئۆي يورۇپ كەتكەنىدى. ئاخشام سالغان ئىسرىق ھەم كېچىدىن چىققان پۇراقنىڭ دەستىدىن ئۆي كۆڭۈلنى ئايىنىتقىدەك سېسىمچىلىققا تولغانىدى.

### 3

بۈگۈن كەنت باشلىقىنىڭ قولى ھېچقانداق ئىشقا بارمىدى. داستىخان ئالدىدا نېمە يەپ، نېمە ئىچكىنىنى ئۇقماي بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە گاراڭ ھالەتتە ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئايالى ئەندىككەن ئەمما چىرايىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇرغان ھالدا كىردى:

- بىزنىڭ ئىنەك موزايلاپتۇ، شۇنداق چىرايلىق، تۇم قارا. . .

كەنت باشلىقىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ چانىقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئايالىنىڭ ئاغزىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سېلىپ زۇۋانىدىن توختاتتى - دە، ئېغىلغا قاراپ ماڭدى. ئالا ئىنەك بىر قاراشتا پەخىرلەنگەندەك موزىيىنى يالاپ قوياتتى. بىر قاراشتا كەنت باشلىقىنى مەسخىرە قىلغاندەك قاراپ تۇراتتى. كەنت باشلىقىنىڭ شۇ ئەلپازىدا قولىغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن ئىنەكنى موزىيى بىلەن قوشۇپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتىسىمۇ ئاچچىقى چىقمايتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

تىنترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن موخۇركىنى ھىمىرىپ ئۇردى. ئاچچىق ئىسنى كۆچەپ تارتقىنىچە ئىنەككە زەن سىلىپ قاردى. ئىنەكنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا نىمىنىدۇر ئەسكەرتىۋاتقاندەك جىددىي تىكىلگەنىدى. قوۋۇرغىلىرى تاغاقتەك چىقىپ قالغان بولسىمۇ ئاقلىقى تومپىيىپ ئىسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ مۇشۇنداق ئاقلىق ئىدى. كەنت باشلىقىنىڭ مۇشۇ ياشقىچە كەنتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرىشىدا باشقا ئىنەكلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭمۇ بىر ئۆلۈش ئەجرى بار ئىدى. ئۇنىڭ مومىسى قانداق رەڭلىك بولغىيتتى؟ بۇنى كەنت باشلىقى ئىسىگە ئالالمىدى. ئەمدى بۇ مەخلۇق ئاينىغان گەپ، بولمىسا مىنىڭ ئىنىكىم تۇرۇپ قارا موزايلامدۇ، دەپ ئويلىدى كەنت باشلىقى. بۇنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇ دىگەن بەرىبىر ئىنەك، بۇقىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا نىمە ئامال. تۇرۇپلا كەنت باشلىقىنىڭ كاللىسىغا مەن بۇقىمۇ ئەمەسمۇ، دىگەن غەلىتە سوئال كىرىۋالدى. مەيلى نىمىلا بولسام بولىۋىرەي، ئاۋۋال ساقچىغا مەلۇم قىلىشىم كىرەك، ئالىمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى يىنىك ئەمەس.

كەنت باشلىقى ئىتىنى ئىگەرلەپ يولغا چىقتى. بىر - بىرىنى ئارغامچا بىلەن يىتىلىۋالغان كالىلار ئۇنىڭغا سالام قىلغاندەك قىلدى. كەنت باشلىقى ئۇلارنىڭ قايسىبىرىدىن ئۇچقۇر مۈڭگۈزلەر چىقىپ قارنىنى تىشىۋىتىدىغاندەك قورقۇمسىراپ ئاتقا قامچا سالدى. . .

ئۇپۇقتىن كۆلرەڭ، قىزىل، سىرىق رەڭلىك ئەبجەش نۇرلار تۇمانغا مىلىنىپ تۆكۈلىۋاتاتتى، ساقچى گۇدۇكى ھىلىدىن ھىلىغا قۇلاقنى يارغىدەك يىقىمسىز چىرقىرايتتى. يىغىنخانىنى غۇرت - غۇرت قىلغان كۆشەك ئاۋازلىرى چىڭقالدۇرىۋەتكەنىدى. تامدا تىرە، ئۇستىخانلار ساڭگىلاپ تۇراتتى، يىغىلغانلار تۇرۇپ - تۇرۇپ مۆرىشىپ قوياتتى.

- ھازىر يۇقىرىدىن كەلگەن رايون دەرىجىلىك ھاجىم سۆز قىلىدۇ، قارشى ئالايلى!

بىر پەس دۇكۇرلەش ئاۋازى ئەۋجىگە چىقىپ، بىسىققاندىن كىيىن شاتۇتىنىڭ يىقىملىق ناخشىسى ياڭرىدى، ھەممەيلەن تەسىرلەنگەندەك جىممىدە قۇلاق سالماقتا ئىدى. قۇيرۇقىنىڭ شىپاڭشىپ چىۋىن قورۇغان ئاۋازىدىن باشقا غەيرىي سادا ئاڭلانمايتتى.

- ھە، ئىككىنچى كەلىمە سۆز، ئىلگىرى چالا پىچىلىپ قالغانلار بولسا ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار، تولۇقلاپ پىچىۋەتكەندىن باشقا گۇناھ ئارتىلمايدۇ. بولۇپمۇ ھىلىقى قارا بۇقىنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئالاھىدە ئىنئام بىرىلىدۇ. بىلمەي قالمايسىلەر، كىمكى يوشۇرسا گۆشى خامتالاش قىلىنىدۇ. . .

يىغىن ئەھلى بىر - بىرىگە مۆلۈلدەپ قاراپ قويۇشتى. ئاندىن يادىدىن چىقىپ كەتكەن ھىلىقى يىرىگە گۇمان بىلەن سەپسالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاشقا باشلىدى.

گۇلدۇر- قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يىغىنخانىنىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، مولغۇنۇپ تۇرغان تۇمان ئارىسىدىن قارا بۇقا ئىتىلىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدا قاراسلاپ چاقماق چىقىلاتتى. كۆزلىرىدىن ھەممىنى ئۆتمە - تۆشۈك قىلغۇچى نۇر قەھرى بىلەن چىقىۋاتاتتى. كەنت باشلىقى قورققىنىدىن ئىشتانىغا قويۇۋەتكىلى قىل قالدى. شۇئان ساقچى يادىغا كىلىپ ماشىنا تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ماشىنا ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كىتىپ باراتتى. ساقچىلار قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ تىللاۋاتاتتى.

- ھۇ، لالما! تەپتارتماستىن كەنتنىڭ ئۆگزىسىدە قارا بۇقىنى بېقىپسەن، بىزنى ئالدىغىنىڭغا تويۇپ كىتىسەن!

كەنت باشلىقى نىمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. يىغىنخانىدىن سەلدەك چىقىۋاتقان پادا ئۇنىڭغا باستۇرۇپ كىلىۋاتاتتى.

- ھىلىقى نەرسىمىزنى سەن كەستۇرۇۋەتكەن!

- كىمگە يىگۈزىۋەتتىڭ مۇناپىق!

- بىزگە ھىلىقى نەرسىمىزنى قايتۇرۇپ بەر!

كەنت باشلىقى ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قاچاتتى، ئارقىسىدىن قارا بۇقا پادىنى ئەگەشتۇرۇپ ئاسمان - پەلەك چاڭ كۆتەرگىنىچە قوغلاپ كىلىۋاتاتتى. قىچىشقا ئىككى پۇتىنىڭ ئازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى، ئەگەر پادا يىتىشىۋالسا ئۇسسۇپ - دەسسەپ پاتقاق قىلىۋىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەمدى تۆت ئاياغلىنىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. قىچىپ كىتىۋىتىپ ئۆزىنىڭ كالىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى سەزدى. پادا تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كىلىۋاتاتتى، ئۇپۇقتىن تۆكۈلىۋاتقان كۆلرەڭ، قىزىل، سىرىق رەڭلىك ئەبجەش نۇرلار بىلەن پادا ئايىغىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلىۋاتقان مانان ئىچىدە كەنت باشلىقىمۇ، كالا پادىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى.

# ئاشقلار تىلى

ئابدۇقادىر جالالىدىن

## يىراقتىكى چاقىرىق

باللىق چاغلىرىمدىكى قىش پەسىللىرىدىن ئەسلىگۈدەك ئىشلار قالماپتۇ. قارسىز قىش سوۋادانلىرىمىزنى يالىڭاچلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كۆكۈش ئايدىڭ توڭلاپ قالغاندەك قىمىرلىمايتتى.

مەھەللىمىزدىكى كىچىك كۆلنى قېلىن مۇز تۇتاتتى. نۇر ئوينايتتۇق، قامچىنىڭ يىپىنى نۇرغا قاتمۇ - قات يۆگەپ، قامچىنى زەرب بىلەن شىلتىساق، نۇر ئۇيۇپ قالغاندەك پىرقىرايتتى.

تىك پىرقىراش... جىم تۇرۇشتەك كۆرۈنىدۇ، تۇرۇپلا قويۇنىنى ئەسلەپ قالدىم. قويۇنمۇ نۇرغا ئوخشاش تىك پىرقىرايدۇ، غازاڭ ۋە ئەخلەت - چاۋالار قويۇنغا ئەگەشكىنىچە نەگە بېرىشىنى بىلمەيدۇ. بىراق قويۇننىڭ مەركىزى تىنچ.

نۇرنىڭ مەركىزى تىنچ، قويۇننىڭ مەركىزىمۇ تىنچ، جىم تۇرغان قويۇنغا ئوخشايدىغان دەرەخنىڭ مەركىزىمۇ تىنچ دۇنيا جىمجىت بىر چېكىت.

ھەقىقەتنى ئۈچۈن قۇربان بەردى، بۇ تەقدىرنىڭ تەكرارلىنىشى، تراگېدىيىنىڭ قان تازىلىغۇچ كۈيلىرى قانچە رىتىمدىن تۈزۈلدىكىن!؟

ئۆلۈم ۋاقىتقا ئوخشاش نەرسە، ئۇمۇ توختاۋسىز ئۆلۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەزرائىل ئۆزى بىلىپ كېلىدۇ ياكى چاقىرىلىدۇ. ئەزرائىل چاقىرىلغاندا ساغلام سوقۇۋاتقان يۈرەكتە كىچىككىنە تۇرۇۋالغان ئۆلۈمنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ.

تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن رىم ئەسكىرى ئارخىمېدنىڭ ئالدىغا قىلىچىنى تەڭلەپ كەلدى، ئارخىمېد: «مۇنۇ چەمبەرنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرگىن» دېدى. ئەسكەر ئارخىمېدنى شۇ ھامان جېنىدىن جۇدا قىلدى.

ئىلاھى ھېكمەت بۇلىقىنى تاپقان پەرىدىدىن ئەتتار ئاددىي موڭغۇل ئەسكىرى تەرىپىدىن ئۆلدى.

توۋا: ئەتتارنى بىلىدىغان بىراۋ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن موڭغۇل ئەسكىرىگە مىڭ دىنار بېرىپ «سېتىۋالماقچى» بولدى. ئەتتار: «مېنىڭ قىممىتىم قوشۇلۇپ، مەن كۆرۈپ تۇرغان ئاسماننىڭ دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى».

غايىپ بىر ھارارەت پارچە - پارچە مەۋھۇم ئاسمانلارنى يامىماقتا ئىدى.

ئەتىسى ئاسمان مۇزدىن تۈغۈلغان دېدىم. مۇز دېمەك كۆز، كۆزنىڭ ئاستىدا سۈزۈك ياش ئاسمان ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا غەرق بولغان.

شۇ ۋاقىتلار... مەن بىلەن قانچە زامان ئۇزاقتىكىن، لېكىن مېنىڭ ھازىرىم ئۇنى ئۆز باغرىغا سىڭدۈرۈپ كەتتى.

شەھەر ئاسمىنى تىلىۋەتكەن تاسمىدەك كۆرۈنىدۇ. يېزا ئاسمىنى بىر - بىرى بىلەن ئۇلۇشۇپ بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ. شۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭنىڭ شۇنچە سېخىي دۇنيانىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىڭدىن مەمنۇن بولىسەن.

تەبىئەتتىمۇ ھېسداشلىق بولىدۇ. لېكىن مەندە يوق، چۈنكى، مەندە تەبىئەت ناھايىتى ئاز قالدى. قايتىش پەيتى...

## ئۆلۈم مەرپەتنامىسى

### 1

رىم سەركەردىسى قەيسەر ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى پۇلۇتوسنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنىكەن. ئۇ جان بېرىۋاتقىچە ھەيكەلنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان پۇلۇتوسنى كۆرۈپ: «سەنمۇ بۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟» دېگەن.

ئابدۇقادىر داموللا ئۆزى بىلەن كۆپ ھەمداستىخان بولغان مۇئەززىن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىغان. ئۇ لەۋھۇل مەھپۇزغا بىرنىمە دېگەنۇ، بۇنى پەقەت خۇدالا بىلىپ قالدى.

بورخىس تەقدىر ئۆزىنى تەكرارلاشنى ياخشى كۆرىدۇ دېگەنىكەن. قەيسەرنىڭ تەقدىرى بىزدە

ئەڭ كۆپ تەكرارلاندى. «باتۇر بىر قېتىم ئۆلىدۇ، قورقۇنچاق مىڭ قېتىم» دېگەن ھېكمەت بىزنىڭ كەشپىياتىمىز. بۇ سۆز نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىدىن ئۇستۈن تۇرىدۇ.

2

سوقرات ئۆز تەلىماتى ئۈچۈن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلىندى. مەشرەپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلارمۇ... ناگىھان شۇنداق بىر كۈن.

كەتتىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر پالتا بىلەن مۇز يېرىۋاتاتتى. بىر قوزا كاچكۈلدىن سۇ ئىچكىچە تېيىلىپ، مۇز ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىكەن.

خىيالچان كۆزگە ئوخشايدىغان كۆپكۆك مۇز لەختە - لەختە بولدى. مۇز ئارىسىدا ئۇيقۇغا كەتكەن ياپيېشىل قارىياغاچ يوپۇرماقلىرى بىردىنلا ئويغىنىپ، پانىي دۇنياغا قايتىپ كەلدى. يوپۇرماقلار چۈۋۈلغان مۇز كۆزلىرى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى چۈش كۆرۈپتىمەن.

قوزا سۇ ئاستىدىكى كۆكاتلار ئارىسىدا مەرەپ يۈرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم مەرىگەندە قاناتلىرى رەڭدار كىچىك قۇشلار تىنىق سۇ باغرىدا پەرۋاز قىلاتتى.

كىمدۇر بىرى كىچىك مۇز پارچىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. مۇز ئېرىگەنسېرى كىچىك بىر ئاسمان ئاستا - ئاستا پەيدا بولدى. كېيىن تۇشمۇ - تۇشتىن ئېرىۋاتقان نۇرغۇن مۇزلارنى كۆردۈم. مۇز سۇلىرى ئۇنىڭدىن زور دېدى.

ئەسكەر ئەتتارنى بىراۋغا زورلاپ ساتماقچى بولدى. «بوپتۇ، بىر قاپ ساماننى تېگىشەي» دېدى ئۇ ئادەم. «بۇنىڭدىن ئارتۇققا ئەرزىمەيمەن» دېدى ئەتتار.

تەپسىر: بىلگەنلەر ئۈچۈن دانىشمەنلەر بىباھا، نادانلار ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر ئۈچۈن ھەممە نەرسە قەدىرسىز.

ئۆلۈمنىڭ ۋەتىنى يوق، ئۆلۈمنىڭ ۋەتىنى دەل ئۇنىڭ ئۆزى. شۇڭا ئۆلۈم ئۆزىگە بىر قېتىممۇ ئاسىيلىق قىلىپ باقمىدى. ئاسىيلار ۋەتەنىنىڭ ئىزناسىنى ئۆزىدىن ئاختۇرۇپ تاپالمىغانلاردۇر.

خوتەن يىگىتى پەرھاد مۇھەببەت ئۈچۈن ئەرمەنىستاندا ئۆلدى. بايرون گرېتسىيە ئۈچۈن ئۆلدى.

ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇقۇم بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆزى تامامەن ئىككى خىل: ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇقۇم بىزنى ئالدايدۇ ياكى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ، تۇرمۇش پەلسەپىسى ئۆلۈم ئۇستىگە قۇرۇلغان. پەقەت ئۆلۈملا ھەممىنى ئايرىيدۇ، ھەممىنى باراۋەر قىلىدۇ.

ئۆلۈم - كامالەت، ھاياتنىڭ كامالىتى ئۆلۈم كامالىتى بىلەن تەڭداش بولغاندا، سەن ئۈچۈن ئۆلۈم مەۋجۇت ئەمەس. بىر پولشالىق قۇراللىرىنى بەتلەپ تۇرغان ناتسىستلارغا قاراپ تۇرۇپ تازا كۈلگەن، ناتسىستلار تەمتىرەپ كېتىشكەن.

قەھرىمان كامالىتىدىن خۇلاسە چىقارغۇچى.

پانىيلىق بىلەن باقىيلىقنىڭ ئارىسىنى بىر دەقىقە ئايرىپ تۇرىدۇ. كامالەت ئەنە شۇ دەقىقىنى ئۇنتۇقلۇق تاللىيالايدۇ.

3

«ئۇزۇن خەت يازغۇدەك جاسارىتىم يوق، خەير - خوش» - ئېنگلىس سەكراتتا تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىكەن.

« بۇ يەر، مانا بۇ مېنىڭ مەنزىلىم» - دېگەنىكەن شۇبېرت.

ئىبسىن: « تامامەن ئەكسىچە» .

چېخوپ: «شامپان ئىچمىگىلى ئۇزۇن بوپتىكەن» .

. . . . .

ئۆلۈمدە پەقەت بىرسىلا بار، ئەينەك ئوخشىمايدۇ.

## مۇسانىڭ ناشتىلىقى

مۇسا ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىگە ئاخىرى يېتىپ باردى.

ئۇ يەردە شەرق بىلەن غەربنىڭ پەرقى يوق ئىدى، ئۇ يەردە مەۋجۇداتلار ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشەتتى. ئۇ يەردە بارلىق شەكىللەر ئۆزىنىڭ خاس كۆرۈنۈشىنى يوقاتقانىدى. ئۇ يەردە بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە بۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن، ئۇ يەردە خىيال نەقلەشكەن، بەندىلىك كۆيۈپ نۇرغا ئايلانغان، سايە ۋە نۇر سىڭىشمىسى ئەمەلگە ئاشقان بۈيۈك تەجەللى پەيتى:

- بىز ناشتا قىلايلى، - دېدى مۇسا ھەمراھىغا.

- ئاپلا، ئۇنتۇپتىمەن، پىشۇرۇلغان بېلىق سىۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ، دەرياغا كىرىپ

كەتتى، - دېدى ھەمراھى.
- بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل مۇشۇ ئىدى، - دېدى مۇسا.
ئۇلار قايتىشتى.
ھەر بىر قايتىش ۋاقتىسىدا «توۋا» دېگەن خەت بار ئىدى. بۇ بايقاشنىڭ سەلتەنەتلىك تەنتەنىسى ئىدى.
بىلمىگىنىڭ ئۈچۈن شۈكۈر قىلغانىدىڭ، بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، توۋا قىلدىڭ، كېچىلەر كۈندۈزنى، كۈندۈزلەر كېچىنى تۇغقاندەك. «توۋا» ھەقىقەتنى تۇغۇپ تۇرىدۇ ۋە باغلاپ تۇرىدۇ.
توۋا - ھەقىقەت شەپىسى.
مۇسا ھەقىقەت بىلەن ناشتا قىلدى، ئۇ مەرىپەت بىلەن ھەقىقەت ئارىلىقىدا كۆپ سەپەرلەرنى قىلدى.

# ئىكراننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا

ئانا تولغاق ئازابىغا چىدىماي، قاقشال بىر تۇپ دەرەخكە ئېسىلىۋالدى.
دەرەخ يوپۇرماق چىقاردى، ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تىترەك دەرەخكە مەڭگۈلۈك ئۆتتى.
ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننىڭ قەلبىدىكى ئاۋازلارنى تىترەپ تۇرۇپ ئاڭلايدىغان بولدى.
سەن ئىشىتكەن ئاۋاز ۋەزنىڭدىن زىيادە ئېغىر بولسا تىترىمەي قانداق قىلىسەن! ؟ كۈچلۈك خەۋەر ئادەمنى ھالسىزلاندۇرىدۇ.
ئانا بىلەن دەرەخ بىر بولۇپ كەتتى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئىچىدە ئالتۇن مېۋە تۆكۈلدى.
زىدە بولغان مېۋە ئانىسىنىڭ ئىزناسىنى ئاستا شورىۋالدى. شۇ چاغدا پانىي دۇنيانىڭ ئىلتىجاسى ئاشۇ زىدە ئېغىزىدىن كىرىپ كەتتى.
تولغاق ۋە ئىلتىجالار ئۇرۇقتا قەدەر ئۆتۈپ كەتتى.
قۇياش، ئاسمان دېگەن كۆك مېۋىنىڭ زىدىسى.
جاراھەتتىن ساقايغان جاراھەت.

# دار

تارىخ ئۆز چىرىغىدىن چىققان نۇرنى قوغلاپ مەڭگۈ يېتەلمەيدىغان ماشىنا. ئۇ ماڭىدۇ، ماڭىدۇ. . . لېكىن، ئورنىدىن يۆتكەلمەيدۇ. تارىخ قاننى يېقىلغۇ قىلىدۇ. تارىخ ھالسىراپ قالغان چاغلىرىدا، دار يېنىغا بېرىپ قان سورايدۇ، دارنىڭ ئاستىدا يېڭىلىقنى خالايدىغان جەددىتلەرنىڭ قانلىرى ئىزغىرىن شامالدا سۇس جىمىرلايدۇ، ئۇنىڭدىن پەلەكنىڭ سۈرلۈك ئەلپازى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەلەك قاننىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ئۆز ئەكسىنى كۆرگەندە، بېشى قېيىپ، تەتۈر ئايلىنارمىش.
پەلەك مەيلى ئوڭ ياكى تەتۈر ئايلانسۇن، بېشىنى چۆمكەپ، زېمىننىڭ چۈپۈرلىرىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانلار ئامان قالدى. مېڭىشقا تەۋەككۇل قىلغانلار يىقىلدى ياكى ھالاك بولدى.
دار يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا شەكىللەردە بولىدۇ، ئىشقىلىپ ئۇ شەكىللەرگە ئىنتايىن باي بولىدۇ.
ئەيسا باشقىلارنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن سەلىپ شەكىللىك دارغا داخىل قىلىنىدى، باشقىلار ئۇنى ئۇردى، مەسخىرە قىلدى، پۇت - قوللىرىنىڭ ئالقانلىرىغا مىخ قاقتى.
ئۇنى ئۇزۇن نەيزە بىلەن سانجىدى، ئۇنىڭ قېنى باشقىلارغا ۋە كېيىنكىلەرگە دورا بولدى، ئۇلار ئەيسانىڭ مۇھەببەت شەۋۇسىنى پىچىرلاشتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ قانغىمۇ سېزىك بولۇشتى.
كېيىن مەن كىنودىن رۇس دېھقانلىرىنىڭ پەخرى پۇگاچېۋ باغلانغان دارنى كۆرۈپ قالدىم. توۋا، خۇدايىم، دار بىر قارىسا ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن ئىشىككە ئوخشايدىكەن. ئادەتتە، ئىشىك ئېتىك بولغاندا ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقى سەن ئۈچۈن بىر سىر. لېكىن دارچۇ؟ ئۇ پايانسىز ئاسمانغا بولۇشىغا ئېچىۋېتىلگەنىدى.
پۇگاچېۋ: «پىراۋىسلاۋ مۇخلىسلىرى، ئەدەپسىزلىك تەرەپلىرىم بولسا ئەپۇ قىلىڭلار» - دېدى - دە، پايانسىز ئاسمانغا چىقىپ كەتتى.
پۇگاچېۋ دار ھامىلىرىدىن ئەمەس، چوڭقۇر ئىخلاسمەنلەردىن ئەپۇ سورىغانىدى.
دار ئارغامچىسى ئىزغىرىن شامالدا ئاستا تەۋرىنەتتى، دار شۇ تاپتا ماياتنىكى بار سائەتكە ئوخشاپ قالدى.
شەيخ شىبلى ئەقىل ھەللاجنى ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلدى، دېگەنىدى. ھەللاج ئىشىكنى چەكتى:
- كىم؟
- ھەق!
- ھەق ئەمەسسەن، ئەمما ھەقنى بىلەرسەن.
قايسى دار ياغىچىنى سېنىڭ بىلەن باغلىشار.
ئۇستازى ئەبۇ ئەمر بىننى ئوسمان مەككىي

www.uyghurkitap.com

جىنزۇە شۇنداق دېدى:

«تەۋھىددە① ئۇ تائىپىنىڭ ئىلمىدە. ئۇ ئاشكارا قىلدى. ئەل پەم قىلمىدى».

كامالەت قايتۇرىدۇ. ھەللاج قايتىش قىلدى.

دار بىر پۈتۈن دۇنيانى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. بەندىلەر زەكىيلەرنى ئۇنىڭغا گىرىپتار قىلىپ، سازايى قىلىشتى. بىر زامانلاردىن كېيىن، ئۇلارنى تەۋەرۈك بىلىشىپ، مەقبەرە تۇرغۇزۇشتى، چوقۇنۇشتى، ئىش - ئىزلىرىنى تاشلارغا پۈتۈشتى، شان - شەرەپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتى.

پەيغەمبەرلەر ئۇممەتلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقان بولسىمۇ، گۇناھلار يەنە تۈگەپ كەتمىدى، بەلكى زامانىۋىلاشتى.

تارىخ زامانىۋى ئىسكىلاتنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.

بىراۋ ئىسكىلاتنىڭ يېنىدىن ناخشا ئوقۇپ ئۆتتى:

پەلەكنىڭ چاقى تۈگمەنمۇ،
ئۇن تارتامدۇ ئادەمدە. . . ؟

خىيالىمدا دار مۇزىكا نوتىلىرىدىكى بەلگىسىگە ئوخشاپ كەتتى. مۇزىكىمۇ ئەڭ قاتتىق دەقىقىدە تۇغۇلغان ئەمەسمۇ!

## ئالما قېقى

ئالدىمدا چوغدان. ئانام بىر سىقىم ئالما قېقىنى چوغدانغا تاشلىدى. چىرىسلاپ كۆيدى، تۇرۇم - تۇرۇم ئىسلار كۆتۈرۈلدى، دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ۋە ئۆيدىكى گىرىمسەن سايىلەر بىرلىشىپ غايىۋى دۇنيا ھاسىل قىلدى، ئالما قېقىنىڭ ئىسلىرى خىيابان مۇھىت ئىچىدە تىك ئۆرلەپ، ئالما كۆچىتىگە ئوخشايدىغان كۆرۈنۈش ئايان بولدى.

كۆيگەن ئالما قېقىنىڭ شېرىن ھىدى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالدى، دىماغ ۋە روھنى غىدىقلاپ، رەت قىلغۇسىز بىر كۈچكە ئايلاندى.

باھاردا ھالرەڭ ئالما چېچەكلىرىدىن مەست بولغانىدىم، چېچەككە ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ تۇرغان بال ھەرىلەر گويا ئالما ئۇرۇقىنىڭ ئەرۋاھى.

يازدا ئالمىنىڭ ئۇتقاش رەڭگىدىن مەست بولغانىدىم، ۋايىغا يەتكەن ئالما گويا پوستىنى يېرىپ قىنىدىن چىقىپ كېتەي دېگەندەك. مەن ئۇنى كۈن نۇرىغا تۇتۇپ، ئۇنىڭ دۇنياسىنى كۆرگەندەك بولدۇم، ئۇنىڭ ئىچى نۇر بىلەن تولغانىدى. ئۇ بەئەينى چىراغ ئىدى، ئۇنىڭ يېقى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ چوغدەك ئۇرۇقچىلار-دىن كەلگەن بولسا كېرەك.

بىلگەنلەر ئۇچۇن شەيئىلەر مۇقەددەس دەرگاھتىن بېرىلگەن ئۇچۇردۇر. ئۇنى چۈشەنگەنلەر مىڭ يىللىق ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا داخىل بولىدۇ.

نيۇتون بېشىغا چۈشكەن بىر تال ئالمىدىن ئالەملىك كۈچنى كۆردى. لېكىن ھەقىقەت دېڭىزىنىڭ ساھىلىدا سەدەپ يىغىپ يۈرگەن بالىمەن، دېدى.

بىز قىزلارنىڭ ئىچكى زىننەتلىرىنى ئالمىدىن كۆردۇق. بىز قۇياش بىلەن زېمىننىڭ غايىپ سۆھبەتلىرىنى ئالمىنىڭ ئاتەش تەبەسسۇمىدىن كۆردۇق. نيۇتون ئالمىدىن ھېكمەت قوبۇل قىلدى، بىز مۇھەببەت قوبۇل قىلدۇق.

ئالما — ئاشىقلارنىڭ تىلى.

. . . . . .

ئالدىمدا چوغدان، كۆچەت شەكلىگە ئىشارە بولمىش تۈتۈن. مۇئەتتەر كۆيۈك ھىدى. ئالما قېقى كۆيۈپ چوغقا ئايلاندى. ئۇنىڭ خۇشپۇراق تۈتۈنلىرى تاشقىرىدا يېغىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىنى خىيالىم ئارا چېچەككە ئايلاندۇردى. ئار ئۇچقۇن تۈتۈنلەر ھاسىل قىلغان غايىۋى كۆچەت بىلەن سىڭىشىپ، باھار قوينىدىكى ئالما دەرىخىنى شەكىللەندۇردى.

## سۇ

### 1

رەڭ بىلەن رەڭسىزلىك ئوتتۇرىسىدا.
يۇمشاق بىلەن قاتتىقلىق ئوتتۇرىسىدا.
ئېگىز بىلەن پەس ئوتتۇرىسىدا.
بار بىلەن يوق ئوتتۇرىسىدا.
ئۇ گاھ بۇلۇتقا، گاھ تەكتىكى ئۇزۇمگە،
گاھ ھەسرەتكە، گاھ شادلىققا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،
ئۇ مۇلايىملىقتا جانان، قاتتىقلىقتا زوراۋان.
مېھرى تۇتسا ساھىبخان، قەھرى تۇتسا ئالامان.

### 2

سۇلارغا قارا، ئۇيۇشقاق، بىر تۇتاش ئاقىدۇ.
سۇلارغا قارا، يېپىشقاق، باغرىنى ياقىدۇ.
سۇلارغا قارا، تۇيۇشقاق، چۇقان سالىدۇ.
سۇلارغا قارا، تىرىشقاق، ئۆزىنى ئاتىدۇ.

---

① يېگانىلىق ئىلمى.

### 3

سۇلار ھېكمەت رەمزىدىن، شۇڭا زىكرى قىلىدۇ، لېكىن تەكرارلىمايدۇ.
مەنبەئى بىر، مەنزىلى چەكسىز.
يۇلتۇزلارنى چايقاپ ئوينايدۇ، ئېلىشۋالمايدۇ.
سەن خالىساڭ سىڭىدۇ، يېنىۋالمايدۇ.
سۇ زېمىندىكى نۇر، نۇر ئەرشتىكى سۇ.

### 4

سۇنىڭ خۇيى بالىلارغا يېقىن، سۇ بالىلار قەلبىنىڭ ۋەتىنى. بالىلار قەلبى بىپايان، ئۇنىڭدا تۈگىمەس شەكىللەر ئايان. بالىلار سۇ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى سۇ بالىلارغا ماقۇل بولىدۇ.

قۇيساڭ يېيىلىدۇ
ئۇرساڭ چېچىلىدۇ
ياپساڭ يېپىلىدۇ
ئاچساڭ ئېچىلىدۇ

بالىلار قەلبىدىكى گەپلەرنى سۇغا يازىدۇ، سۇ ئۇنى دەرھال يادلىۋالىدۇ، كىشىلەردىن سىر تۇتۇپ، زاھىرىدىن باتىنىسىغا كۆچۈرۈۋالىدۇ.

سۇ تەسەۋۋۇر مەكتىپى، بالىلىق سۈلكىتى، شائىرلىق ئۇلپىتى.

# ئىككى نەسىر

## ئەنۋەر تاشتۆمۈر

### تەنھالىق سەھراسى

دۇنيانىڭ مەزمۇندار چىنلىقىدىن بەھىرلىنىش ئىشتىياقىدا كۆيىمەن.

ئەي، ئادەم، رەڭلىرىڭنىڭ تولىلىقىدىن كۆزۈم تالماقتا...

يىراقتا كېتىۋاتقان رەڭدار سەرگۈزەشتىلەرگە قاراپ ئۇزاقتىچە سۈكۈتتە تۇردۇم. نۇر - ھىدلىرىم چاڭ - تۇزانلارغا قوشۇلۇپ بىر تىراگېدىيەك ئەپسانىگە ئايلاندى. مانا، غايىب چاقناشلار بىلەن تىلسىملانغان يوللار ئاشۇ ئەپسانىنى ئاستا پىچىرلاپ ئېيتماقتا.

ئاھ، نېمانچە ئۇزاقتا سوغۇلغان تەنھالىق بۇ!

سېنى قايسى بىر كۈن كېلەركىن دەپ ۋاقىت ئارىلاپ پال سالدىم. تېخى تېڭى ئاتمىغان كېچىدەك قاراڭغۇ، زۇلمەتلىكسەن!

پەرۋەردىگارنىڭ تىمتاس دەۋەتلىرى دىلىمدا خۇپپيانە ئۇچقۇن ھاسىل قىلدى.

قارلىق ئورىغان ئالەمنىڭ كەچكى سوغۇقلىرى جىسمىمنى ئاستا قورىغاندا، سېنىڭ ئۇنتۇلۇق نەپەسلىرىڭ يادىمدىن كەچتى، ئېھتىمال ئۆيۈڭدە ئوت ئىسسىنىپ يالقۇنجاپ ئولتۇرغانسەن...

ئۆتتەك قىزىق قانلارنىڭ تەپتى ئىزغىرىپ يۈرگەن قۇرغاق سوغ شاماللار قوينىدا سوۋۇماقتا.

ئاسماننىڭ يېرىق - ئاراچلىرىدا ئەرك تاپالماي ئېزىلگەن چاقماقلار ئاقار يۇلتۇز بولۇپ ئېقىپ چۈشمەكتە.

كۆز ياشلار سېلى تەن چېچەكلىرىنى سولدۇرۇپ، دوقمۇش - دوقمۇشلاردا مۇز بولۇپ قاتماقتا.

تەنھا ئادەمنىڭ تەنھا قىيا ئۈستىدىكى تەنھا ھۇۋلاشلىرى سۈكۈتكە چۆمدى...

ئاھ، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى، ئاھ، جانلىرىمنىڭ پارلاق قۇياشى، بىز ئۆز - ئۆزىمىزنىڭ تەنھا سەھراسىدىكى مەڭگۈلۈك سەرگەردان!

### ئىللىق مۆڭ

ئۇيۇقتىن ئىللىق مۆڭ كۆتۈرۈلدى، مەن سېنى قەلبىم بىلەن چاقىرىمەن. كەلگىن، يېنىمغا يەنىمۇ يېقىنراق كەلگىن، بىز زاھىر دۇنيادىكى سۆرۈن شاۋقۇنلار ئۈستىگە باتىن دۇنيانىڭ ئىللىق سۆھبەتلىرىنى قۇرايلى!

كەلگىن، قەلبىڭنىڭ پىنھان ئۇچقۇنلىرى ئەتراپىڭدا ھۇۋلاپ يۈرگەن سوغ شامباللار قەھرىدە ئۆچۈپ قالمىسۇن!

كەلگىن، بېلىقسىز تىپتىنچ كۆلنىڭ ئايىغى چىقماس تۇرغۇن تىمتاسلىق ئىلكىدە قۇرتلاپ قالمىسۇن!

ئۇيۇقتىن ئىللىق مۆڭ كۆتۈرۈلدى، سېنى پەقەت قەلبىم بىلەنلا چاقىرىمەن...

ۋاقىتنىڭ شەپىسىز يورغىسىغا قاراپ

تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىمنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇردۇ.
قۇياشنىڭ غەمكىن كۈلۈمسىرەشلىرى ئاستىدا
ئىنچىكە، ئېگىز بوي تارتقان ياۋا ئەتىرگۈللىرىم
سۇس رەڭلەردە پورەكلەپ ئېچىلدى. يىراقتا
قالغان كۈنلەر بىلەن يېقىن ئارىدا كېلىدىغان
كۈنلەر ئارىسىدا بەئەينى بىر تەلۋە مەجنۇنمەن.

كۆڭۈل دوزىخىمدا ئوتلار لاۋۇلدايدۇ، ئۇندا
ئېھتىمال كىمدۇر بىرى كۆيۈپ كۈلگە
ئايلانماقتا...

سادالىرىمنىڭ چېكى كۆرۈنمەيدۇ.

مانا، قەلب سۆزلىرىم ئاللىبۇرۇن
ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، تەنھالىق باغرىدا قۇتراپ
يۈرگەن شادلىقلارنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ
تۇرۇپتۇ.

روھىمدا ھەم قېنىمدا سىھىرلىك ئوت
يالقۇنى دەھشەتلىك دولقۇن ياسىدى. سەن، مەن،
يەنە ئاللىكىملەر چېتىلغان ئارقان كۆز ئالدىمدا
قانغا مىلىنىپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ. كەلگۈسىنىڭ
گۈلسىمان مەنزىرىسى ئالۋۇن پەسىللىرىدە رەڭ
ئالماشتۇردى. ئەللەي ناخشىسى يىراقتىن،
قانداقتۇر بىر يېقىن چوڭقۇرلۇقتىن ناھايىتى
بوش ئاڭلىنىدۇ.

ئېھ، ئامرىقىم، مەن ئۇنى ساڭا ئۆزۈمنىڭ
دەردمەن ئاۋازى بىلەن يېقىملىق قىلىپ ئېيتىپ
بەرسەم يىغلارسەنمۇ؟!

كۆز قارىچۇقۇمدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا
ئانىنىڭ مۇقەددەس سىماسى، ئۇلار بېھىش
ئەپسانىگە ئايلانغان جايدا، ئارمان يالقۇن چاچقان
يۇلتۇزلار ئالىمىدە، سېنى ھەم مېنى تەۋرىتىپ
پەپىلەپ كەلگەن قەدىمكى كەپىدىكى قەدىمكى
بۆشۈك يېنىدا!

سەن مېنىڭ بەدىنىمدىكى بىر تال
قوۋۇرغامنىڭ ياكى ئاللىبۇرۇن تەۋەللۇت بولغان
ھاۋا ئانىنىڭ نەق ئۆزىمۇ؟...

يىراق - يىراقلارغا كۆز سېلىپ سېنى
خىيال قىلىمەن، خىيال ئارا مەجنۇن بولۇپ
جاھان كېزىمەن، چۆللەر غېرىبسىنىدۇ، تاغلار
ئېغىر سۈكۈتكە چۆكىدۇ، دەريالار سەل - سەل
ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۆزىنى ھەريان - ھەريان
ئۇرىدۇ، چەكسىز دالىدا قۇيۇندەك تولغىنىپ
ئۇسسۇلغا چۈشسەم، داپ ئويىنتىپ نەغمە - ناۋا
قىلسام، ئەسىرلەر زۇلمىتىدە ساداسىنى
يىتتۈرۈپ قويغان نىمجان زېمىن لەرزىگە كەلسە،
ئاھ، كىمنىڭ دەردى يەي!

يول يۈرمەكتىمەن.

مانا، قەدەمسىرى يېقىنلاپ ھەم يىراقلاپ
كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتىمەن.

قۇلاق سال، مۇزىكا ئەۋجلەنمەكتە.
كۆزلەردىن ئوت - ئۇچقۇن چاچرىماقتا، تېلېفون
سىمىمۇ بەئەينى ئىلاھى يىلاندەك تەنلەرگە
يۆگىشىپ، ئۇنىڭ باتىن ئالىمىدە رەڭدار
چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرماقتا...

ئەي سۈكۈت قەپەسىدە ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان
ئىلاھە، قارا بۇلۇت ۋە ئۇنىڭ سىم - سىم
يامغۇرى ئاستىدا زورىيىپ بېرىۋاتقان شەكىلسىز
گەۋدەمگە قارىغىن! ئۇ رىۋايەتلەردىكى ئۇلۇغ
بوۋاينىڭ قىساس ئوتىدا دەس تۇرغان چاغدىكى
ياۋايى قىياپىتىگە ئاجايىپ ئوخشايدۇ. سېنى
قەپەسلىرىڭ سىرتىدىكى چەكسىز كەڭ دالىغا
چاقىرىمەن. ئۇ يەردە مەن ساڭا شاش
ئارغىمىقىمنى توقۇپ قويدۇم. ئۇ ۋاقىتنى پاسىل
قىلغان ئىككى چەكسىزلىك ئارىسىدىكى
جەڭگىۋار يۈرۈشلىرىڭدە ئۇچقۇر ئاياغلىرىدىن
چاڭ - توزان ھەم ئوت - ئۇچقۇنلارنى
چاچرىتىدۇ...

نىگارا، ئاشۇ تونۇش - ناتونۇش ئاۋازلارنى
ئاڭلاۋاتامسەن؟!

مېنىڭ بىلەن بىرگە تەنلىرىڭنى چىرمىغان
تېلېفون سىمىدەك تولغىنىپ ئۇسسۇل
ئوينىيالامسەن؟!

ماڭا ئوخشاش غېرىب دەشت - باياۋانلاردا
داپ ئويىنتىپ، تەلقىن قىلىپ نەغمە - ناۋالىرىڭ
بىلەن پىنھانە سەھەر ۋە ئۇنىڭ چەكسىز كۆك
ئاسمىنىغا تەنتەنە قىلالامسەن؟!

ھاياتلىق جەڭگاھلىرىدا سۈزۈك ئاي نۇرىدەك
يارقىنلىق چاچقان تۇمارس①مىسال ئۆز قانلىرىڭ
بىلەن قىپقىزىل گۈل - غۇنچىلار
ئېچىلدۇرالامسەن؟!...

ئۇيۇقتىن ئىللىق مۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئاھ،
مەن سېنى پەقەت قەلبىم بىلەن چاقىرىمەن.
كەل، يېنىمغا يەنىمۇ يېقىنراق كەل، بىز باتىن
دۇنيانىڭ ئىللىق شاۋقۇنلىرى ئۇستىگە زاھىر
دۇنيانىڭ مۇقەددەس ئابىدىسىنى تىكلەيلى!

كەل، قەلبىڭنىڭ پىنھانە ئۇچقۇنلىرى
ئەتراپىڭدا ھۇۋلاپ يۈرگەن سوغ شاماللار قەھرىدە
ئۆچۈپ قالمىسۇن!

كەل، بىلىقسىز تىپتىنچ كۆلنىڭ ئايىغى
چىقماس تۇرغۇن تىمتاسلىق ئىلكىدە قۇرتلاپ
قالمىسۇن!


ئۇيۇقتىن ئىللىق مۇڭ كۆتۈرۈلدى، مەن
سېنى پەقەت قەلبىم بىلەنلا چاقىرىمەن...

---

① تۇمارس: قەدىمكى ساكلارنىڭ مەشھۇر ئايال قەھرىمانى.

# كۆيۈۋاتقان جىمجىتلىق

**مۇتەللىپ ماخسۇر (ئۇۋچى)**



ئابتور1974 - يىلى 10 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1995 - يىلى قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر يېڭىسار ناھىيە قىزىل يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا.

مۇتەللىپنىڭ ئەسەرلىرى 1992 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ھازىرغىچە 150 پارچىغا يېقىن شېئىر، نەسىر ۋە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان. بىز ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى كىتابخانلار ھوزۇرىغا سۇندۇق.

## كۆيۈش

كۆيدى راسا، كۆيدى يالقۇنجاپ
بارچە ئۈمىد ۋە رەڭۋاز گۈللەر.
قاسىرقىدىن چىقتى سويۇلۇپ،
قان تەپچىگەن تېرىسىز تەنلەر.
بارچە ساختا سۆزلەر، شەكىللەر
ۋە ساختا نۇر چاچراتقان ۋاقىت.
ئاقار تېنىم چەكسىز بوشلۇقتا
سۈكۈناتلىق ئاھاڭلار بىتچىت.
يارىلانغان ئاۋازىم بىلەن،
تاش دەۋردىن چىقتىم سويۇلۇپ.
ئۇ قەدىرسىز كۈنلەر ھەم تۈنلەر
كۆيەر ئاچچىق ھاياجىنىمدا
دەم سۆرىلىپ،

## جاراھەت

كەتتى
ئاققان ياشتەك، چۆككەن تاشتەك...
سۈكۈنات ئىلكىدە تاتارغان سۈرەن.
شەھەرنىڭ ئەڭ خىلۋەت كوچىلىرىدىن
ئۆتمەكتە بوز سايە ئېچىرقاش بىلەن.
كۆيمەكتە تۈتۈن بوپ يىرتىلغان سۆزلەر
كىم سۆيگەن بوشلۇق بۇ؟ بۇ قەدەر شورلۇق
گۇپۇلدەپ پۇرايدۇ ھىجران گۈللىرى
كۆرۈنەر تەبىئەت مىسكىن، قايغۇلۇق.

داتلاشقان ئىشىكلەر چېكىلەر بىر - بىر
بالىلىق شاۋقۇنى مۆككەن ئىچىگە.
قولۇمدا ئاداققى بىر تال موخۇركا
غەرق بوپ كەتتىم شۇ تەگسىز كېچىگە...

## قەلب تارىخى

ئېچىلدى ۋە توزىدى...
شامالغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ كەتتى.
ئۇلار مېنىڭ قەلب جاراھىتىمدە قالدى.
مەيخور ئىدىم
شارابلارنى ئىچىپ تۈگەتتىم.
ئەمدى شەھەردىكى ئەڭ سوغۇق سايىگە ئايلاندىم.
يىللار
تېشىپ ئۆتمەكتە روھىمنى
كېڭەيتىپ جاراھىتىمنى
ئاشۇ جاراھەتتىن
ناخشا ئېيتىۋاتىمەن يىگانە
ئەڭ سەمىمىي ھەسرىتىم بىلەن
ئەڭ سەمىمىي نەپرىتىم بىلەن.

## ئۆزگىرىش

ھاۋا ئۆزگەرمەكتە
ئادەمدەك، ھايۋاندەك، دەرەختەك
سوغۇقلۇق كەزمەكتە شامالغا ئوخشاپ
شىلدىرلىتىپ
دەرەخنى، ئادەمنى، يالغۇزلۇقنى

ئېيۇلغا ئوخشايدۇ بىر قاراشتىنلا
ئەمما يېقىن كەلسەڭ بوپ چىقار يانۋار
بىر گۈزەل ئايالغا ئوخشايدۇ جىملىق
جىمجىتلىق لېۋىدىن سوغۇق قان ئاقار
ئالما - مىجىلغان، چىشلەنگەن، تاشلانغان
ئەمما خۇشپۇرىقىنى ساقلىغان
سۆيمەكتە كۆز نۇرۇم چوچۇك ئازابتا
ئۆتكۈز هاراق هىدى ئۇنى پاكلىغان
ئېيۇلنىڭ شېخىغا تېنىم ئېسىلغان
قۇرتلاپ كەتمەكتە بېشىمدا قۇياش
پارچە - پارچە كېسىلمەكتىمەن
تەنهالىق تىغىدا ئالمىغا ئوخشاش.



## ئەتىياز

يىرتىلماقتا ئەتىياز
ئۇزۇلماقتا ئىسسىق شاماللار.
چىلاپ ئوتتەك تېنىنى كېچە
چالغىتماقتا كۆلچەكتە.
شەهەردىن تا - كەنتكىچە
ئويغانماقتا سۇسىز ئېقىنلار.
كەيپىلىكتە كۆزلىرىنىڭ
قولۇڭنى ياي چەكسىز قىشلاقتا
پورەكلىگەن جىگدە
تۇرار ساڭا تەبەسسۇم قىلىپ.

تاش دەۋرنىڭ قوناقلىقىدا
كەتتىم بىردىن ساڭا ئايلىنىپ.

## كۆيۈۋاتقان جىمجىتلىق

ئەي سۆزلەۋاتقان جىمجىتلىق
تۇيغۇمنىڭ هەقىقىتى
يالىڭاچ ئايالسەن گۇناهقا پاتقان.
ئالقىنىڭدا تىترىگەن سايەم
قاندۇر!
مۇزىكىدىن سىرغىغان، ئاققان.
سەن قەلبىمنى چىرىتمەكتىسەن
تىترىتىپ قولۇڭنى، كۆزلىرىڭ مەستخۇش.
سەن ئۈن - تىنىشسىز سۆزلىمەكتىسەن
ئاۋازىڭ ئۆرتەنگەن، خىيالىڭ بىهوش...
گويا...
مۇنچىدا يۇيۇنماقتىمەن
ئەينەكلەرنى ئىسسىق هور باسقان...
گويا...
ئايالسەن كارىۋاتتا يالىڭاچ ياتقان.
بىر ئەرنىڭ ئاۋازى كەلمەكتە لەيلەپ
كۆيمەكتە تۇيغۇمدا ۋاقىت هەم زامان.
بىر ئايال سۆيمەكتە مېنى... دۇنيانى...
چۈشۈمنىڭ سىرتىدا گۇناهقا پاتقان...


## چارچاش

هارغىنلىق كەزمەكتە تۇندەك، شامالدەك...
شۇ قەدەر ئازابلىق ئەر بولۇپ ياشاش،
توي قىلىش، خىزمەت ۋە چىرىگەن ئەخلاق -
ئىچىدە بوپ كەتتىم شۇنچە ئالدىراش
نېمە ئۇ قوغلاشقان، ئىنتىلگەن بەخت؟
نېمە ئۇ ئائىلە؟ نېمە ئۇ غايە؟
بىر مىسرا شېئىردۇر هاياتنىڭ تەمى
مۇهەببەت قىشتىكى سۇۋۇغان سايە.
چەكسىز بىر بوشلۇقتا بىر تال سىزىقمەن
ئۆزۈم ۋە دۇنيانى بۆلگەن ئىككىگە.
ئازابمۇ، شادلىقمۇ يوق دىلدا، لېكىن -
چەكسىز بىر غېرىبلىق مۆككەن ئىچىمگە...

## يىلان ۋە قىز

مۇهەممەت تۇرسۇن هامىت

بىر يىلان ساسلىقتىن چىقتى بېغىرلاپ،
قەلبىمنى ئازابلاپ گۈزەل بىر قىزدەك.
تولغىنىپ تۇرغان شۇ يۇمران بېلىنى،
ئەندىكىش ئىلكىدە تۇتتۇم ئاۋايلاپ.
يىلاننى سۆيۈشكە باقتىم ئىنتىلىپ،
قەلبىمدە تۇغۇلدى ئوماق هېسسىيات.
بەرىبىر سۆيىمەن ئۇنى قورقماي،
ئېهتىمال بىر قىز ئۇ گۈزەل ئاشۇنداق.



# ئۈچ شېئىر

### ئەكبەر نىياز پەتتارى

## تۈن ئۆزۈن ئاشىقنىڭ كۈتۈشلىرىدەك

قاپقارا بىر كېچە كەلمەكتە يەنە،
كەلگەندەك يېقىنلاپ قەلبىمگە ئازاب.
كۆيىمەن ئۈمىدنىڭ ئوتىدا بۇدەم.
كۆك ئارا يۇلتۇزۇم قالسا دەپ چاقناپ

خانەمنى رومانتىك تۈسكە كىرگۈزۈپ.
ئاھ كۈتتۈم تاقەتتە كەلمىدى نىگار.
نۇر تۆكۈپ نەچچە رەت چېچەكلىدى شام،
مۇڭلۇق كۈي بەرقىدە چارچىدى گىتار.



بۇ كېچە مىنىڭدەك يېگانە كېچە،
خىيالىم كەچكۈزدەك قالدى قۇپقۇرۇق
جۈپ كۆزۈم ىىزدى تۈننى نۇر بىلەن،
بولدى ئۇ خىلۋەتتە ئويچان گۈلسۇرۇخ.

كۈندۈزلەر سەھەردە كۆرگەن چۈش كەبى،
يوقلۇقتا باش قويار شۈنچىلىك قىسقا.
ئەكسىچە دىل تارتماس كېچىلەر ئۆزۈن،
خۇن بولدى يۈرىكىم دەپ بۇ نىمىشقا؟!

قاپقارا بىر كېچە كەلمەكتە قىستاپ،
كەلگەندەك دېۋەيلەپ قەرز ئىگىسى.
تۈن ئۆزۈن ئاشىقنىڭ كۈتۈشلىرىدەك،
كۈندۈز ئۇ بىردەملىك مەشۇق كۈلكىسى.

## ئۇنتۇلغان ئارال

مەن ئۆزۈمگە چۆكۈپ كەتكەن ئارالمەن،
ئاھ روھىمدىن باشقا ھېچكىم كەلمىگەن.
ئارال بولۇپ يارالسامۇ قىسمەتتە،
پۇرسەت ماڭا دولقۇنلاشنى بەرمىگەن.

بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە كونا قەلئەدەك،
سۈكۈت بىلەن يىراقلارغا باقىمەن.
تومۇردىكى قانغا ئوخشاش كۆرۈنمەي،
چوڭقۇرۇمدا دېڭىز تامان ئاقىمەن.

ئاققۇلارغا دوست تارتىدۇ كۈنى - تۈن،
يۈرىكىمنىڭ ئەركىسى - شوخ بېلىقلار.
پەلەك تەتۈر، كاجمۇ شۇنداق تەلىيىم،
چۈشۈمگىمۇ يولىمايدۇ قېيىقلار؟

مەۋجۇتلۇقۇم ئۆزگىلەرگە سىر، گۇمان،
ئايلانغاندۇر تۇمان سادىق ئۆلپەتكە.
مارجانلىرىم، بېلىقلىرىم، ئارمىنىم،
مەھكۇمىدۇ تائەبەدىي ھەسرەتكە...؟!

يوقلىمىغان ئاھ روھىمدىن باشقىسى،
مەن ئۆزۈمگە چۆكۈپ كەتكەن ئارالمەن.
مەڭزىدىكى يۇتمەس قارا خال كەبى،
بۇ ھاياتقا تاشلانغان بىر سوئالمەن.

## كىم ئۇ، تۇرغان چېچىمنى سىيلاپ

سۈكۈتتەك بىپايان، ئازابتەك چوڭقۇر،
قەلبىمدە بىر شېئىر تۇرىدۇ پارلاپ.
مەيلىمگە قويۇۋەت مىنى مەيپۇرۇش،
ئىچكۈم يوق ئۇشبۇدەم قەدەھتىن شاراب.

ۋەھىمە ياغدۇرۇپ يىراقتا تەگسىز،
كېلىشنى خالىماس بەخت، تەلىيىم.
ئەتىنىڭ بوسۇغى ئالدىدا يوچۇن،
سايىلەر كۆڭلۈمنى قىلىدۇ يېرىم.




www.uyghurkitap.com

بىلمىدىم تۇرغان كىم چېچىمنى سىيلاپ،
چۈشۈمنىڭ گۈل قۇچقان باغلىرى ئارا.
ھېچكىمگە ھېچنېمە دېگۈم يوق نېتەي،
كىم بولار شېئىردەك ۋاپادار ماڭا؟!

بۇ غېرىب روھىمنى سوئاللار بىلەن،
ئايىماي تىنىمسىز تۇرىمەن سوتلاپ
لېۋىمگە لەۋ ياقماق ئىستىسە نىگار
ياتقۇم يوق خانەمدە يەنىلا ئۇخلاپ.

ئاھ، قەلبىم ئىشىكسىز، يېگانە قەسىر،
كىرىۋەر ھېيىقما، كەل ئۆلۈم، ئازاب.
ئۆزىنى بىلمىگەن بىلمەس ئۆزگىنى،
سەن بولۇت، مەن قۇياش تۇرىمەن چاقناپ.




# شېئىرلار

## ئابدۇۋايىت مەتنىياز

## پۈتمىگەن ھەيكەل

ياسىدىم ئېڭىمدا بىر بۈيۈك ھەيكەل،
چوقۇندۇم ۋە ئاڭا تۆلىدىم بەدەل.
كۆپ ئۆتمەي چېقىلدى، ھە، بىلدىم بۇنى،
پۈتمىگەن ئىكەن ئۇ ئەسلى مۇپەسسەل!



## ئاققۇ قوشىقى

قونۇپ قالدىڭ قاچانلاردا ئېتىزىمغا گۈل بولۇپ،
ئورنىدىكىن قاچانلاردا ئەسلىرىمگە ھەرىپىڭ.
ئۇچۇپ ئۆتتۈڭ قاچانلاردا ئاسمىنىمدىن كۈي توقۇپ،
شۇندىن بېرى قېينىدى ئاھ، مېنى بۈيۈك تەرىپىڭ!

زاھىر بولدۇڭ بىتاپ يۈرسەم پېيىڭ چۈشتى قولۇمغا،
مىسكىنلىكىم بولدى تەرك، ساڭا ياياق ئەگەشتىم.
ماكان تۇتمىش باھارىمدىن زىمىستانغا جۆنىدىڭ،
پۇشايماندا ياغدى قەھرىم، ھەسرەت ئىچرە تۆگ ەشتىم.

بىراق يەنە ئۇچۇپ كەتتىڭ، ئاسمىنىمدىن ئۇچمىدىڭ،
ئېتىزىمغا قوندۇرغىلى دان سورۇدۇم تۇمەن تال.

ئەپسۇس ھامان يات ئېتىزلار بولدى سېنىڭ قوندىقىڭ،
تېرىقنى دەپ چۈشتۈڭ قىلغا، يوق بۇنىڭغا ھېچ ئامال.

شۇمشەيگەنچە ئايان بولدى قەپەسلەردە دىدارىڭ،
كۆرۈشەرمىز ئەمدى نەدە ئىككىمىز شوخ جىلمىيىپ.
ئۇنتۇلمىدىم، ئۇنتۇلمايمەن، بولسامۇ گەر ئۇنتۇغاق،
شۇ ئەپسۇسلۇق سەپىرىڭنى ئۇزاق - ئۇزاق ئويلىنىپ.

## تۇنجى دەرس

ياتسىرىغان نۇر يىپلىرى ئۇچار كۆزدىن تۆكۈلۈپ،
ھەر تەرەپكە يېيىلىدۇ پورەكلىگەن خىجىللىق.
قەبىلىلەردىن ناتونۇشلۇق جىيەكلىرى سۆكۈلۈپ،
ۋاقىتسىرى ئارىنى قاپلار سېھرىي ئىجىللىق.

چەكسىزلىككە ئۇزىتىلار يېتەكلەشتە جۇپ كۆزلەر،
ئېھ، ئېنىقسىز مۇساپە تۇمان ئىچرە سىزىلغان.
پەر قاقىدۇ ئارىدا شۇنچە تەمكىن شوخ سۆزلەر،
بۇندا كۆڭۈل تۆرىگە غۇنچە گۈللەر تىزىلغان.

يېڭىلىقتۇر تۇنجى دەرس، سېھرىلىكتۇر ئەبەدىي،
بولالمايدۇ ئۇنىڭسىز مۇگدەك تۇيغۇ ئەسەبىي.



# جەننەت قۇشى ۋە باشقىلار

ئەركىن نۇر

## جەننەت قۇشى

چاقىرسەن مېنى يىراقتىن
ئاۋازىڭ تەبەسسۇمدەك ياپيېشىل شۇنچە

كۆزلىرىڭ شەيتاننىڭ كۆزى
قورقۇنچلۇق ھەمدە ئېزىتقۇ
جەننەت قۇشى تېنىڭنىڭ ئۆزى
نۇر چاچىدۇ روھىمغا مەڭگۈ



سەن ئەسلى
سۇمرۇغ ئىدىڭ
ئۆلۈم سۈيىگە بەتتەر چاڭقىغان
ھاياتنىڭ چۆللىرىدە بىپايان
ئاتتىڭ ئۆزۈڭنى
قىسمەتنىڭ چەكسىز باغرىغا
كۆيۈپ كۈل بولدۇڭ
ئۆز كۈلۈڭدىن تۇغۇلدۇڭ قايتا
مەڭگۈ ئۆلمەس جەننەت قۇشى بوپ

جەننەت قۇشى ، ئەي جەننەت قۇشۇم
سەن ئۇچىسەن توختىماي قايان ؟
سەن ئۇچقاندا قانات - پېيىڭدىن
نۇر ئېقىمى قالىدۇ ھامان

يورۇتماقچىمۇسەن ئىچىمدىكى بارچە يوللارنى
نىگاھىمدا نۇر ئېقىمى، نۇرلارنىڭ سۈيى
كۆك ئارا شاۋقۇنسىز ئاققان بىر دەريا
بىلىمەن
سەن ئۇچىسەن نىشانلاپ
قۇياش ئارقىدىكى قارا قۇياشنى
ئۇ قۇياش
تەڭرى ۋىسالى

ئۆگىنىمەن سەندىن ياشاشنى
يېرىپ چىقىپ قەبرەمنى بىركۈن
مەن باشلايمەن نۆلدىن ھاياتنى

تۇيغۇمدا نېچۈن
سېنىڭ تېنىڭ
چېركاۋمدۇر مېنىڭ مۇقەددەس
مەن ئىلاھىي روھ بىلەن ئاڭا
كىرىپ كېلىمەن
تەڭرىدىن ھەرقاچان بەختلەر تىلەپ

جەننەت قۇشى ، ئەي ئالتۇن قۇشۇم
ئېلىپ كەتكىن مېنى يىراققا
قاسراق كەبى تاشلاپ ئۆتمۈشنى
ئېلىپ كەتكىن جەننەتكە ئۇدۇل
قالدۇرمىغىن ھەرگىز مېنى دوزاختا

يەنە چاقىردىڭ مېنى يىراقتىن
ئاۋازىڭ تەبەسسۇمدەك ياپيېشىل شۇنچە.

## كۆرگىنىڭ مەن ئەمەس

ئويغاتتىڭ
رىئاللىقنىڭ قوم بارخانلىرى تېگىدىن
چىقتىم
ئۆچەك تۇخۇمىدىن
ئۆزۈمنىڭ
يېرىپ ئۆزۈمنى
كۆردۈم
ئۆلگەن، تىرىلگەن، تۇغۇلغان
تالاي - تالايلاپ. . .
نېمانچە كۆپ ؟
مەن زادى قايسىسى ، قايسىسى مەن ؟
تاپالمايلا قالدىم ئۆزۈمنى



uyghurkitap.com

تېرەم يوقتۇر، جىسمىممۇ ھەم يوق
كۆرەلمەيسەن سەن مېنى
كۆرگىنىڭ
مەن ئەمەسمەن
مەن شەكلىگە كىرگەن جەسەتلەر



مەن دېمەكلىك ياۋۇز بىر مەخلۇق
شەكىللەرنىڭ قوتىنىغا كۆنمىگەن

مەن ياشايمەن كۆرۈنمەي كۆزگە
مەۋھۇماتنىڭ ھاۋاسىغا سىڭىشىپ
مەن كۆرۈپ تۇرىمەن بىراقكى سېنى
ئەخلاق دېڭىزىغا تاشلانساڭمۇ كۆپ تىرەن
ھېچنەرسە ياپالماس، توسالماس سېنى
چۈنكى سەن قۇياشسەن ھەقىقەتتەك
سۈزۈك جىسمىڭ
قات - قېتىدىن
نۇر ياغدۇ - نۇرلارنىڭ
ئۆرۈك چېچىكى غۇچچىدە ئېچىلغان
تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ قەلبىمگە، بىلسەڭ ئەي لېۋەن
تۇتقۇزدۇڭ قولۇمغا
ئەرلىك جاسارەت تىغىنى

نېمە بىلەن تولدۇرماق كېرەك
ھاياتىمىزنىڭ بۇ قوپقۇرۇق،
زۇلمەت ئامبىرىنى ئاقۇۋەت؟

كېچىنىڭ ئاسمان - پەلەك مۇنارىدا ئولتۇرۇپ
جاراھەتتىن تامغان قان بىلەن
مەكتۇپ يازدىم
يۇلۇپ سۇنغان قاناتىمنى

مەن يەنىلا تۇخۇ يۈرەك شەرمەندە ؟
ياق ! ئۇ بۇرۇنقى ھەرگىز مەن ئەمەس




بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دۇنياغا

خىيانەتكار ، ئىسيانكار قەلبىڭ
جەننەت ئىشىكىدۇر ماڭا داغدام ئېچىلغان.

## تۈندىكى سېغىنىش

نورۇز ئاخشىمى
چېركاۋ قوڭغۇرىقى ئۇنلىگەندەك
مۇقەددەس ، سىرلىق تۇستە روھىمدىن
قايتىنىڭ ماڭا
ۋۇجۇدۇڭنىڭ ھۇپپىدە ئېچىلغان ئەتىرگۈلى
ئۇرۇلغاندەك بولدى دىماغقا

مەن كېسەل
پەرىشانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان
سۆيۈنمەن
تەنھالىقنىڭ ھوما قۇشى قونسا بېشىمغا
ئويلايمەن
ئەڭ لەززەتلىك نەرسە ئۆلۈمدۇر بەلكىم
مەن ئىستەيمەن قۇچىقىڭدا ئۆلۈشنى



تاش ئادەممەن
ۋاقىت سۈيى ئۆتمەس ئىچىمگە
شۇندىمۇ سەن ماڭا يار -
يۈرىكىمدىن ئۈنۈپ چىققان بىر مۇخسەن ئەبەد
قېنىمنىڭ زۇلمەتلىك ئېغىزىدىن
ئاڭلانغانتى تېخى يېقىندىلا سوغ ئاۋاز:
نىجاسەتتۇر مۇھەببەت،
سەن ئۈندىكى بىرقۇرت سۆيگۈ ئۈچۈن ياشىدىڭ،
كۆردۈڭمۇ بىر ھالاۋەت؟
ھايات دېمەك يالغۇزلا
ئەمەس ھەرگىز مۇھەببەت !

نەچچە كەزسەم ئىقلىمنى تېپىلمىدى بىر رەنا
مەن سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك

مەن ئادەمدىن باشقا نەرسىنى
قەسەم قىلغان ئىدىم سۆيمەككە
شۇنداق تۇرۇپ بۈگۈن بۇ ئاخشام
سېغىندىم مەن سېنى نېمىشكە ؟
ئۈركۈتۈپ تەنھالىقنىڭ قۇشىنى

ئەگەر سېنى دېمىسەم
مەن سۆيەمتىم هايات دېگەن شۇنداق ئەسەبىي؟
نورۇز كىردى ئۆيۈمگە
ئۇستىبېشى ياپيېشىل
قارلىغاچنىڭ ئاۋازى كەبى.

# ئاخىرقى بېكەت

دەرەخكە تۈيۈقسىز تەگكەچكە جۇدۇن
ئۆچتى هايات بېتىدىن يېشىللىق هەيهات !
غازاڭلار گوياكى كۆز ياشقا ئوخشاش
تۆكۈلۈپ چۈشمەكتە قەلبىمگە قات - قات .

ئەزرائىل ئالقىنى روھىمنى شۇ تاپ
مۇزلىتىپ بارماقتا ئاستا ۋە ئاستا،
چۇۋۇلۇپ جان يىپى توقۇلما تەندىن
چىقماقتا،
قوشماق بوپ مېنى يوقلۇققا.



خەيرىيەت مەن شۇنداق سەبىي ئىدىمغۇ،
ياشاپمۇ باقمىغان دۇنيادا بىر رەت .
هاياتقا ئوخشاشلا قانمىغان ساڭا
سەن مېنىڭ ئالۋۇنۇم بوپ قالدىڭ پەقەت.

شەپقەتسىز قىسمەتنىڭ سوغۇق جۇدۇنى،
قاتۇردى مۇز قىلىپ باهار، ئېگىمنى؛
قاتۇردى مۇزلىتىپ ئىسسىق قېنىمنى،
قاتۇردى سېنى هەم پارلاق تېگىمنى.

ئايلاندى دۇنيادا جانلىق ۋە جانسىز
هەممىسى مەن ئۈچۈن يوچۇن نەرسىگە،
قۇتقۇزۇپ قالالماس مېنى هېچنېمە،
ئەيسانىڭ ئۈپىشى هەتتا لېۋىمگە.

قەلبىمدە، كاللامدا، ۋۇجۇدۇمدا هېچ
ئازاب يوق، مىسالى مەن بىر تاش ئادەم ؛
ۋە لېكىن سەن مۇز قىز بولساڭمۇ نېچۈن
ئىللىق بىر سېزىمنى بېرىسەن هەردەم ؟




بەرهەقسەن سۆيۈملۈك ئىدىڭ، بەك ئوماق:
قان بولۇپ كىرسەڭمۇ ماڭا، جىسمىمغا،
نېچۈندۇر يىراقتىن ئىزلەيتتىم سېنى،
ئايلانغاچ سەن ماياك، سەن بىر ئىلاهقا.

ئىلاهنىڭ ۋەسلىگە يەتمەي هاياتىم،
شۇ قەدەر مەنىسىز، ئۆتتى چاكىنا؛
خوش دېگۈم كەلمەيدۇ هېچكىمگە، بىراق
ئەلۋىدا! . . . دەيمەن ئاه، كۆڭلۈمدە ساڭا.

هېچنەرسە كۆڭلۈمنى تارتالماس زىنهار
دوست - يارەن، بۇرادەر، يېقىن قېرىنداش؛
ۋە لېكىن يېقىن كەل، ماڭا بەر قولنى
ئۆلۈمنىڭ باغرىغا قويغىچىلىك باش!

هاياتتىن قىيىمەن، بىراق مەن ساڭا
قىيالماي سەكراتتا كۈتىمەن تاكى
ئاخىرقى تىنىقىم ئۈزۈلگەن قەدەر،
چىن سۆيگۈم مۇقەددەس، مەڭگۈلۈك - باقى.

سىقىلغان يۈرەكمەن تۆمۈر چاڭگالدا،
هارۋىغا تاشلىنىپ ئېلىپ مېڭىلغان
ئاخىرقى بېكەتكە - مەۋھۇم ئالەمنىڭ
دارىغا ئېسىلغان، مەجبۇر تېڭىلغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىن سۆيگۈ داۋاسى قىلدىم - جىنايەت
ئۆتكۈزدۈم، چەكلەنگەن مېۋىنى يېمەك
بولدۇم ھەم
پالاندىم دوزاخقا، داۋا
قىلمەن ئۆلسەممۇ ئەلۋەتتە كېرەك.


مەن كەتتىم، ياخشى قال جەننەتنىڭ ئۆزرە،
ئۆزۈڭچۈن چاراسلاپ كۆيگىن ئەي گۈلۈم،
مەن كەتتىم، قېشىڭغا كېلىمەن يەنە
روھىمنى تونسالماس ھەتتاكى ئۆلۈم!

## ئىچىمدىكى ئادەمگە

ئەمما سەن
تونۇمايسەن تاشقى دۇنيانى
سېنى سەزدۈرمەي ئۆلتۈرمەك بولغان قاتىلنى

سەن تېخىچە كۆرۈپ باقمىدىڭ
دۆلەت، ۋەتەن، ھەتتا خۇدانى
تونۇمايسەن مېنىمۇ چوقۇم
تونۇمايسەن پۇل، مال - دۇنيانى
تونۇمايسەن نەيزە، قىلىچ، زەمبىرەكنى ھەم
تونۇمايسەن ئابروي، ئاتاق، شۆھرەت، نوپۇز تاجىنى
تونۇمايسەن مەن تارتىشقان ئىدارە، ئۆينى
تونۇمايسەن سىياسەتنىڭ بۇلۇتىنى ئۆزگىرىشچان
تونۇمايسەن سۆيگۈ گەندىسىدە سەمرىگەن قۇرتنى
تونۇمايسەن سۇنئىي جەننەتنى ئۆز - ئۆزىگە ھەركىم
ياسىغان
تونۇمايسەن ئىرادىنىڭ پولات ئىستىھكامىنى
تونۇمايسەن قۇللۇق سۈتى ئەمگەن ماشىنا ئادەمنى
تونۇمايسەن ئىنقىلابنى، بىر ئادەمچۈن قۇربان بولغان
تالاي قويلارنى
تونۇمايسەن چېگرا - توساق، قاشا - تاملارنى
تونۇمايسەن سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ نەسلىنى
يېڭىلاش تەجرىبىخانىسىنى
تونۇمايسەن مەكتەپ، مەسچىت، ھەتتا بىر خەتنى
تونۇمايسەن بولشېۋىكنى، كاپىتالىستنىمۇ
تونۇمايسەن ئەلەمدىن ئۆلۈۋالغان ئادەمنى
تونۇمايسەن يول ۋە تارىخنى...
سەن قارايسەن مېنىڭ ئىچىمدە
ئۆركەشلىگەن مۇدھىش قان بىلەن
قاپقارا كېچىدەك قاندۇر كۆزلىرىڭ
سەن كۆرسەن قان بىلەن پەقەت
نەپەسلىنىپ تۇرغان ئىچكى ھاياتنى

مەن ئاسىيلىق قىلسامىمۇ ساڭا
سەن ئارقىلىق ئېرىشىمەن چەكسىز ھاياتقا



قاتىلىڭمەن سېنى ئۆلتۈرگەن
تالاي - تالاي قېتىملاپ
نىجاتكارىمسەن
مەن ئۆلگەندە جېنىڭنى بەرگەن
يا ئۇقىسەن پاكى ھارماس ئۇچار قۇش
بىلمەيسەن ئۆزگىنى ئۇچۇشتىن باشقا
قانىنىڭ مۇدھىش ئاسمىنى ئارا
ماي قوڭغۇزىسەن يالتىراق
ئۇچقىنىڭدا ئۆز - ئۆزۈڭنى نىشانلاپ
يورۇپ كېتەر ئىچىم ۋاللىدە
مەڭگۈلۈكنىڭ سىرلىق نۇرىدا

تارتىۋالغىن مېنى ھاڭلاردىن
قولۇڭنى بەر ئەي يوچۇن دوستۇم.

## پەردە

### ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

دېرىزەڭگە تارتىلغان پەردە،
كاشكى! چىرىپ كەتسە بىر قېتىم،
كۆرسەم ياكى پۇرلەشكىنىنى...
ئۆچۈپ قالار ئىدى ئوت - قېتىم.

ئۆيگە بەنت قىلىندىڭ قاچان؟
كىم سۇرتتى ئىھ، ئالتۇنغا توپا؟!
قوندى گۈلدەك يۈرىكىڭگە چاڭ...
بەخت - ئۆتمۈش كۆرۈنەر غۇۋا.

توۋا، قات - قات دېرىزە پەردەڭ،
ماڭا پەرھىز تۇتقىنىڭمۇ - بۇ؟
سەن ئالەمدە بىردىنبىر لېۋەن،
سەن، ئەجبا رەھىمسىز تۈيغۇ..

## نەۋائى خەزىنىسى

# شەرق شائىرىنىڭ تراگېدىيىسى①

ئابدۇقادىر ئىنان [تۈركىيە]
ئابلىز ئۆرخۇن تەرجىمىسى

بۇلتۇر ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بىلەن قەدىمكى تاشكەنت شەھىرىدە پارسچە قوليازمىلارنى سېتىۋېلىپ يۈرەتتىم، تاسادىپ قولۇمغا بىر قەدىمىي كىتاب چۈشۈپ قالدى. بۇ مىرخاندىنىڭ «رەۋزەتۇسسەفا» ناملىق كىتابىنىڭ ئىسمائىلىيلار ۋە سامانىيلار تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4- جىلدى ئىدى. بۇ جىلد ئىچىدە بۇ ئەسەردىن باشقا ئاسىياغا ئائىت پارسچە ۋەسىقىلەر ۋە ھىندىستانلىق شەيخ ئەھمەت فارۇقى سەرھەندىنىڭ (1553 ـ 1624) «مەكتۇباتى شېرىف» ئەسىرىنىڭ 1 - تومىنىڭ تولۇقسىز نۇسخىسى بار ئىدى. ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ كىتاب 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەمەرقەنت ياكى بۇخارادا يېزىلغان بولۇپ، بىرقانچە رىسالە ۋە ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىياتى، ئۆمەر ھەييام بىلەن نىزا مۇلمۇلۇك ۋە ھەسەن سابباھلارنىڭ ساۋاقداشلىقى سۆزلەنگەن مەشھۇر رىۋايەت بار ئىدى. بۇ ئۈچ ساۋاقداشقا ئائىت نىقابلىق ئوتتۇرا ئاسىيا پەيغەمبىرى مۇقەننامۇ ئىلاۋە قىلىنغانىدى. نەسرىي «شاھنامە» دىن پارچىلار، سۇلايمان پەيغەمبەرنى ئەسكە سالىدىغان پال كىتابى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۆمەر ھەييام رۇبا ئىياتىنىڭ بۇ رىسالىلەر ئارىسىدا بولۇشى بۇ مەشھۇر ئىران شائىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ كۆپ شۆھرەت قازانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئېسىل كىتابلاردىن تۈزۈلگەن ۋە تۈرلۈك شەخسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ رىسالە ۋە ماقالىلەر ئارىسىدا «ئۇنۋان يافتەن مىر ئەلشىر (غنوان يافتن ميرغلى شير)» ماۋزۇلۇق بىر ئەسەر دىققىتىمنى تارتتى. ساپ پارسچە بۇ ھېكايىنىڭ يەرلىك تاجىك ئۇسلۇبى ۋە خەلق ئۇسلۇبىدا يېزىلىشى، بابلارغا ئايرىلىشى ۋە ھەر بابنىڭ «ئەمدى سۆزنى ۋەزىرنىڭ گۈل ئىسىملىك مەشۇقىدىن ئىشىتكەيسىز...» دەپ باشلىنىشىدەك خۇسۇسىيەتلەر بۇ ھېكايىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھېكايە ئېھتىمال چايخانىلار ۋە مەدداھلار ئارىسىدا ئوقۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ يەردە بۇ ھېكايىنىڭ تەرجىمىسىنى بېرىۋاتىمەن. باب ئىسىملىرى ۋە ھەر بابنىڭ بېشىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن «ئەمدى ئاڭلىغايسىز...» دېگەندەك جۈملىلەرنى، ناھايىتى قىزىقارلىق بۇ تارىخىي ھېكايىنىڭ تەبىئىي ئېقىشى (راۋاجى) غا تەسىر يېتىپ قېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ تەرجىمىدە قىسقارتتىم.

سۇلتان ھۈسەيىن سەمەرقەنت تەختىگە چىققان زاماندا قارشى ئۆلكىسىنىڭ سەبزىۋار يايلىقىدا مىر ئىسىملىك ياش، ناھايىتى ئالىم ۋە ئاقىل بىر كىشى بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى خىزمەتچىلىرىگە مال پادىسىدىن ئەڭ سېمىز ۋە چوڭ قويدىن مىڭنى ئىلغىتىپ قارشى ئۆلكىسىگە ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ ئىتىغا مىنىپ قارشىنىڭ قوي بازىرىغا كېلىپ ماللىرىنى سودىگەرلەرگە باھالاتتى. سودىگەرلەر قويلارنى تالىشىشقا باشلىدى. مىر بولسا سودىگەرلەرگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

ـ مەن بۇ قويلارنى بايلار ۋە قاسساپلارغا ساتمايمەن. مەن بۇلارنى يوقسۇللارغا نېسىگە ساتىمەن.

يوقسۇللار كەلدى. مىر بۇ يوقسۇللارنىڭ ھەر بىرىگە بىر قوي بەردى ھەمدە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئۇلارغا:

ـ دوستلىرىم، سىلەرگە قويىدىغان شەرتىم شۇكى، بۇ قويلارنىڭ پۇلىنى سىلەردىن سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئالىمەن، ـ دەپ توۋلىدى. شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ ئىتىغا مىنىپ ئۆز يايلىقىغا قايتتى. بۇ ۋەقە سۇلتاننىڭ يېقىنلىرىدىن مەخپىي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خادىملار بۇ ئىشنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ سۇلتان ھۈسەيىنگە مەلۇم قىلدى. بۇنى ئوقۇغان سۇلتان غەزەپكە كېلىپ ياساۋۇللاردىن بىرىنى يېنىغا چاقىرىپ دەرھال

① ماقالىنىڭ ئەسلى ماۋزۇسى «مىر ئەلشىرگە ئائىت پارسچە بىر ھېكايە».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارشى يايلىقىغا بېرىپ مىر ئاتلىق ياشنى تېزلىكتە سەمەرقەنتكە كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ياساۋۇل سۇلتاننىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈردى. قارشى يايلىقىدىكى ھېلىقى ياش باينى تاپتى. مىر بۇ مېھماننىڭ مەقسىتىنى بىلمەيتتى. ئۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. تاماقتىن كېيىن ياساۋۇل:

— باي يىگىت، سىزنى سۇلتان ئۆز ھۇزۇرىغا كېلىشىڭىزنى ئەمر قىلدى، — دېدى.

مىر دەرھال ئېتىغا مىندى. ياساۋۇل بىلەن تەڭ سەمەرقەنتكە يول ئالدى. شەھەرگە كەلدى. ياساۋۇل سۇلتانغا مىرنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن مىر ئوردىغا كىردى. سۇلتان ئالدىدا غايەت گۈزەل ۋە كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ تەزىم قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە:

— پالانى ۋاقىتتا قارشى بازىرىدا قوي ساتقان كىشى سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مىر:

— شۇنداق سۇلتانىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

سۇلتان:

— نېمىشقا بۇ قويلارنى نەق پۇلغا ساتماي، مەن ئۆلگەندىن كېيىن پۇلنى ئېلىش شەرتى بىلەن نېسىگە ساتتىڭ؟ مەندىن نېمە يامانلىق كۆردۈڭ؟ — دېدى.

مىر تەزىم قىلىپ يەرنى ئۆپتى ۋە ئۆزرىخاھلىق سوراپ:

— ئالەمنىڭ پاناھى سۇلتانىم، سىزدىن ھېچكىم يامانلىق ۋە زۇلۇم كۆرگىنى يوق. سىزدىن بەخت ۋە ئاسايىشلىقتىن باشقا ھېچنەرسە تېپىلمايدۇ. بەندىڭىزنىڭ بۇ ئىشى سىزگە بولغان سادىق تەبئىتىم ۋە قۇلچىلىقىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر، — دېدى.

سۇلتان:

— بۇ ئىشىڭنىڭ نېمە ئاساسى بار؟ — دەپ سورىدى.

مىر مۇنداق چۈشەندۈردى:

— مۇنداق غەيرىي بىر شەرت بىلەن مەندىن قوي سېتىۋالغان كىشىلەر سۇلتاننىڭ سالامەتلىكى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن تەڭرىگە كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلىدۇ. مال ئىگىسىنىڭ كېلىپ پۇلنى سۈيلىمەسلىكىنى تىلەيدۇ.

يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش چىرايلىق جاۋابى سۇلتانغا ياراپ كەتتى. سۇلتان ئوردا خادىملىرىغا قاراپ:

— بەك تاتلىق سۆزلەيدىكەن. ئېسىت، ۋەزىر بولۇشقا لايىق بۇ ئادەم نېمىشقا يايلاقتا ياشايدۇ، — دېدى ۋە كاتىپنى چاقىرىپ مىرنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەش توغرىسىدا پەرمان يېزىشقا بۇيرۇدى. پەرمان يېزىلدى. سۇلتان مۆھۈرىنى بېسىپ مىرنىڭ بېشىغا قويدى.① پۈتۈن ئەمرلەر يېڭى ۋەزىرنى تەبرىكلىدى. سۇلتان ھۆسەيىن سەمەرقەنت سېپىلىنىڭ تېشىدىكى گۈزەل ۋە چوڭ بىر باغنى بارلىق ئېرىقلىرى بىلەن قوشۇپ مىرگە ھەدىيە قىلدى. شۇنداق قىلىپ كەڭ يايلاقتا ئۆسكەن ۋە ساپ ھاۋادا يېتىلگەن يىگىتنىڭ تار شەھەردە ئىچى پۇشۇپ ساپ يېزا ھاۋاسىنى مەيلى تارتىشقا باشلىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەرھەمىتىدىن پايدىلانغان مىر ھەر ئەتىگىنى باغقا كېتىپ كەچتە شەھەرگە قايتىپ كىرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتتى. يىگىت سۇلتاننىڭ تەسىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالدى. شۇ ئەسنادا مىردا شېئىرغا نىسبەتەن بىر ھەۋەس تۇغۇلدى، ئىستېداتى ئاشكارىلاندى.

مىر ئەلشىر ھەۋائى،
لەقەب بولدى نەۋائى

بىر كۈنى مىر ئەلشىر نەۋائى ئادىتى بويىچە شەھەر سىرتىدىكى بېغىغا كېتىۋېتىپ، بىر ئۆينىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرغان غايەت گۈزەل بىر قىزغا تاسادىپ كۆزى چۈشتى. قىز شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، نۇرلۇقلىقىدىن قۇياش بىلەن بەسلىشەتتى، بۇلۇتلارمۇ مۆكۈۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ دىلبەر بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، يۇيغان كىرلىرىنى يايماقتا ئىدى. مىر ئەلشىر بۇ گۈزەل مەھبۇبىنىڭ توزىقىغا چۈشتى. نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇدى. باغنىڭ يولىدا ئادىشىپ قالدى، چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئاخىرى گۈزەل قىز بار ئۆيگە كېلىپ قالدى ۋە ئىشىكنى قاقتى. قىزنىڭ دادىسى ئىشىكنى ئاچتى ۋە كەلگەن كىشىنىڭ سۇلتاننىڭ ۋەزىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيرەتتە قالدى. ئېتىنى ھويلىغا باغلاپ ئۇنى ئۆينىڭ تۆرىگە باشلىدى. ئاندىن بۇ ئۇلۇغ مېھماننىڭ كېلىش سەۋەبىنى سورىدى.

مىرئەلشىر:

— دادا، ئولتۇرۇڭ، — دېدى. ئۆي ئىگىسى

---

① سەللىسىگە تىقىپ قويۇش مەنىسىدە. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلاردا يېڭى ۋەزىرىگە تەيىنلەنگەن كىشىنىڭ سەللىسىگە كىشى كۆرگىدەك دەرىجىدە يارلىق تىقىپ قويۇلاتتى.

ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئاخىرى كېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈردى ھەمدە:

- مېنى ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىڭ، - دەپ ئۆتۈندى.

ئۆي ئىگىسى بۇنداق ئۆتۈنۈشتىن قاتتىق ھەيران قالدى ۋە:

- بۇ تەلىپىڭىزنى جېنىم بىلەن بەجا كەلتۈرەتتىم. بىراق، قىزىمنىڭ بۇ ئىشقا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش كېرەك، - دېدى ھەمدە قىزىنىڭ خانىسىگە كىرىپ:

- قىزىم، كىر - قاتلىرىڭنى ئېسىۋاتقىنىڭدا سېنى سۇلتاننىڭ ۋەزىرى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. ئەمدى بۇ يەرگە كېلىپ ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىشىمنى تىلەپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ - دېدى. قىز ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك ئىدى، دادىسىغا:

- دادا، ئەگەر ۋەزىر مېنى خوتۇنلۇققا لايىق كۆرسە، مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا بېغىشلايمەن، - دېدى.

ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ يېنىغا كېلىپ قىزىنىڭ جاۋابىنى يەتكۈزدى. مىر ئەلشىر كەمىرىنى يېشىپ بولغۇسى قېيناتىسىنىڭ ئېتىكىگە مىڭ ئالتۇن تەڭگە تۆكتى ۋە:

- بۇ پۇل ئالدىمغا چىقىپ ئىشىكنى ئاچقانلىقىڭىز ۋە ئۆيىڭىزگە باشلىغانلىقىڭىزنىڭ مۇكاپاتىدۇر. قىزىڭىزنىڭ تويلۇقى ئايرىم بېرىلىدۇ، - دېدى.

بەختلىك مىر ئەلشىر ئۇدۇل سۇلتاننىڭ سارىيىغا كېلىپ پۈتكۈل كېچىنى قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتتى. ئۇپۇقتا قۇياش كۆتۈرۈلدى. ناغرا - سۇنايلار بىلەن شاھنىڭ «ھەممەيلەن ئوۋغا ئاتلانسۇن» دېگەن پەرمانى يەتكۈزۈلمەكتە ئىدى. مۇلازىملار ئالدىراش چېدىر ۋە سايىۋەنلەرنى تەييارلاپ، ئۇلاغلارنى جابدۇۋاتاتتى. ئوۋ ئالامانى يىغىلغاندىن كېيىن سۇلتان بىلەن ۋەزىرلەر ئەرەب ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چىقتى. كىشىلەر پاراڭلاشقاچ كېتىپ باراتتى. ئالامان ۋەزىرنىڭ مەھبۇبىنىڭ ئۆيى جايلاشقان كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مىرنىڭ مەشۇقى گۈل بولسا سۇلتاننىڭ ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئوۋچىلار توپىنى سەير قىلىش ۋە يىگىتىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا پەنجىرىدىن قاراپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا سۇلتاننىڭ كۆزلىرى ئۆينىڭ پەنجىرىگە چۈشتى، ۋەزىرنىڭ مەشۇقى گۈلنى كۆردى ۋە گۈزەللىكىگە ھەيران قالدى. ۋۇجۇدىنى بىر خىل ھاياجان چۇلغىدى. ئوۋدىن سارايغا قايتقانغا قەدەر ۋە پۈتۈن كېچە قىزنىڭ رۇخسارى كۆز ئالدىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمىدى. ئەتىسى سەھەردە سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا چىققان قازى كالان سۇلتاننى ناھايىتى سولغۇن ۋە پەرىشان ھالەتتە كۆردى. سۇلتان ئۇنى كۆرەر - كۆرمەيلا:

- ئەي، شەرىئەت پاناھ، بېشىمغا بىر غەيرىي سەۋدا چۈشتى، بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، - دېدى.

قازى كالان نېمە ئىشلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. سۇلتان ئىشىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى:

- تۈنۈگۈن بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىدە ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزنى كۆردۈم. بۇ دىلبەرگە ئاشىق بولدۇم. ئۇنى كۆرگەن دەقىقىدىن بېرى كۆڭلۈم پەرىشاندۇر. شۇ قىزنى ماڭا تېپىپ بەرسىڭىز.

قازى كالان قىزنىڭ دادىسى موللا سالىھنىڭ ئۆيىگە كەلدى. سۇلتاننىڭ بېشىدىن كەچكەنلەرنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. موللا سالىھمۇ بۇنى قىزىغا يەتكۈزدى. قىزچاق:

- پەقەت تۆگىلا ئىككى قېتىم بوغۇزلىنىدۇ، مەن ئىككى قېتىم بوغۇزلىنىدىغان تۆگە ئەمەسمەن، ئەزبىرايى سۇلتاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىمەن، - دېدى.

موللا سالىھ قىزىنىڭ سۆزلىرىنى قازى كالانغا يەتكۈزدى. قازى كالانمۇ بۇ سۆزلەرنى سۇلتانغا ئۆز پېتى مەلۇم قىلدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سۇلتان غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياندى. سۇلتاننىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ۋەزىر ئەلشىر نەۋائى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە سالام بەردى:

- ئەي شاھىنشاھ، نېمە سەۋەبتىن غەم - قايغۇغا پېتىپ قالدىڭىز؟ نېمە قىسمەتكە دۇچار بولدىڭىز؟ - دەپ سورىدى.

سولتان ھېلىقى ۋەقەنى چۈشەندۈرۈپ :

- ۋەزىرىم، ئەقىللىق ۋە دانا ۋەزىرىم، ئوۋغا كېتىۋېتىپ بىر ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن ئاجايىپ گۈزەل بىر دىلبەرنى كۆرگەنىدىم. شۇ سائەتتىن بېرى كۆڭلۈم پەرىشان. ھېچ ئىشنى كۆڭلۈم تارتمايدۇ. قىزنى تېپىپ كېلىشكە قازى كالاننى ئەۋەتكەنىدىم، ئۇ قىز تەلىپىمنى رەت قىپتۇ. ئەمدى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىدۇر. سىزمۇ ھەل قىلالمىسىڭىز دەرد - ئەلەمىم تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ، - دېدى.

مىر ئەلشىر مەسىلىنىڭ تېگىنى چۈشەندى. سۇلتانغا ھېچ ئىشنى چاندۇرمىدى ۋە بۇ ھەقتە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھېچنەرسە دېمىدى ھەمدە سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن موللا سالىھنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

- تەقدىر بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا بويسۇنمايدۇ. ھەر ئىش ئاللانىڭ خالىغىنىچە بولىدۇ. ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن قىزىڭىزنى سۇلتانغا سوراپ كەلدىم، - دېدى.

موللا سالىھ يەنە قىزىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە:

- ئەي، كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ۋەزىر سېنى سۇلتانغا سوراپ كەپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟- دېدى.

قىز دادىسىغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- مەن ئىككى قېتىم بوغۇزلىنىدىغان تۆگە ئەمەسلىكىمنى سىزگە ئېيتقانىدىم. مەن ۋەزىرنىڭ ئايالى بولۇشقا سۆز بەردىم. سۇلتاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىمەن.

موللا سالىھ قىزىنىڭ بۇ جاۋابىنى مىر ئەلشىر نەۋائىغا يەتكۈزدى. ئەلشىر:

- مەن سۇلتاننىڭ ئاش - تۇز ھەققى ئۈچۈن مۇھەببىتىمنى پىدا قىلدىم، - دېدى.

موللا سالىھ يەنە قىزىنىڭ يېنىغا كىرىپ ۋەزىرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. قىز قاتتىق يىغلىدى ۋە ئاخىرى:

- مەن ۋەزىرنىڭ تەكلىپىنى بىر شەرت بىلەن قوبۇل قىلىمەن، - دېدى.

مىر ئەلشىر قىزنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، قىز ئىككى پارچە قەغەزگە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ دادىسىغا تۇتقۇزۇپ:

- ۋەزىر قەلئەگە كىرىپ بۇ ئىككى خەتنى پالانچى ئەتتارغا بەرسۇن. ئەتتارنىڭ بەرگەن نەرسىسىنى ماڭا يەتكۈزسۇن،- دېدى. مىرئەلشىر قىزنىڭ تەلىپى بويىچە قەلئەگە كىرىپ كەتتى. خەتنە يېزىلغان ئەتتارنى تاپتى. ئەتتار بىرىنچى خەتنى ئوقۇغان ھامان كۈلدى. ئىككىنچى خەتنى ئوقۇپ قاتتىق يىغلىدى. ئەتتار سورالغان دورىلارنى ئېلىپ قىز يازغان خەتلەرگە ئوراپ مىرئەلشىرگە بەردى، مىرئەلشىر قىزنىڭ ئۆيىگە كەلدى. دادىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دورىپۇرۇش بەرگەن دورىلارنى قىزغا كىرگۈزدى.

- دادا، - دېدى قىز، - پەردىنى تارتىپ، ۋەزىرنى بۇ يەرگە چاقىرىڭ.

دادىسى قىزنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. قىز پەردە ئارقىسىدىن مىرئەلشىرگە خىتابەن:

- ۋەزىر، سىزگە قويغان شەرتىمنى راستتىنلا قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟- دەپ سورىدى.

ۋەزىر:

- ئەلۋەتتە، شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم،- دېدى.

- ئۇنداق بولسا مۇشۇ دورىنى يۇتۇڭ،- دەپ خەت بىلەن ئورالغان دورىلاردىن بىرىنى مىرئەلشىرگە ئۇزاتتى. مىرئەلشىرمۇ دورىنى دەرھال ئاغزىغا سېلىپ يۇتتى. قالغىنىنى قىز ئۆزى يۇتۇۋەتتى. قىز ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ:

- خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى مەن غەمدىن قۇتۇلدۇم. سۇلتانغا ئېيتىڭ، مەن بىلەن توي قىلسا بولىدۇ،- دېدى.

ۋەزىر كەينىگە چېكىنىپ ئىشىككە قاراپ بىر - ئىككى قەدەم مېڭىشىغا قىز تەئەججۈپلەنگەن ھالدا:

- ۋەزىر، بۇ دورىلارنىڭ نېمە دورا ئىكەنلىكىنى سورىمايلا كېتىۋاتامسىزغۇ؟ سىز ئالغان دورا سىزنى پەرزەنتسىز قالدۇرىدۇ. مەن يېگەن دورا بولسا مېنى قىرىق كۈندىن كېيىن مازارغا يوللايدۇ، ئەمدى قالغىنىنى خۇداغا تاپشۇردۇم، - دېدى.

مىر ئەلشىر نەۋائى ئۈنسىز يىغلىغان پېتى گۈلنىڭ يېنىدىن قايتتى. ئوردىغا قايتىپ كېلىپ سۇلتانغا توي قىلىش تەكلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. سۇلتان دەرھال توي بۇيرۇقى چۈشۈردى. بەختسىز گۈل سۇلتان ھۇسەيىنگە نىكاھلاندى. سۇلتان تۆشەككە كىردى. گۈل شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، ئالەمدە مۇنداق گۈزەلدىن يەنە بىرىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ھۆر - پەرىلەردەك بىر دىلبەر ئىدى. گۈل سۇلتاننىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

- ئالەمنىڭ پادىشاھى، ئايالىڭىزنىڭ سىزگە بىر ئىلتىماسى باردۇر،- دېدى. سۇلتان:

- سۆزلەڭ، - دەپ ئىجازەت قىلدى. گۈل:

- ئاجىزىڭىز، ئۈستۈمدىكى ھەققىڭىزنى ئېلىشقا قىرىق كۈن سەۋر قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن،- دېدى.

سۇلتان نازىنىننىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشقا ئاجىز كەلدى. قىرىق كۈن مۆھلەت بەردى. گۈلنىڭ ھەرقانداق تەلىپى بەجا كەلتۈرۈلەتتى. شۇ تەرزدە 35 كۈن ئۆتتى. زەھەرلىك دورا تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. گۈل ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇنى سەزگەن سۇلتان قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشتى. غەم - قايغۇدىن ئوردىدا تۇرالماي ئوۋغا چىقىشنى قارار قىلدى. سۇلتاننىڭ بۇ قارارىنى بىلگەن گۈل مىر ئەلشىر نەۋائىغا مەخپىي خەۋەر بېرىپ، بىرەر

باھانە - سەۋەب بىلەن ئۇۋغا بارماي ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان مەشۇقىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئاڭلاشقا يېنىغا چاقىرتتى. مىر ئەلشىر بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلدى. سۇلتانىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ كەلگەن مەھرەم كەلگەندە مىر ئەلشىر نەۋائىي كېسەل سىياقىغا كىرىۋېلىپ ياتقانىدى. مەھرەمگە دېدىكى:

- سۇلتانغا يەتكۈز، بەك بىئارام بولۇۋاتىمەن، ئاتقا مىنگۇدەك ھالىم يوق.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئۇۋغا كەتتى. گۈل ئاياللارنىڭ بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىر ئەلشىرنى ئايال سىياقىدا ياساپ ھۇجرىسىغا كىرگۈزدى ۋە يېنىغا چاقىرىپ:

- بىلەمسىز، مېنىڭ پەقەت بەش كۈنلۈك ئۆمرۈم قالدى. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم ۋە ئىلتىماسىم شۇكى، سىز بىلەن بىللە بولۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغان مەن شور پېشانە ئۆلگەندىن كېيىن تاۋۇتۇمنى سىز كۆتۈرۈڭ، ھاياتىمدا تۇتۇش نېسىپ بولمىغان قوللىرىڭىز ھېچ بولمىغاندا تاۋۇتۇمنى تۇتسۇن. ھەر جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن روھىمغا دۇئا قىلىپ قويىشىڭىزنى ئىلتىجا قىلىمەن، - دېدى. گۈل بۇ ۋەسىيىتىنى تۈگىتەر - تۈگەتمەي تۇرۇپلا ھويلىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۇۋدىن قايتىپ ھەرەمگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. مىر ئەلشىر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ھەرەمدىكى ئاياللار ۋە خادىملار ناھايىتى تەدبىرلىك چىقتى:

- ۋەزىر، تېزدىن مۇشۇ قازانغا كىرىڭ، - دەپ ئوۋۇ ئىتلىرىغا تاماق پىشۇرىدىغان تۇۋاقلىق يوغان قازاننى كۆرسەتتى. ۋەزىر قازانغا چۈشتى. ئىككى قول قازاننىڭ تۈۋىقىنى يېپىپ بولۇپ سىرتقا ماڭغانىدى، سۇلتان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. سۇلتان ئىت يېمىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ تۈۋاقنى ئاچقانىدى. ئويلىمىغان يەردىن كۆزلىرى قازاننىڭ ئىچىدىكى ۋەزىرنى كۆردى. قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ھۈسەيىن ئۈندىمەيلا تۈۋاقنى يېپىپ ئەلەم بىلەن يىغلىغان پېتى ئوردىغا كىرىپ كەتتى. قوللار قازاننى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئەلشىر نەۋائىي ئۆيىگە قايتماستىن ئۇدۇل قەلەندەرخانىغا كەتتى. تونۇش بىر دەرۋىشكە:

- قېرىنداشىم، مېنى قۇتقۇزۇۋال. پەرىجە ۋە كۇلاھىڭنى ماڭا بەر، - دېدى. دەرۋىشنىڭ كۇلاھ ۋە پەرىجىسىنى كىيىپ مەككىگە يول ئالدى.

ئىستىراھەتكە چىققان سۇلتان ۋەزىرنى ئىزدىدى. بىراق مەھرەملەر ۋەزىرنى تاپالمىغانلىقىنى سۇلتانغا مەلۇم قىلدى. ۋەلىيلەرنىڭ ئىلمىي كاراماتى بىلەن مىر ئەلشىرنىڭ ئىزى بايقالدى. ئىز ئۇدۇل قەلەندەرخانىغا كەتكەنىدى. مەھرەملەر دەرھال قەلەندەرخانىغا يۈگۈردى.

دەرۋەشلەردىن بىرى:

- ئەلشىر نەۋائىي كىيىملىرىنى مېنىڭ پەرىجە ۋە كۇلاھلىرىمغا تېگىشىپ دەرۋىش بولۇپ كەتتى، - دەپ ئىزدەشنىڭ نەتىجىلىرىنى سۇلتانغا مەلۇم قىلدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بۇ ھېكايىدىن قاتتىق مەيۈسلىنىپ ئۆز قولى بىلەن مىر ئەلشىرگە بۇ مەكتۇپنى يازدى:

«مىر ئەلشىر، ساڭا مەلۇمكى، مەن سەنسىز ياشىيالمايمەن. مېنىڭ قەلبىمنى ئۆرتەپ مەككىگە كەتكىنىڭ نېمىسى؟ ئۇشبۇ مەكتۇبىمنى ئالغان ھامان دەرھال قايتىپ كەل ۋە كۆڭلۈمگە تەسەللى بەر. بۇ، كەبىنى تاۋاپ قىلغاندىنمۇ زور ساۋابلىق ئىشتۇر. باقىي سالاملار»

بۇ مەكتۇپ سۇلتانىنىڭ چاپارمەنلىرىدىن ئەڭ يۈگۈرۈك ئات بىلەن ئەلشىرنىڭ كەينىدىن ئەۋەتىلدى. چاپارمەن مىر ئەلشىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئالدىدا كېتىۋاتقان ۋەزىرنى كۆردى ھەمدە يان يولدىن چىقىپ ۋەزىرنىڭ ئالدىغا مەكتۇبنى تاشلاپ ئۆزى بىر يانغا يوشۇرۇندى. ئەلشىر نەۋائىي يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يەردىكى مەكتۇبنى كۆردى - دە، دەرھال ئېلىپ ۋە خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ قاتتىق ھەيران بولدى. دەل شۇ پەيتتە چاپارمەن يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ ۋەزىرگە سالام بەردى:

- بۇ مەكتۇبنى سەن ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى ۋەزىر.

چاپارمەن «ھە ئە» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەلشىر:

- يول ئازابىدىن پۇتلىرىم تېلىپ، تاپانلىرىم قاپىرىپ كەتتى، بۇ ھالدا سېنى قانداقمۇ ئۈمىدسىز قايتۇراي.

چاپارمەن:

- سىلىنى مۈرەمگە ئېلىپ تا سۇلتانىنىڭ قېشىغىچە كۆتۈرۈپ ئاپىرىمەن. سۇلتانىنىڭ ئەمرىمۇ شۇنداق، - دېدى.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن چاپارمەن مىر ئەلشىرنى مۈرىسىگە ئېلىپ ئاستا - ئاستا يولغا راۋان بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. سۇلتان ھۈسەيىن ۋەزىرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئىككى دوست بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، ئەتراپتىكى پۇقرا ۋە ئەمەلدارلاردىن تەسىرلەنمىگەن ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالمىغان ھېچكىم قالمىدى.

شۇ كۈنى گۈلنىڭ ئاغرىپ ياتقىنىغا 39 كۈن بولغانىدى. سۇلتان ھۈسەيىن شۇ قەدەر ئازابلاندىكى، ئوردىدا تۇرۇشقا تاقىتى قالمىغانىدى. ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بېغىغا بېرىپ بىر مەزگىل پىنھان يۈردى. كېچە ۋە كۈندۈزنى يىغا بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى سەھەردە گۈل: «بىز ئاللانىڭ قۇللىرىمىز. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭغا قايتىمىز» دېگەن ھەقىقەتكە يەتتى. يەر يۈزىدىكى ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەبەدىيلىككە يەتتى. بارلىق ئەمىرلەر ۋە خىزمەتچىلەر ئەلشىر نەۋائىينىڭ قېشىغا كېلىپ سۇلتانغا بۇ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، گۈلنىڭ ھۇجرىسى بىر سەرۋى دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىدى. مىرئەلشىر نەۋائى بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ بېغىغا كەلدى. سۇلتان يەر ئاستىدىكى ھۇجرىسىغا بېكىنىپ ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايۋاتاتتى. نەۋائى ئىشىككە كېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

سەرۋىنىڭ سايەسىدە گۈل سولدى نىتمەك كېرەك؟

سۇلتان بۇ مىسرانى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا جاۋابەن بۇ مىسرانى ئىلاۋە قىلدى:

سەرۋىدىن تابۇت ياساپ، گۈلنى كەفەن ئەتمەك كېرەك.

دېگەچ ھۇجرىدىن چىقتى. سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن مىرئەلشىر يىغلىغان پېتى ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى. يىغلا - يىغلا ئوردىغا قايتتى. گۈلنىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلىپ، باقىي ئالەمگە ئۇزىتىپ قويدى. مىرئەلشىر گۈلنىڭ ۋەسىيىتىنى مۇقەددەس بىر ئامانەت سۈپىتىدە بەجا كەلتۈردى. تاۋۇتنى قەبرىستانلىققا قەدەر مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر جۈمە كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئۇنىڭ روھىنى يادلاپ، دۇئا قىلىپ تۇردى.

تۆمۈرىيلەرنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى يارىتقان بۇ ئىككى بۈيۈك شەخسنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغان تارىخىي ھېكايە مانا مۇشۇ. ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتىدا بۇ ھېكايىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرەر ۋەقە بولغانمۇ - بولمىغانمۇ؟ ياكى بۇ سەنئەتكارنىڭ ئويدۇرمىسىمۇ ئىشقىلىپ بىزگە نامەلۇم.

ھېكايىدە ئەبۇ سەئىد باھادىرنىڭ بۈيۈك ئەمىرلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى، شۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئالىي مۇھىتىدا تەربىيە ئالغان ئەدىب ۋە شائىر نىزامىددىن مىرئەلشىر نەۋائى قارشى يايلىقىنىڭ چوپانى ۋە قوي سودىگىرى، ئۇنىڭ ساۋاقدىشى بولغان ئالىملار، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلار ھامىيسى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامۇ سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى قىلىپ كۆرسىتىلگەن ھەمدە قارشىلىق چوپان بىلەن سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى تاسادىپ بىر ۋەقە بىلەن تونۇشۇپ قالغان. شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەنئەتكار تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز زامانىدىكى ئەدەبىي ھاياتتىن ئۈچۈر بەرگۈچى بۇ ھېكايە ئۆز قەھرىمانلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت تۇيغۇلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شەرققە خاس رومانتىزم، ھېسسىيات ۋە روھىي ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل ھېكايىلەر شەرقنىڭ ساددا ھەم ئۆزىگە خاس تەبىئىي تۇرمۇشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مىرئەلشىرغا دائىر بۇ خىل ھېكايىنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا بار - يوقلۇقى ھەمدە ئەلشىر نەۋائىينىڭ مۇپەسسەل تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلگەن خاندە مىرنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق» ئەسىرى بىلەن ئالاقىسى بار - يوقلۇقى بىزگە نامەلۇم. خەلق ئەدەبىياتى مەھسۇلى بولغان ياكى رىۋايەتكە ئايلانغان بۇ ھېكايە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تۆمۈرىيلەر دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى بولغان ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى شائىر ئەلشىر نەۋائى ئوتتۇرا ئاسىيادا نەچچە ئەسىرگىچە خەلق قەلبىدە ياشاپ كەلگەن. مىرئەلشىر دەۋرىگە يېقىن زاماندىكى چاغاتاي ئەدىبلىرىدىن سۇلتان بابۇرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، نەۋائى ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتكەن.

بىزنىڭ بۇ رومانتىك ھېكايىمىزدە ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەھبۇبى گۈل بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ تەسۋىرى ھۈسەيىن بايقارانىڭ «مەجالىسۇن ئۇششاق» تا بەرگەن «بۈيۈك شائىرنىڭ بىكە ئىسىملىك يىگىت بىلەن بولغان ماجىراسى» غا پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ غەلىتە ماجىرانى بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىز قەتئىي رەت قىلىدۇ.

(ئابدۇقادىر ئىناننىڭ تۈركچە «ماقالە ۋە تەتقىقاتلار» ناملىق كىتابىدىن)

# ئىككى شېئىر

## جېلىل خېلىل

### ئاقار يۇلتۇز

1

چىقتىم چاچراپ غايىبلىقىڭدىن،
زۇلمەتلىرىڭ ياناماقتا مەندە.
نۇر قۇشىغا ئايلانماقتىمەن،
خادا تاشلار چۆككەن كۆكسۈڭدە.

سىپېرىڭ بىرلە ئېرىمەكتىمەن،
مەڭگۈلۈككە ماگمىدەك ئېقىپ.
مەۋجۇتلىقىڭ بولماقتا ئايان،
كۆيۈۋاتقان شەكلىمدىن تېشىپ.

جاندەك شېرىن يېپىلماقتىسەن،
ئۆلۈمىمنىڭ ئۇيۇقى ئارا.
نامىم كۆيدەك تارالدى ھەريان،
ۋەھى بولۇپ ئالەمگە گويا.

2

چىقتىم چاچراپ غايىبلىقىڭدىن،
بولدۇم يەنە ئۆزۈمدىن جۇدا.
ھېچكىم بىلمەس ھەسرىتىم بىلەن،
چۆرگىلەتتىم پەلەكنى ئۇدا.

رەڭگىڭ قېنى ئەي مەۋھۇم دىلبەر،
مىۋەڭدۇرمەن ئىنسانغا ئوغۇز.
يول - يوللارغا سىلىپ بەلگىلەر،
قايتماقتىمەن سەن تامان يالغۇز.

دىۋانىمەن يوقىتىپ يۈرەك،
تونۇگۈنلا سەندىن تىلىگەن.
سەييياھتۇرمەن كۆرۈنمەي مەنزىل،
تېخى ئاخشام سەندە تۈنىگەن.

ئىبلىستۇرمەن ئاسىي ئاتىلىپ،
يارالمىشىم نەپرەتكە قالغان.
ھاپىزدۇرمەن تۆكۈپ مۇناجات،
تاغۇ - تاشنىڭ كۆزىنى ياشلىغان.

دانىشمەنمەن، بېشارىتىمنى،
پەقەت سەنلا بىلمىگەن تېخى.
ھېچنېمە مەن، غايەت يوقلۇقتا،
سەنلا مېنى ئەيلىگەن تەكرى.

3

كەتمەس بولۇپ كېلەرمەن بىر كۈن،
سۇ، بولىدۇ ئاتەش ھاياتىم.
كەلمەس بولۇپ كېتەرمەن بىر كۈن،
ئوت بولىدۇ قۇتلۇق ماماتىم.
سۇ ئوت ئارا رىشتىمەن ئاققان،
غايىبلىقنىڭ زۇلمەت بۇرچىدا
بىر كامالەت ھەر بىر ساقىشىم! . . .

# كىروران گۈزىلىگە

1

كۆزلىرىڭدە
كەلگۈن كەبى داۋالغۇر ئىبسىم،
كىرپىكلىرىڭ باراقسان توغراق
ئۇۋچىلارنى ئالغان يوشۇرۇپ. . .

2

قەدىمدىن - قەدىم
ئۇچراتقانىدىم سېنى چۈشۈمدە
ئىلىپ قالغان ئىدىڭ يىغامنى
ئايلىنىپ بىر گۈزەل كېچىگە.
قەدىمدىن - قەدىم
سەرسان گۈلتىم سېنىڭ ئىلكىڭدە
خۇشپۇرىقىم قالغان كۆزۈڭدە. . .

3

ئاچ ئىچىڭنى قانداق يوللار باركىن
ماڭمىغان
تا بۈگۈنگىچە.
يا پاتارمەن قۇملۇقتا كارۋان بېشى يوق
يا چۆكەرمەن دېڭىزغا يەلكەنلەر توشۇك
بىر تەۋەككۇل قىلاي سەپەرگە.
مىليون يىللىق سېغىنىش بىلەن
چاقىرىمەن قەدىمدىن سېنى
چاقىرىسەن ھازىردىن مېنى! . . .

# لەيلەش

## ئوسمانجان ئۆمەر

قۇشلارنىڭ توزىغان يۇمران پېيىدەك،
كۆز ياشلىق سەپەرنى باشلىدىم بۈگۈن.
بىنالار ئالدىمدا تۇرىدۇ دەۋرەپ،
ۋە لېكىن ئۆزۈمگە ئۆزۈملا يېقىن.

ئۈمىدنىڭ ئازغاشقان ياياق قەدىمى،
قۇملۇقنىڭ تەكتىنى ئەيلىدى ماكان.
باھارغا ئۆزگىچە سوۋغىتىمۇ يوق،
بەربىر مەن ئاڭا بىنوموس مېھمان.

زەھەرلىك كۆلكىلەر، سىپايە قايغۇ،
تۇمانلىق كۆنلەرگە چۈشكەن جاراھەت.
بۇ رومكا مەن ئۈچۈن كەتمەيدۇ ئېغىر،
مەست تۇرۇپ مەست بولماق تولىمۇ راھەت.

# قارا دېڭىز خاتىرىسى

## بېلقىز تاھىر

قارا دېڭىز - رەنجىگەن ئارمان،
كەتتى يۈرەك ئۈنسىز يوقىلىپ.
ھىجران، ۋىسال ھەممىسى تەڭلا،
خادا تاشقا سۇندى سوقىلىپ.

قەلبىمدىكى پەرىشتىدەك روھ،
چۈشلىرىمنى ئېپكەتتى تامام.
قىينىلىدۇ ئاخىرقى تىنىق.
سۆبھىلەرگە بېرەلمەي سالام.

# كىتىشكە تەلپۈنۈش

## غەيرەت توختى

كەتكۈم بار بەك يىراق، يىراق بىر جايغا
كەتكۈم بار يىراقلاپ ئۆزۈمدىن ھەتتا.
تارتىشىپ قالىمەن لېكىن كىمگىدۇر
كۆزۈمگە ياش تولۇپ غەمكىن سىياقتا.

رېلىسمەن باسماقتا ئازاب پويىزى
سىغدىلىپ بارىمەن قەلبىمگە قاراپ.
بىردەملىك شادلىقنى كۈتمەي كىملەردىن
كىمگىدۇر كايىغىم كېلەرمۇ شۇتاپ.

قەلبىمنى تالايدۇ روھىم بۆرىسى
ماڭارمەن نەگىدۇ قەلبىمنى سۆرەپ.
بىر كۈنى يىقىلسام نۇرلۇق ئۆڭكۈردە
كىملەرمۇ قوياركىن ئاھ، مېنى يۆلەپ!...

# پويىزسىز شەھەر

## ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈر

خىياللىرىم ئۈزۈن بىر رېلىس،
كەلمەكتەسەن گۈدەك ياڭرىتىپ.

قاغجىرىغان تىنىقلىرىمدا،
قايسى سۆزنى يادلىدىم ئۈزۈن.
توپا باسقان ئورمانلىقىمغا،
قايسى پەسىل كەلگەندۇ بۈرۈن.

قۇياش يەنە كەتتى غەربكە،
مەن شەرقتە نۇرسىز، قۇياشسىز.
تاڭنىڭ كۈيى كەلگەندە بەلكىم،
يوقىلىمەن ئىزسىز، ئۈمىدسىز.

بۇ شەھەرگە رېلىسلار تولغان،
بىر كۈتۈشتە چەكمەكتە پىغان.
كەلسىمۇ گەر گۈدۈك ئاۋازى،
بىر پويىزمۇ كېلىپ باقمىغان.

# ئىككى شېئىر

## ئابدۇلھېكىم ئابدۇلئەھەت

# يەتتىنچى فېۋرال

شۇقەدەر پەرىشان غېرىب بۇ قەلبىم،
تەنھالىق يۈكلىرى ئازابقا يانداش.
سارغايغان كۆلبەمنى كىزەر ئىزغىرىن،
ئاھ، چوڭقۇر ھەسرەتلىك نەپەسكە ئوخشاش.

يېڭىلا قەبرىگە كىرگەن جەسەتتەك
يۇلقۇنۇپ تاشلايمەن ھەريان تېنىمنى
تۇۋشىسىز، ئەسەبىي كۆلپەتلەر ئارا
مەن ئىزلەپ يۈرىمەن يوتكەن ئۆزۈمنى.

مەن بۇ پەيت دۇنيادا ئۇنتۇلغان ئادەم،
ھەتتاكى ئۆلۈممۇ يوقلىماس مېنى.
سىرغىيدۇ قەلبىمگە سۇرلۇك بىر جىملىق،
ئۆلمەكتە فېۋرالنىڭ يەتتىنچى كۈنى...

بۇ قەدەر كۆلپەتتە يارنى سېغىنىشتىن
ئالالماس بىر يۇردا تەسەللى يۈرەك.
بۇ يىلمۇ ماڭىلا بولغانمۇ نېسىپ
تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەنھا ئۆتكۈزمەك...

# سوغۇق شەھەر خاتىرىسى

باشقىچە جاق تويدۇم ئۆزۈمگە بۇ پەيت،
تەسەللى بىھاجەت غەمكىنلىكىمگە.
كېلىمەن ماڭدامدا قۇسۇپ - ئۆمىلەپ
تەگسىز بىر ئازابتا ئۆتكەن ئۆمرۈمگە.

ئەپتىمدىن كۆلىدۇ ئۇماق ئادەملەر،
بىلمەيمەن كىملەر ئۇ، كەلگەن نەلەردىن؟!
ئېھ، مېنى تاماشا قىلىشقا يەنە
چىقارمۇ بۇ يەردىن مەندەك ئەرلەردىن؟!

پاتقاقلىق يامغۇرسىز سوغۇق بۇ شەھەر
يۈرەككە چىڭقالغان ياشسىز بىر يىغا.
قاتمۇ قات مۇز بولۇپ قاتماقتا قىنىم،
مەن چىقىپ كەتتىم خوش قەلبىم سىرتىغا..

# يەتتىنچى قەۋەت

(ھېكايە)

تۇرغۇنجان تۇرسۇن

لېفىت بۇزۇلۇپ قاپتۇ. بىراق بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. قايسىبىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ لېفىتتا چىقىش ھوقۇقى بار دەيسىز؟ پەلەمپەي مەن ئۈچۈن يەنىلا ئەڭ ياخشى يول. مانا، بىرىنچى پەلەمپەي، ئۆزۈمنى كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. لېكىن ھېلىقى «بىلەت ئېلىۋېلىڭ» دەپ قول سوزىدىغان بىلەت ساتقۇچى قىزلار يوق، بىلەت ئېلىشىم ھاجەتسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يانچۇقۇم قۇرۇق.

ئاران ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپتىمەن. بىزدە يەتتە خاسىيەتلىك رەقەملەرنىڭ بىرى. سىنىپىمىزنىڭ يەتتىنچى قەۋەتكە ئورۇنلىشىپ قېلىشىمۇ مېنىڭ تەلىيىم بولسا كېرەك. بىراق ھېلىتىنلا پۇتلىرىم ئاغرىشقا باشلىدى. دەل يەتتە كۈندىن كېيىن مۇشۇ ھەقتە بىر پارچە شېئىر يېزىشنى ئويلاپ قالدىم. يەتتە ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ يەتتىنچى مىسراسىنى يېزىپ بولالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم بار ئىدى. مۇشۇ مېڭىشىمدا يەتتىنچى قەۋەتكە يەنە يەتتە كۈندە چىقىپ بولۇشۇم مۇمكىن. سېستىرا قىزدىن بىرسى مېنى ياخشى كۆرۈپ قالسا بولاتتى. پۇت ئاغرىقى مېنى قاتتىق قىيناپ كەتتى.

تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرىگە تولىمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۈچىنچى قەۋەتكە مىڭ تەستە چىقتىم. كۆزلىرىمگە ئۈگدەك ئولاشقىلى تۇردى. ئاخشام ئاغىنىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچكەنىدىم. كۈتكۈچى قىزنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرى ھېلىغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ باشتىن - ئاياغ مەن بىلەنلا پاراڭلىشىپ چىقتى. سورۇندا باشتىن - ئاخىر بىر تىيىنمۇ پۇل خەجلىمىگەنىدىم. چىرايىمۇ شۇنداق كۆرۈمسىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ماڭا نېمىشقا شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش پىۋا ئىچكەنگە ئوخشاش راھەت ئىدى. تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان لامپۇچكا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش نۇر چېچىپ تۇراتتى. بىر چاغدا لامپۇچكىنىڭ ئىچىدىن بىر تال ئۆمۈچۈك ئۆمىلەپ چىقتى - دە، لامپۇچكىنىڭ ئەتراپىغا تور توقۇشقا باشلىدى. تور بارغانسېرى قېلىنلاپ، چىراغ نۇرى بارغانسېرى غۇۋالاشتى. كېيىن چۈش كۆردۈم. بەلكىم چۈش كۆرمىگەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن. يەنىلا پىۋا ئىچىۋاتاتتىم. ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ھەربىر دەستە نۇر بىردىن قىزغا ئايلىنىپ مېنى قورشىۋالدى. بىرمۇنچىلىرى قەدەھكە سەكرەپ چۈشۈۋالدى. ئۇلارنى پىۋا بىلەن قوشۇپلا يۇتىۋەتتىم. قىزلارنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ قالدىم. ئۇلار مېنى تەرەپ - تەرەپتىن تارتقۇشلاۋاتاتتى. راھەتلىنىشىم كېرەك ئىدى. بىراق قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. ئۇلار تىنىتىپ يۈرۈپ، پۇل سېلىشىم مۇمكىنلا بولغان ھەممە يەرلىرىمنى ئاختۇرۇۋاتاتتى. مۇنداق قىزلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىش نەقەدەر ئېچىنىشلىق - ھە! پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلىيالماي چىقتىم.

چىشىمنى چىشلەپ يۈرۈپ تۆتىنچى قەۋەتكە چىقتىم. خۇمارىم قاتتىق تۇتۇپ كەتتى. يانچۇقۇمنى تاماكا بىلەن توشقۇزۇشتىن بۇرۇن، ئازراق ئاقچا بىلەن تولدۇرۇشۇم كېرەك. بىنادا تاماكا چېكىش چەكلەنگەن بولغاچقا، بۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرمىساممۇ بولىدۇ. يەتتە يىلدىن كېيىن مەن بۇ پەلەمپەيدىن قايتا مېڭىشىم مۇمكىن. ئۇ چاغدا تاماكا خۇمارىمنى بېسىش ئۈچۈن شۇ چاغقىچە پۈتتۈرگەن يەتتە پارچە شېئىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ماڭسامىلا بولىدۇ. ئەسلىدە مەن ھازىرلا شىركەت ئاچسام بولاتتى. 7 مىليون پۇل تاپسامىلا كۇپايە قىلاتتى. يەتتە پارچە شېئىرنىڭ مېنى كىچىك ماشىنىغا ئىگە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. يەتتە پارچە شېئىر يېزىش، 7 مىليون پۇل تېپىش، يەتتىنچى قەۋەتكە چىقىش، بۇلارنىڭ قايسىسى... بولدىلا، ھازىرچە مېنى يەڭگىل سىپاپ ئۆتۈپ چۈشۈپ كېتىپ بارغان ئاۋۇ قىزغا بىردەم قارىۋېلىشتىن ھۇزۇرلۇق ئىش يوق. قارىغاندا ئۇ قىز مەندىنمۇ بەك چەكسە كېرەك. قولىدا تاماكا بولمىسىمۇ، پۈتۈن بەدىنىدىن ئىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇ مېنى چاقىردى:

- يىگىت، بىللە ماڭامدۇق؟

ئۇنىڭ ساپسېرىق چىشلىرىدىن سەسكىنىپ كەتتىم. سەن بىلەن بىللە ماڭغاندىن كۆرە، جاپالىق يولۇمغا ماڭغىنىم تۈزۈك.

بەشىنچى قەۋەت، تەرلەپ چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتتىم. پۈتۈن بەدىنىمدىن ئاپئاق هور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. بوۋام تەرلىرىنى ئېتىزلىقتا تۆكەتتى. ئۇنىڭ زىرائەتلىرى هازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ قۇرۇپ باقمىغانىدى. مەن ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم تەرلەۋاتاتتىم. چېچىغا ئاق كىرگەن بىر پروفېسسور پەستىن ئۇچقاندەك چىقىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلا ئۈستى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. «ئىككى پۇتۇڭ گۆرگە ساڭگىلىغاندا، مۇنداق ئالدىراپ يۈرۈپ نېمە كەپتۇ؟» دەپ قويدۇم ئۆزۈمچىلا. قولۇمدىكى كىتاب بىلەن قارتا تەڭلا چۈشۈپ كەتتى. ئاۋۋال قارتىنى ئالدىم، بۇ قارتىدا بىر ئايالنىڭ قىپيالىڭاچ رەسىمى بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ كەتتىم. ئۇنىڭ هەربىر ئەزاسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىقتىم. مۇبادا بىر قىزنىڭ مۇدا كۆڭلىكى قولۇمغا ئىلىنىپ قېلىپ، مېنى پەسكە سۆرىمىگەن بولسا يەنە قانچىلىك ۋاقىت تۇراتتىمكىن - تاڭ. بىرقانچە پەلەمپەي چۈشكىنىمدىن كېيىن، ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىكى توساتتىن يىرتىلىپ كېتىپ، قولۇم كۆڭلەكتىن ئاجراپ چىقتى. قىزدىن مېهرىمنى ئۈزەلمەي يەنىلا پەسكە قاراپ ماڭدىم. بىراق قىزنىڭ بەدىنى ئېچىلىپ قالغانلىقتىن ئۇ قېچىپ كەتتى. ئامالسىز كەينىمگە قايتىپ يەنە ئۈستىگە قاراپ ماڭدىم. خۇشياقماسلىق بىلەن كېتىۋېتىپ، بىرنەرسىگە دەسسەپ سالغاندەك بولدۇم. قارىسام كىتاب ئىكەن. ئۇنى ناهايىتى ئېرىنچەكلىك بىلەن قولۇمغا ئالدىم. جاپالىق سەپەر يەنە باشلاندى.

ئۇھ! . . . ئالتىنچى قەۋەتكە قەدەم قويۇپتىمەن. ئەگەر تاماق ۋاقتى بولۇپ، پەسكە چۈشىدىغان ئىش بولسا، هېلىغىچە پەلەمپەيدە كۆرۈنمىگەن بولاتتىم. پۇت ئاغرىقى ئەۋجىگە چىقتى. ئۇيقۇسىزلىقمۇ هەم. تاماكا خۇمارىچۇ تېخى. يەنە پۇل غېمى، قىز غېمى. . . ئاھ، هەقىقەتەن چارچاپ كەتتىم. يەنە پىۋا ئىچكۈم كەلدى. بىراق تۈزۈكرەك ئۇلپىتىم يوق ئىدى. پۇخادىن چىققۇچە شېئىر يېزىۋالسامۇ مەيلى ئىدى. بىراق يەتتە يىلدىن كېيىن پەقەت يەتتە پارچىلا شېئىر پۈتتۈرەلەيدىغاندەك قىلىمەن. چەت ئەل تىلى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ، لېكىن مەن ئۆز ئانا تىلىمدىمۇ مۇشۇنداق تەرتىپسىز سۆزلەيدىغان ئادەم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنىلا سەهراغا كەتسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە بۇنداق ئاسمان - پەلەك بىنالار بولمىغاندىكىن، ئېگىزگە چىقىمەن دەپ جاپا تارتىشىم هاجەتسىز. بىر ئايال، ياق، بىر قىز ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇ يىل توپتوغرا 30 غا كىرگەنىدى. ئەمما چەت ئەلدىكى بىر ئالىي مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرۈپ بۇ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانىدى. «ئەخمەق، 30 ياشقا كىرىپمۇ قىز پېتى يۈرگىنىنى!» دەپ قويدۇم ئۆزۈمچە. بىراق ئۆزۈممۇ تېخى بىرەر قىز بىلەن تۈزۈك پاراڭلىشىپ باقمىغانىدىم. مۇشۇ بويىچە ماڭسام، مەنمۇ بىر ئۆمۈر توي قىلالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى. هەقىقەتەن هالسىراپ كەتتىم. تەنهالىق ئازابىنى ئېسىمگە ئېلىشىم بىلەنلا، ئىلگىرىلىشىم تېخىمۇ ئاستىلاپ كەتتى. پەقەت بىرقانچە پەلەمپەيلا قالغانىدى. بىراق زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتىم. يىقىلىپ چۈشەي دېدىم. دەل شۇ چاغدا كۆزەينەكلىك بىر قىز مېنى قولتۇقلىۋالدى. بۇ قىز ئاجايىپ سېهىرلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى هازىرغىچە مەن كۆرگەن بارلىق كۆزلەردىنمۇ سىرلىق ۋە تارتىملىق ئىدى. مەن خۇددى بىر نىجاتكارغا يولۇققاندەك بولۇپ قايتىدىن غەيرەتلەندىم. بىرگە كېتىۋاتىمىز. ئەڭ ئاخىرقى بىرلا پەلەمپەي قالغانىدى. ئۇنى تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان بىر يىگىت چاقىردى. ئۇ دەم هېلىقى يىگىتكە، دەم ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى يۈرەك - باغرىمنى سىيرىۋەتتى. قىزنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلىدى، ئۇزايىدىن بىرنەرسە دېگەندەك قىلاتتى. تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدىم. يۈرىكىم سوقۇپ كەتتى، هېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم. ئارىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. ئۇ يەنىلا دەم ماڭا، دەم هېلىقى يىگىتكە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇراتتى. يەتتىنچى قەۋەتكە چىقىشىمىزغا پەقەت بىرلا، پەقەت بىرلا پەلەمپەي قالغان. ئۈچىمىز توختاپ قالغان بىلەن، سائەتنىڭ يىڭنىسى توختاۋسىز ئايلىنىۋاتاتتى. پەقەت بىرلا پەلەمپەي! . . .

قىز قاتتىق ئىككىلىنىۋاتاتتى.

يەتتىنچى قەۋەت مېنى ئۆز قوينىغا چىللاۋاتاتتى. پەقەت ئەڭ ئاخىرقى بىرلا پەلەمپەي قالغانىدى. . .

# گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرمىلەر

**1**

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدا گەپ بولسىلا، «ساز مەھەللە» دىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئايخان كېلىدۇ. ئۇغۇ بىرەر گۇرۇھنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ياكى ئۇرۇش - چېقىشتا «شۆھرەت» قازانغان نوچىلاردىن ئەمەس ئىدى، ئايخان ئاپئاپلىق يېزا يوللىرىنىڭ قىزىق توپىسىنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ، مەھەللە كېزىپ يۈرىدىغان ئاجىز ئايال ئىدى. ئۇنىڭ دۇنيادا قانداق ئىنقىلابلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقى، كىملەرنىڭ تەختكە چىقىپ، كىملەرنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى توختىماي پىچىرلاپ سۆزلىشەتتى، يېنىدىن بىرەرسى ئۆتۈپ قالسا، جىمىپ شۈككىدە بولۇپ قالاتتى؛ تۇرۇپلا نېمىلەرگىدۇر كۈلەتتى، نېمىلەرگىدۇر ئاچچىقلىناتتى. گويا ئۇ سىرلىق بىر پلانېتلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس مېھمانلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، روھى باشقا بىر ئالەمدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

**2**

ئايخان كېلىۋاتىدۇ، ئايخان! . . .


ئايخاننىڭ قارىسى يىراقتىن كۆرۈنۈشى بىلەنلا يېزىنىڭ ئۇششاق باللىرى ئەنە شۇنداق ۋارقىرىشىپ، ئويناۋاتقان نەرسىلىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قېچىشاتتى. لايدىن ياسالغان نان، توقاچ، توپىدىن قوپۇرۇلغان ئۆي - ئىمارەتلەر يول ياقىسىدا چېچىلغان پېتىچە قالاتتى. يولنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ئايخان توختاپ، باللار كەتكەن تەرەپكە قاراپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرگەن يوغان قارا ئىت ھاسىرىغىنىچە كېلىپ، ئىگىسىنىڭ پۇتلىرى يېنىدا زوڭزىياتتى. باللار ئايخاندىن كۆرە ئۇنىڭ ئاشۇ تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان پاخماق تۈكلۈك ئىتىدىن بەكمۇ قورقۇشاتتى. بەزىدە ئايخان باللار تاشلاپ كەتكەن ئويۇنچۇقلارنى ئېتىكىگە يىغىپ، بىر چەتكە ئاپىرىپ تۆكەتتى - دە، باللارچە ھەۋەس بىلەن ئوينىغىلى تۇراتتى. مۇنداق چاغدا يىراقتا مارىشىپ تۇرغان باللار:

- ئايخان لاي توقاچلارنى يەۋاتىدۇ.
- ئايخان جىنلىرى بىلەن گەپلىشىۋاتىدۇ. . .-دەپ چۇرقىرىشاتتى.

مەمتىمىن ھوشۇر

# ئايخان

(ھېكايە)



www.uyghurkitap.com

ئايخاننىڭ ياش ۋۇرامىنىڭ زادى قانچىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس ئىدى. بەزىدە ئۇ كىملەرنىدۇر دوراپ، توم قارا چاچلىرىنى بېشىغا چەمبىرەك قىلىپ تۈگۈپ، يۈزىنى قايسىبىر كۆڭلى يۇمشاق ئايالدىن سورىۋالغان ئەتىر سوپۇن بىلەن بولۇشىغا سوپۇنلاپ يۇيۇپ، بويىنىغا مارجانلارنى ئېسىپ، ئۆزىنى خېلىلا «تۈزەشتۈرۈپ» قالاتتى، مۇنداق چاغلاردا ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە 25 - 30 ياشلاردىكى چوكانلاردەك كۆرۈنەتتى؛ بەزىدە ئۇنىڭ چاچلىرى ئايلاپ تاغاق كۆرمەي پاخپىيىپ كېتەتتى، بىرەرسى يېمەكلىك تەڭلىسە، كۆڭلى تارتسا ئېلىپ يەيتتى، بولمىسا قاراپمۇ قويمايتتى، كۈنلەپ ئاچ يۈرەتتى، قانداق كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ شۇنداق ئۆرە يۈرىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئاپتاپلىق يېزا يوللىرىدا تىنىم تاپماي مېڭىپ يۈرگەچكە، ئاياغلىرى يېرىلىپ، چىرايى قارىداپ قورۇقۇنچلۇق تۈس ئالاتتى، بۇ كۈنلەردە ئۇنى كۆرگەن كىشى كەم دېگەندە 40 - 50 لەرگە بېرىپ قالغان خوتۇن بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلاتتى.

### 3

ئايخان «ساز مەھەللە» نىڭ چېتىدىكى پاكار قورۇق تاملار بىلەن قورشالغان بىر خارابە قورۇدا يالغۇز ھايات كەچۈرەتتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ۋە قوغدىغۇچىسى ئاشۇ قارا ئىت ئىدى. بۇ مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ ھېكايە قىلىشىچە: ئايخان ئەسلى شەھەرلىك بىر كىشىنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىكەن، ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، دادىسى قىزىنى ئۆگەيلەيدۇ دەپ قايتا ئۆيلەنمەي، ئايخاننى يۇدۇپ يۈرۈپ دېگۈدەك جاپا بىلەن چوڭ قىلغانىكەن. قىز يەتتە ياشلارغا كىرگەندە، دادىسى ئۇنى ئېلىپ ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورمانلىققا مەشرەپكە چىقىپتۇ. شۇ كۈنكى مەشرەپ ناخشا - ساز، چاقچاقلار بىلەن ناھايىتىمۇ قىزىپتۇ كۈن ئولتۇراي دېگەندە، مەشرەپ ئەھلى قايناماقچى بولۇپ قارىسا ئايخان يوق. قىزىقچىلىقتا بالىنىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ قاياققا كېتىپ قالغانلىقىنى بايقىماي قالغانىكەن. ھەممە ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇشۇپ قىزچاقنى ئىزدەپتۇ، ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. ئاخىرىچە كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ دادىسى ئۆزىنى كاچاتلاپ، بىرقانچە ئاغىنىلىرى بىلەن شۇ يەردە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتراپ يورۇغاندا قارىسا، قىزى يېقىنلا بىر يەردە - قېلىن كۆكاتلىق ئىچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقۇدەك. . . شۇندىن بۇيان ئايخان ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىدىغان، تورۇپلا كۈلۈپ، تورۇپلا جىمىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. دادىسى دوختۇرغا كۆرسىتىپتۇ، داخانغا ئوقۇتۇپتۇ، قىلمىغان داۋاسى قالماپتۇ. لېكىن ئايخان ياخشى بولماپتۇ.

يىللار ئۆتكەنسېرى تەبىئەت ئايخانغا ساغلام قامەت ئاتا قىلىۋېرىپتۇ، 17 - 18 ياشلارغا كىرگەندە ئۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن بولۇپ تولۇپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئەقلىلا گويا ئۇ ئورماندا ئۇخلاپ قالغان چاغدا توختاپ قالغاندەك تەرەققىي تاپالماپتۇ. ئايخان دائىم ئۇششاق بالىلار بىلەن ئوينايدىكەن، كىچىك بالىدەك قەغىش قىلىپ يىغلايدىكەن، يوق ئىشلارغا كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدىكەن. دادىسى قىزىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، «ياخشى نىيەتلىك بىرەر يېتىم ئوغۇل بولسا قىزىمنى چېتىپ قويۇپ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز بالام قىلىۋالسام» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن. بەزىلەر «كىم بىلىدۇ بەلكىم ئايخان تۇرمۇشقا چىقسا ياخشى بولۇپ قالار» دەپ مەسلىھەتمۇ بېرىشىدىكەن. ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلار ئىچىدە ئايخاننى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئويلاشقان ئوغۇللۇق ئۆيلەرمۇ بولغانىكەن. دەل شۇ چاغدا ئايخاننىڭ دادىسى بىر - ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئايخان جامائەتنىڭ دادىسىنى كېپەنلەپ تاۋۇتقا سېلىپ، كۆتۈرۈپ ماڭغىنىغا بىر چەتتە جىمجىت قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۆلۈم مەرىكىسىگە كەلگەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ھالىغا ئىچى سىيرىلىپتۇ. تۇغقانلار ئىچىدە: «ئايخان بىچارە ئەقلى جايىدا بولمىغان بىلەن، خۇداغا شۈكرى، خېلى ياۋاش، ئەمدى ئۇنى قايسىمىز تەربىيىمىزگە ئالساق بولىدىكىن. . .» دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ بولۇپتۇ.

تىپتىنچ دالىدىمۇ تۈيۈقسىز كۈچلۈك قۇيۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ، سۈزۈك ئاسماندا پەيدا

بولغان كىچىك بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭمۇ بەزىدە دەھشەتلىك يامغۇرلارنى تۆكۈۋېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇ... ئۆلۈم كۈنىنىڭ ئەتىسى ئايخاننىڭ كەيپىياتىدا غەلىتە ئۆزگىرىش بوپتۇ. چۈشكىچە ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت يانغان ھالدا ھويلىدىن تالاغا چىقىپ، تالادىن ھويلىغا كىرىپ، ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەپتۇ. «بىچارە دادىسىنى ئىزدەۋاتىدۇ» دېيىشىپتۇ تۇغقانلىرى. چۈش ۋاقتىدا ئۇ تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ، چىنە - قاچىلارنى ئۇرۇپ چېقىپ، ئاق ياغلىق سېلىپ ھازىدا ئولتۇرغان ئاياللارنى سۈرۈپ قوغلاپ چىقىپتۇ. ئاندىن كوچىغا چىقىپ، ئۇچرىغاننى ئېسىلىپ ئۇرۇپتۇ. شۇ يەردىن يەنە بىر كوچا نېرىدىكى قايناق بازارغا ئېتىلىپ كىرىپ، يايمىچىلارنىڭ ماللىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ، قولىغا چىققاننى ھەر تەرەپكە ئېتىپ، بىردەمدىلا بازار ئىچىنى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا تۆت - بەش ئەر كىشى ئۇنى ئاران دېگەندە تۇتۇپ باغلاپ ئۆيىگە ئەكىلىپ تاشلاپ بېرىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن تۇغقانلار ئايخاننى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمۇ بولۇشقانىكەن. لېكىن قىز ئەتىسىلا تىنچلىنىپ، يەنە ياۋاشلاپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭدا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ، سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان يېڭى مىجەز پەيدا بولۇپتۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە ئەر تۇغقانلاردىن بىرەيلەن ئايخاننى «ساز مەھەللە» دىكى سېلىم موزدۇزغا تونۇشتۇرۇپ نىكاھلاپ قويغانىكەن.

## 4

سېلىم موزدۇز يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان، ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەن كىشى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ جەنۇبلۇق ئادەم بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا قەشقەردە تۇماقنى قىرلاپ كىيىپ، بىر مەزگىل نوچىلىقتا دەۋر سۈرگەن؛ ئاندىن ئاقسۇغا كېلىپ قىمار مەيدانلىرى بىلەن نەشە سورۇنلىرىنى ئاۋات قىلغان؛ كۇچادا بىر مەزگىل تۇرۇپ ھەۋەسنىڭ ھەممە كوچىلىرىدا مېڭىپ باققان؛ غۇلجىغا چىقىپ خاڭلاردا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانىدى.

ھارۋىكەشلەر شاش ئاتلارنى يۈگىنى كۆپ ئارتىپ كۆندۈرىدۇ. سېلىم موزدۇزنىڭ گاڭگۇڭلىقىمۇ يېشى چوڭايغانسېرى بېسىلىپ، جاھاندارچىلىقنىڭ ئېغىر يۈكى ئاخىر ئۇنى ياۋاش بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇ چاغلاردا موزدۇزنىڭ دەرۋازىسى (ھازىر ئايخان تۇرۇۋاتقان قورۇ) يېنىدا كىچىككىنە دۇكىنى بولىدىغان، ئۇ كۈن بويى شۇ يەردە ئاتا كەسپى ياماقچىلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. كىچىك باللارنىڭ باشماقلىرىنى تىكىپ ھەر يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئەكىرىپ سېتىپ، چاي - تۇز قىلىپ چىقاتتى. ئۇستامنىڭ ئىش تىكىۋېتىپ ئانچە - مۇنچە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى غىڭشىپ قويىدىغىنى ۋە بەزىدە ئاياغ ياماتقىلى كىرگەن خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ۋاتىلدىشىپ كېتىدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىشقى - مۇھەببەت بابىدا ئۇ تولىمۇ تىنچ ئادەم ئىدى. سېلىم موزدۇز ئايخاننى خوتۇن قىلىش ئۈچۈن ئالدى، دېگەندىن كۆرە، شۇ ئاجىز قىزغا غەمخورلۇق قىلماقچى بولدى، دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ئايخان مەھەللىگە چىققان كۈنى ھېچقانداق داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى بولمىدى. سېلىم موزدۇز قىزنىڭ شەھەردىن بىللە چىققان تۇغقانلىرى بىلەن مەھەللىدىن مۇبارەكلەپ كىرگەن چوڭلارغا ئاددىيغىنە چاي تارتتى. نىكاھ شەھەردە ئوقۇلغانىدى.

بۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا توي كېچىسى دېرىزە مارايدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. ئەگەر توي ئىگىسى مارىلاشقا قارشىلىق قىلسا، قىز - يىگىت ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىنى چېقىپ، ئۆگزىسىنى ئېچىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. سېلىم موزدۇز ئايخاننى ئېلىپ چىققان كۈنى كېچىسى ئەل ياتقاندا، مەھەللە دوقمۇشىغا يىغىلغان ياش باللار قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن موزدۇزنىڭ پاكار تېمىدىن ئاستا ئاتلاپ كىرىپ، يېرىمى ئەينەك، يېرىمى قەغەز بىلەن چاپلانغان پەنجىرىگە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېقىنلاشتى. ئۆي ئىچىنى تەكچىدىكى ئونىنچى لامپا خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇستىگە بىر قۇر يېڭى تويلۇق كىيىم كىيگەن ئايخان ئەتراپقا قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ،

www.uyghurkitap.com

بىر بۇلۇڭدا تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى. دېرىزە سىرتىغا ئولاشقانلار پەنجىرىگە چاپلىشىپ، دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خېلى ئۇزاق كۈتكەن بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدىن «كۆكۈللۈك» بىر مەنزىرىنى كۆرمىدى. سېلىم موزدۇزدا ئۆيلەنگەن «يىگىت»لەرگە خاس ھېچقانداق بىر جۇشقۇنلۇق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بېشىنى تاتلاپ، ئۆي ئىچىدە بىرھازا ئۇياق - بۇياققا ماڭدى - دە، ئاخىرى كونا ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇن - كۆرپىلەرنى ئېلىپ، ئايخاننىڭ يېنىغا چىرايلىق قاتلاپ بىر كىشىلىك ئورۇن سېلىپ قويۇپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، ئۆزى دالاندىكى بوز كىگىزنىڭ ئۈستىگىلا بىر ياستۇقنى تاشلاپ، چاپاننى غېرىبچىسىغا يېپىنىپ ئۇيقۇغا تەگدى. ياش باللارنىڭ «نېمە قىزىقچىلىق بولاركىن؟» دەپ تەلمۈرۈپ بويۇنلىرى قېتىپ كەتكەنىدى. بولالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەنگەن بىرى:

- يۇرۇڭلار، مېنىڭ دېرىزەمگە بېرىپ مارىلاڭلار. موزدۇز قويالمىغان ئويۇننى مەن قويۇپ بېرەي،- دەپ ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئايخان خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە سېلىم موزدۇزنىڭ ئۆيىگە كۆنەلمىدى. ئۇ ھە دېسىلا شەھەرگە قېچىپ كىرىپ كېتەتتى. موزدۇز ئۇنى يەنە نەلەردىندۇر ئىزدەپ تېپىپ چىقاتتى. يېزا ئۇچۇن ئايخاننىڭ بارى - يوقىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك ئىدى. ئۇ ئايلاپ كۆرۈنمەي قالسىمۇ ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيتتى. لېكىن سېلىم موزدۇز ئۇنى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا خۇدا يەتكۈزگەن ھەمراھىم، دەپ تونۇيتتى. گويا موزدۇز ياشلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرىنى شۇ ئاجىز بىچارىگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن يۇماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا تاماق ئېتەتتى، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

ئايخان مەھەللە كوچىلىرىدا پەيدا بولۇپ قالغاندا، ئىشىك ئالدىلىرىدا ئولتۇرغان خوتۇنلار ئايخاننى چاقىرىپ:

- ھويت ئايخان، بۇياققا كەلگىنە! سېلىم موزدۇز نېمەڭ بولىدۇ؟- دەپ گەپكە سېلىشاتتى.

- بوۋام. . . ياق، دادام. . .

- ھوي جوھۇت، ئۇنداق دېمە، يامان بولىدۇ. ئېرىم، دە!- دەپ چۇرقىرىشاتتى ئاياللار.

- سېلىم موزدۇز؟ . . . سىلەرنىڭ ئېرىڭلار. . .- قاقاقلاپ كۈلەتتى ئايخان.

- ياق، سېنىڭ ئېرىڭ.

- مېنىڭ ئېرىم؟ !

- ھە، سېنىڭ.

- مۇشۇك - چاشقاننىڭ ئېرىمۇ؟ . . . ئىتمۇ يۈزىنى يۇيامدۇ؟ . . .- يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە كېتىپ قالاتتى ئايخان.

موزدۇزنىڭ ھويلىسىدا بولسا ئايخان قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان قارا كۈچۈك بىلەن مىلىكە بولاتتى. ئۇنى كۆتۈرەتتى، چايناپ نان يېگۈزەتتى، ئەكىلىتىپ پاراڭلىشاتتى. بۇ ئىشتىن زېرىككەندە موزدۇزنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان پۇرۇچلارنى ئېتىكىگە يىغىپ، تالاغا ئەچىقىپ تۆكەتتى؛ يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنى ئېتىكىگە ئېلىپ دۇكانغا ئەكىرەتتى. بەزىدە ئۇ ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە ئۇستامنىڭ بىر تۆشۈكتىن ئىككى يىڭنىنى شۇنچە تېز ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەي ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. موزدۇز ئۇنىڭغا چۈشەنسىدۇ - چۈشەنمىسىدۇ، بېشىدىن ئۆتكەن قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى، ياكى يۇرتىنىڭ كونا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. . . شۇنداق قىلىپ، ئايخان بارا - بارا سېلىم موزدۇزغا ئۆگىنىپ قالدى.

ئەگەر ئامەت بىر كىشىدىن يۈز ئۆرىسە، ئاپەتنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن زادىلا نېرى كەتمىسە كېرەك. يېزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر چوڭ باغ بولىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا بۇ بىر شاڭيۇنىڭ جاڭزىسى ئىدى. ئەتراپىتىكى يەرلەر مەيدانلىشىپ كەتكەچكە، بۇ باغ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ قالغانىدى. ئۇزۇن يىل تاشلىنىپ قالغاچقىمۇ، باغ ئىچى ھەر خىل ياۋا دەل - دەرەخلەر ئۈنۈپ جاڭگاللىشىپ كەتكەنىدى. سوقما تاملارنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان بەزى تېرەكلەرگە ھازىر قۇچاق يەتمەيتتى. بىر يىلى ئەترەت بۇ يەردىكى دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، باغ ئورنىنى ئېتىزغا قوشۇۋېتىشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يوغان تېرەكلەرنى يىقىتىش

باشلىنىپ كەتتى.

سېلىم موزدۇز ئىچى پۇشسىلا تېرەك كەسكەن يەرگە بېرىۋالاتتى. ئۇ ياغاچ ئۈرۈۋاتقانلارغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئارغامچىنى ئۇياققا تارت - بۇياققا تارت، دېيىشىپ بېرىپ، كەچلىكى بىرەر يۇدۇم ئوتۇن ياكى بىر - ئىككى تال چەنزىلىك ياغاچ كۆتۈرۈپ كېلەتتى. بىر كۈنى ئادەملەر سېلىم موزدۇزنى قىپقىزىل قانغا بويالغان هالدا كۆتۈرۈپ كېلىشتى. ئېگىزدىن چۈشكەن بىر تال ياغاچ موزدۇزنى قاپ بەلدىن بېسىپ، شۇ يەردىلا جېنىنى ئالغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ئايخان بۇ غەمخورچىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئۇ تاۋۇت كۆتۈرگەن جامائەتكە ئەگىشىپ يېزىنىڭ چېتىگىچە چىقىپ، يول بويىدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرىغا پۇتلىشىپ كېتىپ بارغان قارا كۈچۈكمۇ توختاپ، ئايخانغا قاراپ غىڭشىپ قاۋاپ - قاۋاپ قويدى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئايخان شۇ يەردە جامائەت تۇپراق بېشىدىن يانغۇچە كۈتۈپ تۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايخان كۆزلىرى قانغا تولغان هالدا مەهەللە كوچىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ «سېلىم قېنى؟ . . . سېلىم موزدۇز! . . . » دەپ ۋارقىرىغىنىچە دەرۋازىسى ئوچۇق قالغان هويلىلارغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئۆي، ئېغىل، ئامبارلارنى ئاختۇرۇپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. «سېلىمنى نەگە تىقىپ قويۇشتۇڭ؟! . . . نېمىشقا ئۇ چۈشكەن هارۋىنىڭ چاقى يوق؟ . . . » دەپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئاياللارغا ئېسىلىپ چېچىنى يۇلاتتى. قارا كۈچۈك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي يۈگۈرەيتتى. ئىتلار ئەنسىز هاۋشۇپ، توخۇلار قاقاقلىغىنىچە ئۆزىنى هەر تەرەپكە ئېتىپ، قورقۇپ كەتكەن بالىلار، خوتۇنلار قىيا - چىيا قىلىشىپ مەهەللە ئىچى بىردەمدىلا پاتپاراقلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا كىمدۇ بىرى ئەقلىگە كېلىپ «ئايخان، مانا موزدۇز ئۇستام بۇ يەردە تۇرىدۇ! » دەپ، ئايخاننى ئەترەتنىڭ ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبىرىغا ئالداپ ئەكىرىپ، تېشىدىن قولۇپلىۋالدى. كەچكە يېقىن كىشىلەر ئامبارنى ئېچىپ، ئاستا باشلىرىنى تىقىپ قاراشقاندا، ئايخان پۇتۇنلەي تىنچلىنىپ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

ئايخان ئەمدى ئىتى بىلەن توختىماي سۆزلىشىدىغان بولدى. هەي سېلىم، نان قېنى؟ . . . ئاش قېنى؟ بۇ كۆڭلەكنى كىم يۇيىدۇ؟ . . . يەنە نېمىلەرنىدۇ دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ، بىچارە كۈچۈك بولسا هېچنېمە چۈشەنمەي، بېشىنى سىلكىپ قويۇپ قاۋاپ كېتەتتى. ئايخان ئۆيگە يات كىشىنى يولاتمايتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى موزدۇزنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى دۇكىنى قىيسىيىپ، هويلىلارنى لويلا - كۆكات بېسىپ، بۇ يەر سۈرلۈك بىر ماكانغا ئايلىنىپ قالدى.

## 5

دۇنياغا تۆرەلگەنلا ئىكەنسەن، ئۇلۇغ بولساڭمۇ، ساراڭ بولساڭمۇ جاهاندارچىلىقنىڭ يەلكەڭگە چۈشكەن ئارغامچىسىنى تارتىشقا مەجبۇرسەن؛ هاياتلا ئىكەنسەن، تۇرمۇشۇڭدا يېڭى - يېڭى كەچۈرمىشلەر سادىر بولۇۋېرىدۇ. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتتىمىكىن، ئەيتاۋۇر، قارا كۈچۈك تۈكلىرى پاخپايغان يوغان ئىت بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. ئايخاننىڭ ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىگە يەنە يېڭى بىر ۋەقە كېلىپ قوشۇلدى.

بۇ يېزىدا قاۋۇل دەيدىغان بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ يېزىنىڭ قېرى تۆمۈرچىسى بىلەن تۆمۈرچىخانىدا ئىشلەيتتى. ئىسمى - جىسمىغا لايىق قاۋۇل بازغانچى ئىدى. تۆمۈرچى ئۇستام ئات تاقىلاتقىلى، كەتمەن - پەتمەن ئاپلاتقىلى كەلگەن دېهقانلار بىلەن چاقچاقلىشىپ كېتىدىغان چاقچاقچى ئادەم ئىدى؛ قاۋۇلنىڭ بولسا مىجەزى غەلىتىرەك ئىدى، ئادەملەر بىلەن ئۇڭايلىقچە چىقىشىپ كېتەلمەيتتى، ئوشۇق - تۆشۈك گەپمۇ قىلمايتتى، چىرايىمۇ شۇنىڭغا لايىق سۆرۈنرەك ئىدى. گويا پۈتۈن ئاچچىقىنى سەندەل ئۈستىدە چوغلىنىپ تۇرغان ئاشۇ قىزىق تۆمۈردىن چىقارماقچى بولغاندەك، كۈچ بىلەن بازغان ئۇراتتى. شەهەرلەردىكى مەكتەپلەردە بىر زامان ئوقۇغان بولغاچقىمىكىن، يېزىنىڭ ئەترەت باشلىقى، بۇغالتىر دېگەندەك ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئۇنچىۋالا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى.

يېزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى سازلىق بولۇپ، بۇ يەرنىڭ «ساز مەهەللە» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىمۇ

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن ئىدى. ئېتىزلار ئارىلاپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ھارۋا يوللىرى بارغانسېرى تارىيىپ، سازلىققا يېقىنلاشقاندا، قېلىن چىغىتماقلىقلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالىدىغان ئاياغ يوللارغا ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇ يەردە سازنىڭ قارا سۈيىدىن ھاسىل بولغان چوڭ بىر كۆلمۇ بار ئىدى. كۆل ئىچىدە ياپيېشىل سۇ ئوتلىرى، كۆل بويىدا بولسا قومۇش، يېكەنلەر ئۆسۈپ كېتەتتى. كۆزگە يېقىن چۆپ چاچقىلى كېلىپ قالىدىغان دېھقانلار ياكى ياۋا ئۆردەك ئاتقىلى كېلىدىغان بىرەر ئۈۋچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە كۆل بويى ئادەمدىن خالىي بولاتتى. پەقەت كۈن ئىسسىپ كەتكەن مەزگىللەردە قاۋۇل تۆمۈرچىخانىنىڭ تىنجىقىدىن قېچىپ، بۇ يەرگە چۆمۈلگىلى كېلىپ قالاتتى.

بىر كۈنى، قاۋۇل چۆمۈلۈپ چىقىپ، كۆل بويىدىكى قېرى قارىياغاچ تۈۋىدە سالقىنلاپ ياتاتتى، بىر چاغدا ئۇنىڭغا سۇنىڭ شالاقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قاۋۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۇ ئىچىدە ئاندىن تۇغما ھالەتتە تۇرغان ئايخاننى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كۆل چېتىدىكى سۇ ئۇنىڭ چوڭ يوتىسىغىچە چىققانىدى. ئايخان ناھايىتىمۇ ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇنۇۋاتاتتى. كۆل بويىدا بىر باغلام قۇرۇق ئوتۇن ياتاتتى. ئوتۇننىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز ئۆسكەن كۆكاتلار ئىچىدە يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز توپتوغرا قاۋۇلغا قادىلىپ تۇراتتى. قاۋۇل ئېتتىك بېشىنى تۆۋەن قىلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يەنە بىر قاراپ باققۇسى كەلدى.

ئىككىنچى قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە قاۋۇل بايىقى بىر جۈپ كۆزنىڭ كۆكاتلىقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىتنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قارا ئىت قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ئىگىسىنى قورىغاندەك، قاۋۇلنىڭ ھەرىكىتىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئايخان ھەدەپ شالاپشىتىپ سۇنى ئۈستىگە چاچاتتى. سۇ تامچىلىرى بولسا قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سانسىز كىچىك ھەسەن - ھۈسەنلەرنى پەيدا قىلاتتى. قاۋۇل بۇ ئايالنىڭ قامىتىدىن ئادەتتىكى چاغلاردا جۇل - جۇل كىيىم، چۈۋۈق چاچلار ئارىسىدا كۆزگە چېقىلماي قالىدىغان گۈزەللىكنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆكرەكلىرى چىڭ، بەدەنلىرى ئاپئاق، ساغرىلىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. . .

ئايخان چۆمۈلۈپ بولۇپ، يىرتىق كۆڭلىكىنى كىيىپ يەنە قىرغاقتا پەيدا بولدى. قاۋۇلدا ئۇنى چاقىرىپ گەپكە تۇتۇش ئىستىكى تۇغۇلدى.

- ئايخان، ھاي ئايخان!

ئوتۇننى مۈرىسىگە ئېلىپ، كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ئايخان قاۋۇل تەرەپكە چۆچۈپ قارىدى - دە، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تۇرۇپ قالدى.

- ئايخان، مانا ئوتۇن!

قاۋۇل قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قالغان چوڭ بىر شېخىنى كۈچ بىلەن تارتىپ سۇندۇرۇۋېلىپ پۇلاڭلاتتى. ئايخان ئۇنىڭ ئوتۇننى راستىنلا بېرىۋېتىدىغىنىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئاستا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىدىن تېخىچە سۇ تامچىپ تۇراتتى، كۈن نۇرىدا قارايغان بىلەك ۋە پاقالچاقلىرى يېقىملىق تاۋلىناتتى. قاۋۇل قۇرۇق شاخنى ئۇشتۇپ پارچىلاپ، ئايخاننىڭ مۈرىسىدىكى ئوتۇنغا قوشۇپ باغلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ، كىمدۇر بىرى ئورۇپ تاشلاپ قويغان پىچان ئۈستىگە ئاستا ئولتۇرغۇزدى. قاۋۇلغا بىرىنچى بولۇپ قارشىلىق قىلغان ئايخان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىتى بولدى. قاۋۇل ئايالغا قول سۇنۇشى بىلەنلا ئىت خىرىس قىلىپ ھۈرپەيدى. ئايخان بولسا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قاۋۇل خالتىسىدىن بىر پارچە قاتتىق ناننى ئېلىپ ئىتقا چۆرۈپ بەردى. ئىت ئايخاننىڭ خاتىرجەم ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، غىڭشىپ - غىڭشىپ قويۇپ ناننى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا قىسىپ غاجىلىغىلى تۇردى. . . قاۋۇل ئايخاننىڭ نەم چاچلىرىنى ئېھتىيات بىلەن سىلىدى. ئايخان بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ تۆمۈرچىگە ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا دوستانە قول سۇنغان بىر ئىنساننىڭ ئىللىق مېھرى تاراۋاتقاندەك، قەلبىنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر بىر يېرىدىكى ئۇنتۇلغان سېزىملەر ئويغىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى چالا قورۇغان پىچاندىن كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق كېلەتتى. قارىياغاچ ئۈستىگە بىر توپ قۇشقاچلار قونۇپ كۆڭۈللۈك چۇرقىراشتى - دە، يەنە

گۈررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى...

6

«ئايخان بىلەن قاۋۇل كۆل بويىدا قۇچاقلىشىپ ياتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى مەھەللىگە بالىلار يەتكۈزۈپ كەلدى. ئۇششاق بالىلارنىڭ بۇ ئىشنى نەدە تۇرۇپ، قانداق كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. كىچىك بالا دېگەننىڭغۇ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. راست - يالغاننىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ خەۋەر مەھەللىدە زور قىزىقىش پەيدا قىلدى.

كۈن قايرىلغاندا، كىشىلەر مەھەللىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئايخاننى كۆردى. ئۇ يوغان بىر قۇچاق ئوتۇننى يۈدۈپ، ھارغىنلىق بىلەن قەدەم ئالاتتى، كۆزلىرى بولسا نامەلۇم بىر خۇشاللىقتىن نۇرلانغانىدى. خوتۇنلار ئۇنى چاقىرىپ گەپ سوراشقا ئالدىراشتى.

- ئايخان، ھويت ئايخان! بۇ ياققا كېلىپ بىردەم دىمىڭنى ئېلىۋال.

- نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

- ئوتۇن تەردىم.

- قاۋۇلنى كۆردۈڭمۇ؟

- قاۋۇل؟

- ھە، ئاۋۇ دۇكاندىكى تۆمۈرچىنىچۇ؟

- تۆمۈرچىنىما... كۆردۈم.

- ئۇ سېنى نېمە قىلدى؟

- مېنى؟ تۇتۇۋېلىپ...

- ھە، تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلدى؟

- تۇتۇۋېلىپ سۆيۈپ...

- ۋاي شەرمەندە، يەنچۇ؟

- يەنە...

خوتۇنلار خۇددى مۇھىم بىر مەخپىيەتلىكنى بىلىۋېلىشقاندەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بەزىلىرى تېخىمۇ تېتىقسىزلىشىپ بۇ ئىشنى ئىنچىكە يەرلىرىگىچە سوراپ كوچىلاشتۇرغىلى تۇردى.

- ۋاي داپشاقلار، ئىت - مۇشۇكلەر...

ئايخان ئاخىرىدا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېدى - دە، كېتىپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاياللار بولمىغاندا ئەرلەر، چوڭلار بولمىغاندا كىچىكلەر ئايخاننى چاقىرىۋېلىپ گەپكە سالىدىغان بولدى:

- ئايخان، ھە، تۆمۈرچى سېنى نېمە قىلدى؟

- مېنى سۆيۈپ...

- كۆلنىڭ بويىدىمۇ؟

- قارىياغاچنىڭ ئاستىدا.

- كىم كۆردى؟

- قۇشقاچلار.

- ھە، سېنى سۆيدى، يەنچۇ؟

- يەنە...

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. بۇ سۆز - چۆچەك باشقا بىرەرسى ئۈستىدە تارالغان بولسا قانداق بولاتتىكىن، ئەمما، قاۋۇلغا ھېچكىم يۈزتۇرانە بىرنېمە دېيەلمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەنىلىك قاراپ كۈلۈپ قويۇشاتتى. قاۋۇل بۇنى سەزمەمدۇ ياكى سەزسىمۇ ئەتەي بىلمىگەنگە سالامدۇ، كىشىلەر يىنىدىن ھېچكىمگە كۆزىنى سالماي گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى.

ئايخاننىڭ چاچلىرى ئەمدى چىرايلىق تارىلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ كۆڭلى تارتقان ئۆيلەرگە كىرىپ يىپ - يىڭنە، تاغاق، سوپۇن دېگەندەك لازىملىقلارنى سورايتتى. كوچىغا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقاتتى. قاۋۇلنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يۈتكىچە ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. بەزىدە ئۇ تۆمۈرچىخانىغا يىراقتىن نەزەر سالاتتى. ئۇ يەردە قاۋۇلنىڭ كۈچلۈك بەستى غىل - پال كۆرۈنەتتى. سەندەلدىن ئەتراپقا قىپقىزىل ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. ئايخان ئىختىيارسىز كۈلۈپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. گويا ئۇنىڭ قەلبىدە رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىۋاتقاندەك، بەختسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتى قاپلىغان كۆڭۈل ئاسمىنىدا يېڭى بىر يورۇقلۇق كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

كېيىن سۇ تۇتقىلى چىققانلار قاۋۇلنىڭ بەزىدە تۈن يېرىمىدا ئايخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە ئۆتۈپ، سەھەرگە يېقىن قايتىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىشاتتى. خوتۇنلار:

- سەپسالدىڭلارمۇ؟ ئايخاننىڭ ھېلىقى يامان ئىتى قاۋۇلنى كۆرسە زادى قاۋىمايدىكەن.

- توۋا، قاۋۇل تۇپ - تۈزۈكلا يىگىت تۇرۇپ، ئاشۇ ئايخان بىلەن ھە!...

- كۆڭۈل دېگەن شۇ.

- ئايخاننىڭمۇ نەرى كەم؟ چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ياساپ قويىدىغان بولسا شەھەرنىڭ

uyghurkitap.com



خېنىملىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ـ دېيىشەتتى.

لېكىن، ئايخاننى ياساپ ـ تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتى. ئۇنچىقماس بازغانچىغا ئۇ ئاشۇ يىرتىق كۆڭلەك، يېرىلغان ئاياغ، كۈندە كۆيگەن چىرايى بىلەن قىممەتلىكتەك ئىدى.

ئەگەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانمىغان بولسا بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى قانداق تاماملىناتتىكىن، «ئىنقىلاب» كىشىلەر قىياس قىلمىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 7

«ساز مەھەللە» شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغاچقىمىكىن، «ئىنقىلاب» باشلىنىشى بىلەنلا شەھەردە چېلىنغان داقا ـ دۇمباق، جاڭ ـ جۇڭلارنىڭ ساداسى ئاخشىمى ـ ئەتىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بوپقالدى. بىرەر يىلدىن كېيىن، بۇ ۋاڭ ـ چۇڭلار ئوق ئاۋازى بىلەن ئالماشتى. بولۇپمۇ، كېچىدە بۇ ئوق ئاۋازلىرى يېزىغا ئېنىق ئاڭلىناتتى. شەھەرگە كىرگەن دېھقانلار: «پالانى يەردىكى ئېگىز بىنا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇدەك. . .»، «ئاخشامقى ئېتىشىشتا مانچە ئادەم ئۆلۈپتۇدەك. . .» دېگەندەك ئەندىشىلىك خەۋەرلەرنى ئېلىپ چىقاتتى. شۇ كۈنلەردە دېھقانلار شەھەرگىمۇ ئاز كىرەتتى. قوناقلىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يول بىلەن شەھەرگە دائىم كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان بىردىنبىر يۈرەكلىك ئادەم قاۋۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ يەردە نېمىلەرگە قىزىقىپ، نېمە خىياللاردا يۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئايخاننىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزگىچە بىر ئىنقىلاب بولۇۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى چېچىنى تاراپ، چېكىسىگە گۈللەرگە قىساتتى، كىمنىڭ ھويلىسىدا ئېچىلىپ تۇرغان گۈل كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنسە، يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇپ چىقىرىپ ئۆز ھويلىسىغا تىكىپ قوياتتى. بۇ گۈللەر سۇ كۆرمەي قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا يەنە ئېچىلىۋېرەتتى. بەزىدە ئۇ كېگىز ـ كېچەكلىرىنى قېقىپ، ھويلا ـ ئارامىلىرىنى چالا ـ پاساق بولسىمۇ ئاقارتىپ، يۇيۇپ تارىنىپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئېگىلىپ سالام قىلىپ، ئوكۇلۇقلا بولۇپ قالاتتى. يېزىلىقلار ئۇنىڭ قىلىقىغا كۈلگۈسى كېلەتتى.

بىر كۈنى، چوڭ ئەترەت قورۇسىدىكى شەھەرلىكلەرنى دوراپ ئېچىلغان چوڭ يىغىندا «ياشىسۇن، يوقالسۇن» دېگەن شوئارلارنى ھارغىچە توۋلاپ قايتقان دېھقانلاردىن بىرنەچچىسى ئايخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ:

ـ ھوي ئايخان، جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ بىلەمسەن؟ ـ دەپ ئۇنى گەپكە سالدى.

ـ كۈن چىقىدۇ، كۈن ئولتۇرسا ئاي چىقىدۇ. . .

ـ «تۇمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن» دېمەمسەن!

ـ ياشىسۇن! ؟ . . . كىم ياشايدۇ؟ ـ ھەيران بولدى ئايخان، ـ ئاسماننىڭ ئاستى، يەرنىڭ ئۈستى. . . ئۇلارلا ياشىسۇن ھەممىمىز تەڭ ياشايلى. تۆمۈرچىمۇ ياشىسۇن، موزدۇزنى كىم كۆمۈۋەتتى؟ . . . ئىت ـ مۈشۈك، قۇشقاچلار ياشىمامدىكەن؟ . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېلىقى دېھقانلار قورقىنىدىن ئاغزىلىرىنى تۇتقىنىچە كېتىپ قالدى. شۇندىن باشلاپ ھېچكىم ئايخاندىن ئىنقىلاب توغرىسىدا گەپ سورىمايدىغان بولدى.

بىر قېتىم ناھايىتىمۇ ئەنسىز كېچە بولدى. ئوق ئاۋازى يېقىنلا بىر يەردە تاراسلاپ، مەھەللىنىڭ ئىتلىرى تاڭ ئاتقۇچە قاۋاپ چىقتى. سەھەردە، ئېتىزغا سۇ ئاچقىلى چىققان بىر دېھقان مەھەللە ئىچىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئەترەت باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. ئەترەت باشلىقى تولىمۇ ئېغىر ئادەم ئىدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ بىر كېرىلىۋېلىپ، ئالدىرىماي كېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

ـ ھە، نېمە گەپ؟

ھېلىقى دېھقان ھودۇققىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

ـ قو ـ قو ـ قوناقلىق بىلەن كېلىۋاتاتتىم. ئا ـ ئا ئالدىمدىلا بىر ئادەمنى كۆرۈپ چۆچ ـ چۆچ ـ چۆچۈپ كەتتىم.

ـ قايسى قوناقلىقتا؟

ـ شە ـ شە ـ شەھەر تەرەپتىكى. . .

ـ ھە، كىمكەن؟ مەستتىن بىرى يىقىلىپ قاپتۇما؟

ـ سە ـ سە ـ سەپسالسام قاۋۇل ئىكەن. يانتاق يېرى قان. كېچە شەھەردىن قوغلاپ چىققانلار ئېتىپ تاشلىغاندەك قىلىدۇ. . .

ـ تىرىكمۇ، ئۆلۈك؟ !

ـ بىلمىدىم، كۆزى چەكچىيىپ قاپتۇ. قو ـ قو ـ قورققىنىمدىن بۇياققا يۈگۈردۈم. . .

ـ نېمە دەيدىغانسەن؟ يۈرە، بېرىپ كۆرۈپ

باقايلى، ئەترەت باشلىقى بىلەن ھېلىقى دېھقان يېتىپ كەلگەندە، قاۋۇلنىڭ بېشىدا ئايخاننىڭ قارا ئىتى پەيدا بولغانىدى. ئىت خىرىس قىلىپ ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئارقىدىنلا قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىپ ئايخان ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى - دە، دەھشەتلىك چىرقىراش بىلەن قاۋۇلنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئاندىن ئۇنى يۇدۇپ ئېلىپ ماڭدى.

- توختا! . . . ئايخان، قاۋۇلنى نەگە ئاپىرىسەن؟- دەپ ۋارقىرىدى ئەترەت باشلىقى.

لېكىن، ئايخان ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويمىدى. قاۋۇلنىڭ سۆرۈلۈپ قالغان پۇتى يەرنى سىجاپ ئىز قالدۇراتتى. ئايخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ قوناقلىقنى يېرىپ چىقىپ، ئېتىز ئىچى بىلەن توپتوغرا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

ئەترەت باشلىقى يېزىدىكىلەرگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، ئايخاننىڭ دەرۋازىسى يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئايخان قاۋۇلنى ئۆي ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ھەدەپ ئەتراپتىن تاش يىغىپ ئۆينىڭ ئالدى، ئۆگزىلەرگە دۆۋىلىگىلى تۇرغانىدى. ھېچكىم ھويلىغا بېسىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. قىيسىق دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىرەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئايخان تاش ياغدۇراتتى. كۆز ئايلىرى كىرىپ قالغان بولسىمۇ، كۈن تېخى ئىسسىق بولغاچقا، مېيىت ۋاقتىدا دەپنە قىلىنمىسا سېسىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى؛ ئەگەر قاۋۇل ھايات بولسا، ئۇنى ۋاقتىدا داۋالىتىش لازىم بولاتتى. كوچىغا يىغىلغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، جامائەت تەقەززالىنىشقا باشلىدى. ئايخاننىڭ دۆۋىلەگەنلىك تۇرغان تاش - كېسەكلىرىمۇ بارغانسېرى ئېگىزلىدى. دادىسى بىلەن سېلىم موزدۇزنى ئاپىرىپ كۆمۈۋەتكەن بۇ رەھىمسىز ئادەملەرگە ئەمدى ئۇنىڭ قاۋۇلنى زادىلا بەرگۈسى يوق ئىدى. . .

كىشىلەر نېمە قىلىش توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ئەترەت باشلىقى: «ھوي كۆپچىلىك! ئايخان قاۋۇلنى بۈگۈن بىزگە بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ، مەيلى. ئەتىگىچە كۈتەيلى، بۇ خوتۇننىڭ پەيلى يېنىپ قالار. قانۇن ئورنىغا ئادەم كەتتى. تېخى قاۋۇلنى كىم ئاتقانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ئاتقانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئىشىمۇ بار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن توپلانغان جامائەت بىر - بىرلەپ تارقاپ كېتىشتى.

ئەل ياتقاندا، شەھەر تەرەپتىن توپا توزۇتۇپ چىقىپ كەلگەن بىر ماشىنا ئايخاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، دۈپۈرلىشىپ چۈشكەن قورallىق ئادەملەر ھويلىنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ قاۋۇلنى قوغلاپ چىققانلىقى ياكى جىنايەت ئىزىنى يوقاتماقچى بولۇشۇۋاتقانلىقى نامەلۇم ئىدى. لېكىن، ئۇلارمۇ ھويلىغا دەرھال بېسىپ كىرەلمىدى. قارا ئىتنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ مەھەللىنىڭ جىمى ئىتلىرى ھاۋشۇپ كەتتى. ئايخان دەرۋازىنى ياغاچلار بىلەن مەھكەم تىرەپ ئېتىۋەتكەنىدى. پاكار تاملارنىڭ قەيىرىدە بىرەر شەپە بىلىنسە، ئايخاننىڭ غەزەپ بىلەن ئاتقان تاشلىرى شۇ يەرگە بېرىپ چۈشەتتى. ئىشنى تېز پۈتتۈرۈپ قايتىشقا ئالدىراۋاتقان قوراللىقلار ئاخىرى ئۆينى قاتتىق ئوققا تۇتتى. ئاندىن دۈپۈرلەپ تامدىن ئاتلاپ چۈشۈشتى. قارا ئىت ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆكاتلىقتا بىرنەچچە يېرىگە ئوق يەپ يىقىلغان بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئىگىسىگە سادىق ئۆتكەن بۇ جانىۋارنىڭ ئۇچۇق قالغان كۆزلىرى يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن بىپايان ئاسمانغا تىكىلگەنىدى. قوراللىقلار ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىشتى. قاۋۇل بىلەن ئايخان بولسا شۇ كېچىدىن باشلاپ مەھەللىدىن غايىپ بولۇشتى.

بۇ سىرلىق ۋەقە ئۇزۇن يىللارغىچە دېھقانلار قىزىقىپ سۆزلەيدىغان تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. كۆپىنچە كىشىلەر «ھېلىقى قوراللىق نېمىلەرنىڭ ئايخان بىلەن قاۋۇلنى تاپالمىدۇق، دېگىنى يالغان. ھەر ئىككىلىسىنى ئېلىپ كېتىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى» دەپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى. كېيىنكى يىللاردا شۇنچە دېلولار ئېنىقلانغان بولسىمۇ، «ساز مەھەللە» دىكى بۇ غەيرىي ئىشنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان ئادەم چىقمىدى. راست - تە، مۇنداق دەۋاگەرى يوق ئىشلارنى كوچىلاپ يۈرۈشكە كىمنىڭ چولىسى! ؟ . . . يېقىندىن بېرى، ئىچى پۇشقان ئاياللار بۇ ۋەقەگە رىۋايەت تۈسى بېرىپ «قاۋۇل بىلەن ئايخان ھاياتكەن. ئۇلار ھەر كۈنى كەچلىكى سازدىكى كۆل بويىدا ئۇچرىشىپ، تاڭ يورۇشقا يېقىن غايىپ بولۇپ كېتىشىدىكەن» دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى. . .

( «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانىدىن)

www.uyghurkitap.com



# ئۈچ ھېكايە

دىنو بۇزات [ئىتالىيە]
مېھرىنىسا ئىسمايىل، سىدىق تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: دىنو بۇزات (Dino Buzati، 1906 ـ 1972) يالغۇز 20 ـ ئەسىر ئىتالىيە ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئەدەبىياتىدىمۇ خۇددى ئۆزى چوڭقۇر تەسىرگە ئۇچرىغان ئاللان پوئې، شوفمان، كافكا ۋە بورخېسقا ئوخشاش جاھان مىقياسىدا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بۈيۈك سەنئەت پېشۋالىرىنىڭ بىرى.

بۇزات بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كەچۈرمىشلىرىنىڭ مولللۇقى ھەمدە ئۆزگىچە ئىجادىيەت قارىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ 1928 ـ يىلى داشۆنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. «پوچتا كەچلىك گېزىتى» نىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن كۆپ يىل ئىتالىيە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلانغان. ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پىكىر يوللىرىنى ئاچقان.

بۇزات ئەسەرلىرىدە رېئال تەركىب بىلەن سېھرىي تەرگىب، ئەقىلغە مۇۋاپىق كېلىدىغان چىنلىق بىلەن بىمەنىلىك، سىرلىقلىق بىلەن ئاددىيلىق، ئولترا رېئالىزم بىلەن قارا يۇمۇر تەبىئىي رەۋىشتە بىرىككەن. ھالبۇكى، بۇنداق كۆپ خىل بىرىكىشتە ئاساسىي سالماقنى تۇتىدىغىنى يەنىلا سىمۋول بولۇپ، بۇ ھال ئەسەرنىڭ سىرلىق تۈسىنى قويۇقلاشتۇرغان. بۇزات بۇ ھەقتە توختىلىپ، سىرلىقلىقنى شېئىرغا تەۋە بىر خىل ئالاھىدىلىك، دەپ تەكىتلەيدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ ھېكايىلىرى شېئىرلاشتۇرۇلغان ئۆزگىچە ھېكايىلەر بولۇپ، ئەنئەنىۋى ھېكايىلەردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققىتىنى پېرسوناژلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى ۋە خىيالىي تۇيغۇلىرىنى ئېچىشقا كۆپرەك قارىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي سېھرىي كۈچمۇ دەل مۇشۇ خىل خاسلىق ۋە مۇستەقىل ئۇسلۇبتا.

بۇزات 40 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا «چوڭ رەسىم» (1960)، «كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشلار» (1972) غا ئوخشاش ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن رەسىملەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ ئىجادىيەت خاھىشىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇھىم ئۈچ ھېكايىسىنى كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## روژدېستۋو بايرىمى ھەققىدە ھېكايە

ئېپىسكوپلار مۇنارلىرى ئۈچلۈق، ئەگمە شەكىللىك، قاراڭغۇ، كونا بىر بىنادا تۇراتتى. بىنانىڭ سۇۋالغۇلىرى سويۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا قەھرىتان قىش كېچىسىدە تەن جازاسىغا ئۇچراشتەكلا ئازابلىق ئىدى. بىنا يېنىدىكى چېركاۋ ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئايلىنىپ بولغىلى بولمايتتى. نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى تاشلىنىپ قالغان باشقا كىچىك چېركاۋلار بىلەن مۇقەددەس بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلاش ئۆيلىرى بولسا چۆلدەرەپ، خارابىلىشىپ كەتكەنىدى.

كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا «روژدېستۋو ئاخشىمى پۈتكۈل شەھەر بايرام كەيپىياتىغا چۆمۈلىدۇ، بۇ ۋىجىك باش ئېپىسكوپ بولسا ئۆزى يېگانە ئولتۇرۇپ نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ يالغۇزلۇق ئازابىدىن قانداق غالىب كېلىدىغاندۇ؟ بايرام كۈنلىرىدە ھەممە كىشىنىڭ ئۆز لايىقىدا تەسەللىسى بولىدۇ: ئوغۇل بالىلارنىڭ كىچىك پويىزى بىلەن پىنوساۋسى،① قىز بالىلارنىڭ قونچىقى بولىدۇ، ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى

① ئىتالىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى كروتىنىڭ «ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى» ناملىق چۆچىكىدىكى باش قەھرىمان.

پەرۋاندەك ئايلىنىپ يۈرىشىدۇ؛ كېسەللەرنىڭ قەلبىنى ساقىيىش ئۈمىدى چۇلغايدۇ؛ قېرى بويتاقلارغا شاللاق بۇرادەرلىرى ھەمراھ بولىدۇ؛ تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرمۇ قوشنا كامېردىكى ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرالايدۇ. بىراق باش ئېپىسكوپقا كىم ھەمراھ بولىدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى خىيال قىلىشاتتى. باش ئېپىسكوپ ئالىيلىرىنىڭ كاتىپى دون ۋاروندېنو كىشىلەرنىڭ بۇ مۇنازىرىلىرىنى ئاڭلىغاندا دائىم كۈلۈپلا قوياتتى. روژدېستۋو ئاخشىمى باش ئېپىسكوپقا خۇدا ھەمراھ ئىدى. ئۇنىڭ سوغۇق، قۇپقۇرۇق چېركاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىگانە يۆكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. بىراق ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنسىڭىزلا ئۇنداق ئازابلانمايسىز! ئۇ يەككە - يىگانە ئەمەس، توڭۇپمۇ كەتمەيدۇ، قىلچىمۇ غېرىبسىنمايدۇ، روژدېستۋو ئاخشىمى پەرۋەردىگار چېركاۋغا مۇقەددەس، پاك، ئىللىق، روھىي نۇرىنى چاچىدۇ. قەسىر روھىي نۇر بىلەن تولۇپ تاشقاندا ئىشىكنىمۇ ھىم ئېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئوچاقلاردا ئوت يوق بولسىمۇ چېركاۋ ئىچى باھاردەك ئىللىپ كېتىدۇ. ئىلگىرىكى داڭلىق پوپلارنىڭ قەبرىسىدىكى يىلانلارمۇ قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يەر ئاستىدىكى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان تۆشۈكلەردىن ئۆمىلەپ چىقىپ، توۋا - ئىستىغپار سۇپىسىنىڭ سالاسۇنلىرىدىن بېشىنى چىقىرىدۇ.

خۇدانىڭ روھىي نۇرى بىلەن تولغان چېركاۋدا ۋاروندېنو بۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزلىكىنى بىلسىمۇ، بۇ يەردە قېلىپ ئېپىسكوپ ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىغا رازى ئىدى. بۇ يەردە نە روژدېستۋو دەرىخى، نە كۈركە توخۇ، نە گازلىق ھاراق يوق. مانا بۇ چېركاۋ ئىچىنىڭ روژدېستۋو كېچىسى. ئۇنىڭ پىكرى - خىيالى چېچىلىپ تۇرغان پەيتتە، ئىشىك تۇيۇقسىز چېكىلىپ قالدى. «چېركاۋنىڭ ئىشىكىنى قاققان كىمدۇ؟» دون ۋاروندېنو ئويلىنىپ قالدى: «روژدېستۋو ئاخشىمىمۇ ئىشىك قاققۇنى نېمىسى؟ ئۇلارنىڭ ئىبادىتى تېخىچە تۈگىمىگەنمىدۇ، قانداق ئىش ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزغاندۇ؟» ئۇ بىر تەرەپتىن ئويلانغاچ، بىر تەرەپتىن ئىشىكنى ئېچىشىغىلا سوغۇق شامالغا ئەگىشىپ، ۋەيرانە كىيىنگەن بىر بىچارە كىشى كىرىپ كەلدى.

— خۇدا ئاتا قىلغان نەرسىلەر نېمىدېگەن كۆپ!— ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەتراپتىكى پۈتكۈل نەرسىلەرگە سەپسالغاندىن كېيىن، ھاياجىنىنى باسالماي،— نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! سىرتتا تۇرۇپلا سەزگەنىدىم. پوپ ھەزرەتلىرى ماڭا ئازراق بەرسىڭىز بولمامدۇ؟ ئويلاپ بېقىڭە، بۇ روژدېستۋو كېچىسىغۇ،— دېدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى باش ئېپىسكوپ ھەزرەتلىرىگە مەنسۇپ،— پوپ جاۋاب بەردى،— ئۇ ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلىپ، بۇلارنى ئىشلىتىدۇ. باش ئېپىسكوپ ئالىيلىرى پەيغەمبەرلەردەك ياشايدۇ، سەن ئۇنى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا زورلىما. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ئېپىسكوپ ئەمەس.

— قەدىرلىكىم، ئازراق سەدىقە قىلىشقىمۇ بولمامدۇ؟ بۇ يەردە شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئازراق بەرسىڭىز ئېپىسكوپ ئالىيلىرىمۇ سېزەلمەيدۇ.

— ساڭا دېدىمغۇ، بولمايدۇ! كەتسەڭ بولىدۇ، چېركاۋ ھازىر سىرتقا ئېچىلمايدۇ...— ئۇ ھېلىقى بىچارە كىشىگە بەش يۈز لىرا بېرىپ كەتكۈزىۋەتتى.

بىچارە كىشى دەلدەڭشىگىنىچە چېركاۋدىن چىقىپ كېتىۋىدى، خۇدانىڭ روھىي نۇرىمۇ يوقالدى. دون ۋاروندېنو داڭقاتقىنىچە ئەتراپقا قارىدى. قاراڭغۇلۇقتا ئازراقمۇ روھىي نۇر كۆرۈنمەيتتى. ئادەتتە شۇنچە مۇقەددەس ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان قاتار - قاتار تۈۋرۈكلەر، مەبۇدلار، مەپە كۆنلىكى، نەزىر - چىراغ سۇپىسى، تاۋۇت سۇپىسى، شامدان ۋە مەبۇد ئۈستىدىكى لىباسلاردىن شەكىللەنگەن بەھەيۋەت مەنزىرە ئەمدىلىكتە شۇنچە سۈرۈنلۈك ۋە بەختسىزلىككە چۆمگەنىدى. ئىككى سائەتتىن كېيىنلا باش ئېپىسكوپ كېلەتتى!

دون ۋاروندېنو ئىنتايىن جىددىيلىشىپ، سىرتقا تۇتىشىدىغان ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى ئاستا ئېچىپ، مەيدانغا قارىدى. سىرتتا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى. گەرچە روژدېستۋو ئاخشىمى بولسىمۇ، خۇدادىن شەپە يوق ئىدى. چىراغلار بىلەن يورۇپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن خۇشال كۈلكە سادالىرى، رومكىلارنىڭ سۇنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاۋازى، نەغمە ـ ناۋا، ھەتتا خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان ھاقارەتلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لېكىن قوڭغۇراق ۋە ناخشا ئاۋازىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

ئەسەبىيلەرچە شادلىق ۋە قەدەھلەر جاراڭلاپ سوقۇشتۇرۇلغان ئاۋازلارنىڭ سىمفونىيىسى ئىچىدە دون ۋاروندېنو چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى پانىي ئالەمنىڭ يوللىرىدا مېڭىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ نەگە بېرىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ئۇ بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۆيدىكىلەر كەچلىك تاماق يەۋاتاتتى. ئۇلار مۇلايىملىق بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى. خۇدانىڭ روھىي نۇرى ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ـ روژدېستۋو بايرىمىڭىز قۇتلۇق بولغاي! ھۆرمەتلىك پوپ، بىرەر نەرسە يېگۈڭىز بارمۇ؟

ـ جىددىي ئىشىم بار، دوستلار،ـ ئۇ جاۋاب بەردى،ـ مېنىڭ سەۋەنلىكىم تۈپەيلىدىن خۇدا چېركاۋدىن چىقىپ كەتتى. باش ئېپىسكوپ بىرئازدىن كېيىنلا ئىبادەت قىلغىلى ئۇ يەرگە بارىدۇ، ئۇنى ماڭا بەرسەڭلار بولامدۇ؟ ھەممەڭلار بىر يەرگە جەم بولۇپسىلەر، ئادەممۇ كۆپكەن، ئۇنىڭ ھەمراھ بولۇشى بىھاجەت ئىكەن.

ـ قەدىرلىك دون ۋاروندېنو، ئۇنتۇپ قالمىغانسىز، بۈگۈن دېگەن روژدېستۋو بايرىمى، مۇشۇنداق كۈندە بالىلىرىم خۇداسىز قالسا بولامدۇ؟ سۆزلىرىڭىز مېنى ھەيران قالدۇرىۋاتىدۇ.

خوجايىن شۇلارنى دەۋاتقاندا مۇقەددەس نۇر ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان كۆپچىلىكنىڭ چىرايىدىكى شادلىق تەبەسسۇممۇ يوقىلىپ، ئېغىزلىرىدىكى توخۇ كاۋپى خۇددى شېغىلدەك تۈيۈلۈشقا باشلىدى.

پوپ يەنە چەكسىز قاراڭغۇلۇققا كىرىپ، ئادەمزاتسىز كوچىنى بويلاپ مېڭىۋەردى. دون ۋاروندېنو ئاخىرى خۇدانى يەنە كۆردى. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەڭ سالا ئېتىزلار قاراڭغۇلۇق قوينىدا ۋىلىلداپ نۇر چېچىۋاتاتتى. خۇدانىڭ مۇقەددەس نۇرى چىملىق ۋە قاتار كەتكەن ئۈجمە دەرەخلىرى ئۈستىدە خۇددى ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس ۋىلىلداۋاتاتتى. دون ۋاروندېنو دەرھال ئىخلاسمەنلىك بىلەن تىزلاندى.

ـ ھۆرمەتلىك پوپ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ـ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دېھقان سورىدى،ـ قەھرىتان سوغۇقتا توڭلاپ كېسەل بولماقچىمۇسىز؟

ـ بالام قارىغىنە، كۆرمەيۋاتامسەن؟

دېھقان ئىرەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قارىغاندىن كېيىن دېدى:

ـ بۇ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ئۇ ھەر يىلى روژدېستۋو بايرىمىدا كېلىپ ئېتىز ـ ئېرىقلىرىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

ـ سۆزۈمنى ئاڭلا،ـ پوپ يالۋۇردى،ـ مۇقەددەس نۇردىن ئازراق بېرەلەمسەن؟ شەھەردە ئازراقمۇ تاپقىلى بولمىدى، ھەتتا چېركاۋمۇ قۇرۇقدىلىنىپ قالدى. ئازراق بەرگىنچۇ! ھېچبولمىغاندا باش ئېپىسكوپ بولسىمۇ بايرامنى بايرامدەك ئۆتكۈزۈۋالسۇن.

ـ تولا خام خىيال قىلماڭ، ھۆرمەتلىك پوپ جانابلىرى! سىلەر شەھەرلىكلەرنىڭ قانداق رەسۋاچىلىقلارنى قىلغىنىڭلارنى كىم بىلىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ سەۋەنلىكىڭلار، ئۆز گۇناھىڭلارنى ئۆزۈڭلار يۈيۈڭلار ئەمدى!

ـ بىرەرسىنىڭ خاتالاشقىنى ئېنىق، كىممۇ ئازمايدۇ دەيسەن؟ بالام، سەن نۇرغۇنلىغان روھلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋالالايسەن.

ـ ئۆزۈمنى قۇتقۇلدۇرساملا بولدى،ـ دېھقان سوغۇققىنە كۈلۈپ قويدى. شۇ پەيتتە مۇقەددەس نۇر ئېتىزلىقتىن كۆتۈرۈلۈپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىپ بولدى.

پوپ مۇقەددەس روھنى ئىزدىگەچ، مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. خۇدانىڭ مۇقەددەس نۇرىنى تاپماق بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مۇقەددەس نۇر بەزىلەردە ئازراقتىن بولسىمۇ بار تۇرۇقلۇق، بېخىللىق قىلىپ باشقىلارغا بەرمەيتتى (ھەر قېتىم شۇنداق بولغاندا مۇقەددەس نۇرمۇ يىراقلارغا غايىپ بولاتتى)، شۇنداق قىلىپ دون ۋاروندېنو بىپايان بىر قاقاسلىقنىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ باردى، يىراقتىكى ئۆيۈق سىزىقىدا روھىل قۇددۇس خۇددى رەڭگارەڭ بۇلۇتتەك پارلاۋاتاتتى. پوپ يەردە يۈكۈنۈپ:

ـ توختاپ تۇرغىن ئىگەم،ـ دەپ يالۋۇردى،ـ مېنىڭ سەۋەنلىكىم تۈپەيلىدىن باش ئېپىسكوپ

يەككە - يېگانە هالدا قالدى، بۈگۈن دېگەن روژدېستۋو بايرىمى تۇرسا!

ئۇنىڭ پۇتلىرى توڭلاپ قېتىپ قالغان بولسىمۇ تۇماننى بۆسۈپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ تىزىنىمۇ كۆرەلمەيتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ قاتتىق يىقىلىپ چۈشەتتى. ئۇ يەنە قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەر؟

ئۇ توساتتىن يىراقلاردا ياڭراۋاتقان تەسىرلىك مۇناجات ئوقۇغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. بۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ چاغدا يورۇق بىر نۇر قويۇق تۇماننى يىرىپ ئۆتتى. ئۇ بىر ياغاچ ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتى. بۇ، ھەيۋەتلىك چوڭ بىر چېركاۋ بولۇپ، خىرستوس ھەيكىلى ئالدىدىكى شام يورۇقىدا بىر پوپ ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. چېركاۋ بېھىشتەك تۇس ئالغانىدى.

- قېرىندىشىم!- دون ۋاروندېنو ئەڭ ئاخىرقى كۈچى بىلەن ئىڭرىدى، ئۈستىبېشىدا مۇنچاق - مۇنچاق مۇز نوكچىلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى،- مېھىر - شەپقەت قىلىڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! مېنىڭ سەۋەنلىكىم تۈپەيلىدىن باش ئېپىسكوپ چېركاۋدا يالغۇز قالدى. ئۇ خۇداغا موھتاج، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي!

ئىبادەت قىلىۋاتقان كىشى ئاستا ئۆرۈلۈۋىدى، دون ۋاروندېنو ئۇنى شۇ ھامان تونۇۋالدى ھەم ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتتى.

- روژدېستۋو بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! دون ۋاروندېنو!- باش ئېپىسكوپنىڭ پۈتۈن بەدىنى پاك، مۇقەددەس نۇرغا چۆمۈلگەنىدى. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن دون ۋاروندېنونىڭ ۋەيرانە ھالىغا نەزەر سېلىپ دېدى،- گەپ ئاڭلىمايدىغان بالام، نەگە كەتتىڭ؟ ئېيتقىنا، بۇ قەھرىتان سوغۇق كېچىدە سىرتقا چىقىپ نېمىلەرنى ئىزدەپ يۈردۈڭ؟

# ئېينشتېيننىڭ ۋەدىسى

بۈلتۈر ئۆكتەبىرنىڭ بىر ئاخشىمى، ئالبېرت ئېينشتېيىن بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پۈلىنسدوندىكى دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. بۇ كۈنى ئۇ ئۆزى يالغۇز ئاجايىپ بىر ئىشقا يولۇقتى. نېمە سەۋەبتىندۇر، ئۇنىڭ پىكرى تۇيۇقسىز باغلاقتىن بوشانغان ياۋا ئىتتەك، بىردىنلا ئەركىن ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇ كىشىلىك دۇنيانىڭ سىرىنى ئېچىشقا پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. ئەمدىلىكتە ئۇ كائىناتنىڭ تۈزۈلۈشىنى شۇنداقلا پۈتۈن بوشلۇق ۋە ۋاقىتنى بىردىنلا تونۇپ يەتتى. خۇددى مۇشۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەندەك، دۇنيانىڭ سىرىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئادەتتە كىشىلەر توختىماستىن مۇنداق دېيىشىدۇ: ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى، چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى كالىلىمىزغىلا تايانساق ھەرقانداق قىلىپمۇ بىلەلمەيمىز، چۈنكى چەكسىز ۋە سىرلىق تۆتىنچى ماكانمۇ بار. تۆتىنچى ماكان ئېگىز ھەم قېلىن تاملار بىلەن قورشالغاچقا، ئۇ يەرگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەم كاللىسى تەپەككۇردىن قانات ياساپ، ھەرقانچە ئېگىز پەرۋاز قىلغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ چوققىسىغا يېتەلمەيدۇ. پىفاگوراس، ئەپلاتون، دانتىلار ھايات بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسانىيەتتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە مول مەزمۇنلۇق بولغان ھەقىقەت ۋە رېئاللىقنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن بولاتتى.

ئەمما يەنە بەزىلەر ئادەم پەقەت تۇغما ئەقىللىق بولسىلا ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تەتقىق قىلسىلا ئالەمنىڭ سىرىنى يېشەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. دۇنيا پاراكەندىچىلىك ۋە ئەنسىزلىك بىلەن تولۇۋاتقان، پويىز ۋە ئېگىز تۇرخۇنلاردىن قارا ئىسلار كۆتۈرۈلۈۋاتقان، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىشىلەر جەڭدە جېنىدىن ئايرىلىۋاتقان، ئاشىق - مەشۇقلار چوڭ شەھەرلەردىكى گۈزەل باغچىلاردا كەچكى شەپەق ئاستىدا سۆيۈشىۋاتقان پەيتلەردە بەزى تەنھالىقتا خۇشتار ئالىملار، پاراسەتلىك تەتقىقاتچىلار ھېچ بولمىغاندا مول رىۋايەت تۈسىنى ئالغان كاللىسىنى بوشاشماستىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئالەم سىرىنى بايقاش ئارقىلىق ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يارىلىشىنى ئېنىقلاش شەرىپىگە ئېرىشتى. خۇددى ئەمدىلا قۇتۇلغان ھاڭغا قايتا چۈشۈپ كېتىشتەك ئۇ شۇنداق بىر دەقىقە ئىچىدىكى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئارىلىقتىكى ئىش بولسىمۇ ئۇلار بۇنىڭغا رازى ئىدى.

بىراق، بۇنداق ئەھۋاللار دائىم جىمجىتلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىپ كېلەتتى. شاد - خورامىلىققا تولغان سەنئەت نومۇرلىرى، ھەربىي ئوركېستىر، بايىقى ئۈزۈلمەيدىغان زىيارەت ۋە تارتۇق قىلىنىدىغان مۇكاپاتلاردىن شەپە بولمايتتى. چۈنكى بۇ مۇتلەق شەخسكىلا تەۋە نەتىجە ئىدى. نەتىجىگە نائىل بولغۇچى: «مەن ئالەم بوشلۇقىنى ئىنىق كۆرەلىدىم، لېكىن ھېچقانداق ماتېرىيال، سۈرەت ۋە بۇ ھەقتىكى ئىسپاتلىغۇدەك باشقا نەرسىلىرىم يوق» دېيەلەيدۇ.

بۇنداق پەيتلەر يېتىپ كەلگەندە، ئادەمنىڭ ئىدىيىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن زەررىچە بوشلۇقنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئەسلىدە بىزنىڭ كىرىشىمىز چەكلەنگەن ئالەمگە تېشىپ كىرەلەيدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتتىن سىرتقى دۇنيادا تۇغۇلغان ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسىمۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئوخشاشلا ھاياتلىققا ئىگە. ئۇ بىزنىڭ غەم - قايغۇلىرىمىزنى تېزدىن ئېرىتىۋېتەلەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ يەردىن كىشىلىك ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ.

گۈزەل ئۆكتەبىرنىڭ بىر ئاخشىمى پروفېسسور ئالبېرت ئېيىنشتېيىن بۇ ھەقىقەتنى تۇيۇپ يەتتى. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ ئاسمان خۇددى سۈزۈك كىرىستالدەك چاراقلاپ تۇراتتى. چىراغلارنىڭ سەلتەنىتىگە تولغان يەر شارى بىلەن بەشلەسكەندەك ۋېنېرا نۇر چېچىپ تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈرىكى - بۇ بىر پارچە ئاجايىپ گۆش - خۇدانىڭ چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن تولغانىدى! ئۇ گەرچە بىر تالانت ئىگىسى بولسىمۇ شان - شەرەپتىن مەست بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايتتى. ئۇ خۇددى بىر كەمبەغەل ئۆز يانچۇقىنىڭ ئالتۇن بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆرگەندەك، ئۆزىنى بۇ پانىي ئالەمدىن ھالقىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدىن چەكسىز بىر ئالىيجاناب ھاياجان ئۇرغۇپ چىقىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مەھكەم ئەسىر قىلىۋالدى. ئەپسۇس، شۇ چاغدا ئۇنى قەستەن جازالىماقچى بولغاندەك بۇ سىرلىق مەنزىرە تۇيۇقسىز غايىب بولدى. ئېيىنشتېيىن ئۆزىنىڭ ناتونۇش بىر جايدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىككى تەرىپى ياپيېشىل چىتلاق بىلەن قاشالانغان يولدا قىلچە مەقسەتسىز كېتىۋاتاتتى. بۇ نەس باسقان جايدا ئېسىل داچا ئۆياقتا تۇرسۇن، كونا كەپىمۇ يوق، پەقەت بىر ماي قاچىلاش مۇنارىلا بار ئىدى. ماي قاچىلاش مۇنارىنىڭ رەڭگى سېرىق بىلەن قارا ئارىلىقىدا بولۇپ، مۇنار ئۈچىغا پارقىراق ئەينەك كۆرسەتكۈچ ئورنىتىلغانىدى. يان تەرەپكە بىر ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇلغان، ئورۇندۇقتا بىر نېگىر خېرىدار كۈتۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈچىسىغا خىزمەت كىيىمى، بېشىغا كالتەك توپ تەنھەرىكەت شەپكىسى كىيىۋالغانىدى.

ئېيىنشتېيىن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئېيىنشتېيىن تەرەپكە قاراپ كەلدى.

- ئەپەندى، - ئۇ شۇنداق دېگەچ ئېيىنشتېيىننىڭ يېنىدا تۇردى. ئۇ ئېگىز، قاۋۇل بولۇپ، ئانچە كۆرۈمسىز ئەمەس، يۈزى ئافرىقىلىقلارنىڭكىدەك چوڭ ئىدى. كۈلگەندە چېقىپ تۇرىدىغان ئاپئاق چىشلىرى قاراڭغۇدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

- ئەپەندى، - دېدى نېگىر، - سىزدە ئوت بارمۇ؟ - ئۇ كەينىدىنلا قولىدىكى يېرىم تاماكىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى.

- مەن تاماكا چەكمەيمەن، - ئېيىنشتېيىن ھەيرانلىق ئىچىدە قەدىمىنى توختىتىپ، ئاددىيلا جاۋاب بەردى.

- ئۇنداقتا، ماڭا ئازراق ئىچكۈدەك نەرسە بەرەمسىز؟ - ئۇ ئېگىز ھەم ياش بولسىمۇ ياۋايىراق كۆرۈنەتتى.

ئېيىنشتېيىن يانچۇقىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ھېچنېمە تاپالمىدى.

- مەن. . . ئويلاپمۇ باقماپتىمەن، يانچۇقۇمدا ئازراقمۇ پۇل يوق ئىكەن، يېنىمغا پۇل سالىدىغان ئادىتىم يوق. . . ھەقىقەتەن خىجىلمەن، - ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا مىڭىشقا تەمشەلدى.

- مەن يەنىلا سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، - دېدى نېگىر يەنە، - بىراق. . . سىز. . . تۇرۇپ تۇرسىڭىز. . .

- يەنە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ - ئېيىنشتېيىن سورىدى.

- مەن دەل سىزگە موھتاج. مەن سىزنى ئاتايىتەن ساقلاپ تۇرغانىدىم.

- ماڭا موھتاج؟ نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ . . .

- بىر سىر بار ئىدى، مەن شۇڭا سىزگە موھتاج، بىراق قۇلىقىڭىزغىلا دەيمەن،- ئۇنىڭ چىشلىرى قاراڭغۇدا تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ پروفېسسورنىڭ قۇلىقىغا دېدى،- مەن شەيتان، ئۆلۈم ئىلاھىنىڭ ئەلچىسى، روھىڭنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىم.

ئېينىشتېيىن ئىختىيارسىز ئارقىغا بىر قەدەم داجىدى:

- مېنىڭچە. . .- ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ قاتتىقراق چىقىپ كەتتى،- ھېس قىلىشىمچە كۆپرەك ئىچىپ قويۇپسىز.

- مەن ھەقىقەتەن ئۆلۈم ئىلاھىنىڭ ئەلچىسى،- نېگىر يەنە تەكرارلىدى،- ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يول بويىغا بېرىپ، دەرەختىن بىر تال شاخنى سۇندۇرىۋالدى، بىردەمنىڭ ئىچىدە يوپۇرماقنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى. شاخنى ئېگىۋىدى، كۇلرەڭگە كىردى. نېگىر دەرەخكە قاراپ پۈۋلىۋىدى، پۈتۈن يوپۇرماقلار، شاخلار ۋە دەرەخ غولى كۈلگە ئايلىنىپ شامالدا توزۇپ كەتتى.

ئېينىشتېيىننىڭ بېشى ئىختىيارسىز چۈشۈپ كەتتى ۋە چۆچۈگىنىچە مۇنداق دېدى:

- ئاھ خۇدا، ھازىرلىما. . . ؟ مۇشۇ يەردە، بۈگۈن ئاخشاملا. . . مۇشۇ كوچىدىلىما؟

- بۇ، دەل مەن ئۈستۈمگە ئالغان ۋەزىپە.

ئېينىشتېيىن ئەتراپقا تەلمۈردى، لېكىن بىرەرمۇ جانلىق كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يول، يول چىرىغى ھەم يىراق دوقمۇشتىكى قاتناش بەلگىسى چىرىغى بىلەن ئاپتوموبىللار چىرىغىلا كۆرۈنەتتى. ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، ئوچۇق ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، دەل شۇ پەيتتە ۋېنېرا ساقىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى.

- سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىر ئاي كەڭچىلىك قىلىڭ، تازا ۋاقتىدا كەلمەپسىز. ھازىر مەن بىر تۈرلۈك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. شۇڭا بىر ئاي مۆھلەت بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن،- دېدى ئېينىشتېيىن.

- سەن بايقىماقچى بولغان نەرسىنىڭ نەتىجىسىنى،- دېدى نېگىر،- ئۇ يەردە تېزلا بىلىپ قالىسەن، مەن بىلەن ماڭغىن.

- بۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدۇ. كۈچ سەرپ قىلمايلا بىلگەن نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. مەن ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقات ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇز يىل كۈرەش قىلدىم. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئازلا قالدىم.

- بىرئاي، بۇنى ئۆزۈڭ دېدىڭ، توغرىمۇ؟. . . بىراق بىر ئايدىن كېيىن، يەنە ئامال قىلىپ ئۆزۈڭنى چەتكە ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولما، ئەڭ چوڭقۇر ئۆڭكۈرگە مۆكۈۋالساڭمۇ، شۇ ھامان تېپىۋالالايمەن،- دېدى نېگىر سوغۇققىنە كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئېينىشتېيىن يەنە بىرنەرسە سورىماقچى بولدى، لېكىن ھېلىقى كىشى ئاللىقاچان غايىپ بولغانىدى.

بىر ئاي سۆيگۈ - مۇھەببەتنى كۈتۈۋاتقان ئادەم ئۈچۈن بەكلا ئۇزۇن تۇيۇلۇشى مۇمكىن، بىراق ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقان ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. كەچتە ئېينىشتېيىن كېلىشىپ قويغان جايغا كەلدى. بۇ يەردە يەنىلا ماي قاچىلاش مۇنارى، ئۇزۇن بىر ئورۇندۇق بار بولۇپ، ئورۇندۇقتا ھېلىقى نېگىر ئولتۇراتتى. ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. نېگىر خىزمەت كىيىمى ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن ھەربىي كىيىم قاپلىۋالغانىدى.

- مەن كەلدىم،- ئېينىشتېيىن بىر قولى بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ مۈرىسىنى نوقۇپ تۇرۇپ دېدى.

- ھېلىقى خىزمىتىڭچۇ؟ تۈگىدىمۇ؟

- ياق تېخى،- ئالىم ئازابلانغان ھالدا جاۋاب بەردى،- ماڭا يەنە بىر ئاي مۆھلەت بەرسەڭ، قەسەم قىلىپ بېرەي، بۇ قېتىم چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولىمەن. ماڭا ئىشەنگىن، كېچە - كۈندۈز ئىشلىسەممۇ تۈگىتەلمىدىم، لېكىن ھېچقانچە قالمىدى.

نېگىر ئۆرۈلۈپمۇ قويمىدى، پەقەت مۈرىسىنى قىسىپ تۇرۇپ:

- سىلەر ئادەملەرچۇ، ھەممىڭلار ئوخشاش، سىلەر ئەزەلدىن رازى بولۇپ باقمىغان. سەن ۋاقىتنى ئۇزارتماقچى، كېيىن تېخى يەنە قانداق يېڭى باھانىلەرنى تېپىپ چىقارسەنكىنتاڭ. . .

www.uyghurkitap.com

- مەن ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ تەتقىقات ھەقىقەتەن بەك قىيىن، ئەزەلدىن ھېچكىشى قىلىپ باقمىغان...

- ئوھۇ، مەن بىلدىم،- ئۆلۈم ئىلاھىنىڭ ئەلچىسى شۇنداق دېدى،- سەن ئالەم سىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدەۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

قىش كىرىپسى. ھەممە يەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئەتراپ مۇزدەك تۇمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇنداق چاغلاردا ئەڭ ياخشىسى ئۆيدە ئولتۇرغان تۈزۈك ئىدى.

- بولامدۇ؟- سورىدى ئېينىشتېيىن.

- بولىدۇ... بىراق بىر ئاي ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

تۆت ھەپتىمۇ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. دېكابىرنىڭ بىر ئاخشىمى سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك ئىزغىرىن شامال چىقىۋاتاتتى. خازان بولغان يوپۇرماقلار يولدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. پروفېسسور-نىڭ بىسىك قالپىقى سىرتىدىكى كۆلرەڭ چاچلىرىمۇ سوغۇق شامالدا يەلپۈنەتتى. ماي قاچىلاش مۇنارى ئۇ يەردە يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يان تەرەپتە ئۇزۇن ئورۇندۇق، ئورۇندۇقتا نېگىز ئۇخلاپ قالغاندەك ياتاتتى. بېشىغا تاغقا ياماشقۇچىلار شەپكىسى كىيىۋالغانىدى.

ئېينىشتېيىن ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىنى تارتىپقىنا تۇتۇپ تۇرۇپ:

- مەن كەلدىم،- دېدى.

نېگىز ئۇچىسىدىكى پەلتۇسىنى ھىم يۆگىدى ۋە توڭغىنىدىن چىشلىرىنى كاسىلداتقىنىچە دېدى:

- سەنمىدىڭ!

- توغرا، مەن.

- تۇگەتتىڭمۇ؟

- ھەئە، خۇداغا شۈكرى، ئاخىرى تۈگەتتىم.

- بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى تۈگەتتىڭ؟ تاپماقچى بولغان نەرسەڭنى بايقىدىڭمۇ؟ ئالەمنىڭ سىرىنى يېشەلىدىڭمۇ؟

ئېينىشتېيىن يېنىككىنە ئىككىنى يۆتىلىپ قويدى.

- شۇنداق،- پروفېسسور ئەلەملىك كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى،- مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇگۈنكى ئالەم ئىنتايىن رەتلىك، تەرتىپلىك ئىكەن.

- ئۇنداقتا مەن بىلەن ماڭغىن، يولغا چىقىشقا تەييارلىقىڭ باردۇ؟

- ئەلۋەتتە، مەن ۋەدەمدە تۇرىمەن.

نېگىز تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئافرىقىلىقلاردەك خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئوڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقى بىلەن ئېينىشتېيىننى نوقۇپ قويۇۋىدى، ئېينىشتېيىن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويغىلى قىل قالدى.

- ماڭە، ماڭ قېرى... ئۆيۈڭگە كەتكىن، جېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىساڭ تېز قاچمامسەن... مەن ئۇچۇن ئەمدى ھېچقانچە قىممىتىڭ قالمىدى.

- مېنى كەچۈرۈۋەتتىڭمۇ...؟ ئۇنداقتا نېمىشقا مېنى قىيىندىڭ؟

- تەتقىقاتىڭنى تېزرەك تۈگەتسۇن دەپ شۇنداق قىلغان. باشقا مەقسىتىم يوق. ئەمدى مەقسىتىمگە يەتتىم،... سېنى قورقۇتمىسام بولسام، قاچانغىچە سۆرەيدىغانلىقىڭنى خۇدا بىلىدۇ.

- مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ سەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

- ماڭا نىسبەتەن قىلچە قىممىتى يوق... بۇ ئاشۇ كاتتىۋاشلارنىڭ، دوزاختىكى ئىلاھلارنىڭ كۆرسەتمىسى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە سېنىڭ ئىلگىرى بايقىغانلىرىڭ ئۇلارغا ئىنتايىن كېرەكلىك ئىكەن... سەندە ئازراقمۇ سەۋەنلىك يوق. ئىش مانا مۇشۇنداق. خۇشال بولامسەن، بولمامسەن؟ قەدىرلىك پروفېسسور، سېنىڭ تەتقىقاتىڭ دوزاختىكىلەرگە لازىم ئىكەن... دوزاختىكىلەر بۇ يېڭى نەتىجىلەرنى ئىشلەتمەكچى.

- نېمىدېگەن كۈلكىلىك!- ئېينىشتېيىن غەزەپلەنگەن ھالدا دېدى،- دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانە ئىش بولامدۇ؟ مېنىڭ ئۇ كەشپىياتلىرىم ھەممىسى ئەرزىمەس كىچىك فورمۇلا، ئاكسىوما دېگەندەك ئابستىراكىت نەرسىلەر. كىشىلەرگە ئازراقمۇ زىيان كەلتۈرمەيدىغان، ھېچقانداق مەنىسى يوق تۇرسا...

- ياخشىغۇ!- شەيتان ۋارقىرىدى، ئاندىن بارمىقى بىلەن پروفېسسورنىڭ قورسىقىغا بىرنى نوقۇپ دېدى،- ياخشىغۇ، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ مېنى ئەۋەتكىنى ئەھمىيەتسىز بىر ئىشكەن - دە؟ سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئېيتقاندا ئۇلار خاتالىشىپتۇ - دە؟... ياق، ياق، سېنىڭ تەتقىقاتىڭ ئىنتايىن ياخشى بولدى. دوزاختىكى

كاتتىۋاشلىرىم چوقۇم رازى بولىدۇ... ھە، چۈشەندىڭمۇ؟
— نېمىسىنى چۈشىنىمەن؟
لېكىن ھېلىقى كىشى تۇيۇقسىز غايىپ بولغانىدى. ماي قاچىلاش مۇنارى ۋە ھېلىقى ئۇزۇن ئورۇندۇقمۇ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانىدى. پەقەت تۈن پەردىسى بىلەن ئىزغىرىن شاماللا قالغانىدى. يىراقتا - نيۇ - جېرس شتاتىدا پىكاپلار قايناپ كەتكەن بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك سىگنال بېرىشەتتى.

# بىر تامچە سۇ

سىز بىر تامچە سۇنىڭ پەلەمپەينى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ مەن كاربۇاتتا يېتىپ كۆز ئالدىمدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ سىرلىق تىۋىشىنى ئاڭلىماقتىمەن. ئۇنىڭ تىك - تىك قىلىپ تامچىلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرماقتا. تۇيۇقسىز سۇ تامچىسى توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تۈن يېرىمىدىن كېيىن يەنە ئاۋاز چىقىرىپ قىلىشىنى خالىمايتتىم. ئەمما ئىش ئويلىغىنىمدەك بولماي قالدى. بۇ سۇ تامچىسى پەلەمپەيمۇ پەلەمپەي، بالداقمۇ بالداق يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەۋەردى. ئۇ باشقا سۇ تامچىلىرىنىڭ تامچىلىشىغا تامامەن ئوخشىمايتتى. باشقا سۇ تامچىلىرىنىڭ ھەممىسى يەر شارى تارتىش كۈچىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تىك ھالدا پەسكە قاراپ چۈشەتتى. ئۇلارنىڭ تاراسلىغان ئاۋازى دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا ئوخشاش ئىدى.

بۇنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغۇچى بىزگە ئوخشاش مەدەنىيەتلىك، سېزىمچان كۆچلۈك، سەزگۈر ئوتتۇرا ياشلىقلار بولماستىن، بەلكى 2 - قەۋەتتە تۇرۇۋاتقان بىچارە ھەم ئۈنسىز بىر كىچىك دېدەك قىز ئىدى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئۇ قىز بۇ خىل ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۆزىنى بەكلا تۇتالماي قالدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ خوجايىنىنى ئويغاتتى.

— خانىم،— ئۇ قورققان ھالدا پەس ئاۋازدا چاقىردى،— خانىم!

— نېمە ئىش بولدى؟— خوجايىن ۋارقىراشتىن ئويغىنىپ كېتىپ سورىدى،— نېمە ئىش يۈز بەردى؟

— بىر تامچە سۇ، خانىم، پەلەمپەينى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ.

— نېمە؟— ئايال خوجايىن ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— بىر تامچە سۇ پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا قاراپ ئېقىۋاتىدۇ.

— يوقال! ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ تېز چىقىپ ئۇخلا! سەن چوقۇم مەست بولۇپ قالدىڭ. ئەتىگەندىلا ھاراق بوتۇلكىسىنى قۇرۇتۇپ قويۇپسەن، نومۇسسىز پاسكىنا، ئەگەر سەن...— دېدى ئايال خوجايىن ئۇنى ئەيىبلەپ.

لېكىن ئۇ قىز بالا ئاللىبۇرۇن ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ يوتقىنىغا كىرىپ بېشىنى پۈركىۋالغانىدى.

— بۇ ھاماقەتنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى كىم بىلسۇن؟— ئايال خوجايىنىنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ كاربۇاتتا يېتىپ خىيالغا چۆمدى. ئۇ بۇ جىمجىت كېچىدە بىر خىل غەيرىي ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. بىر تامچە سۇ كۈچىنىڭ بېرىچە پەلەمپەينى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىمەكتە ئىدى.

ئايال خوجايىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى ئېنىقلاپ باقماقچى بولدى. لېكىن پەلەمپەي رىشاتكىلىرىغا ئورنىتىلغان چىراغلارنىڭ ئاجىز نۇرىغا تايىنىپ نېمىنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولسۇن؟ سوغۇق شامال جاندىن ئۆتۈۋاتقان بۇ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىدە ئاشۇ زەررىچىلىك سۇ تامچىسىنى قاراڭغۇ پەلەمپەيدىن قانداقمۇ تاپقىلى بولسۇن؟

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە بۇ غەلىتە ئىش ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە، ئۇ قۇلاقتىن بۇ قۇلاققا ئاڭلىنىپ ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى ھەم كۈلكىلىك، ھەم قاملاشمىغان بىر ئىش دەپ ھېسابلىشاتتى. ھەر كۈنى تۈن پەردىسى يېيىلغاندا كىشىلەر ئېغىر بىر بېسىمنى ھېس قىلىشاتتى. نۇرغۇنلىغان قۇلاقلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە جىددىيلەشكەن ھالدا دىڭ بولاتتى. كىشىلەرنىڭ دىلىنى قالايمىقان خىيال ۋە پەرەزلەر ئىگىلەۋالاتتى.

بىرنەچچە كېچىدىن بۇيان سۇ تامچىسى ئاۋاز چىقارمايدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن تولا كېچىلەردە ئۇ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، توختىماي تامچىلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئاجىز تىۋىشى مەلۇم ئىشىك بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقاندا شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتەتتى. مانا ھەر ھالدا ئۇ قەدەمنى توختاتماي يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇ

uyghurkitap.com

تىك - تىك قىلىپ تېخىمۇ يۇقىرى قەۋەتكە قاراپ داۋاملىق ئۆرلىمەكتە ئىدى.

مەن شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، بىر قەۋەتلىك بىنا بىلەن ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىنادا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر ئەمدى ھېچ ئىش بولمايدۇ دەپ ئۆزىگە ئىشەنسە كېرەك. ئۇلار سۇ تامچىسى ئىشىكىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئاۋارىچىلىق بىزگە يوق، خاتىرجەمسىزلىك باشقىلارغا، مەسىلەن: ئالتىنچى قەۋەتتە تۇرۇۋاتقانلارغا كېلىدىغان بولدى، دەپ ئىشىنىپ قېلىشتى. ئەمما كىممۇ بۇ سۇ تامچىسىنىڭ بۈگۈن ياكى ئەتە يېتىپ بارغان جايىدىن يەنە داۋاملىق قەدەم ئېلىپ، كىشىلەر تىلغا ئالمايدىغان قاراڭغۇ، زەي، ئەخلەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بىرىنچى قەۋەتتىن قايتا تامچىلاپ مېڭىشىنى باشلىمايدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلىسۇن؟ ياق، بۇنى ھېچكىم مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيدۇ.

سەھەردە كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ پەلەمپەيدە بىرەر ئىز بارمىكىن دەپ ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتەتتى. لېكىن ئۇلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتى. ھېچقانداق بىر ئىز ئۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەندە كىممۇ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ دەيسىز؟ تېخى بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى قورققانلىقىدىن جان - ئىمانى چىقىپ كېتەي دېگەن كىشىلەر قۇياشنىڭ ئاستا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، جاسارىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ خۇددى شىرغا ئوخشاش ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى.

مۇشۇ بىنانىڭ يۇقىرى قەۋىتىدە ئولتۇرغانلار دەسلەپتە ئەمدى ئاۋارىچىلىقتىن خالى بولىدىغان بولدۇق دەپ يۈرگەنىدى. ئەمما بىز ئۇنىڭ تىۋىشىنى نەچچە ئاخشامدىن بېرى يەنە ئاڭلاپ قالدۇق. ئۇ بىزدىن يىراق بولغاچقا ئاۋازى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بىر قەۋەت تام توساقتىن ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئاجىز ئىدى، ۋەھالەنكى، ئۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۈستىگە قاراپ مېڭىۋاتقان بولۇپ، بىزگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتماقتا ئىدى.

پەلەمپەيدىن يىراقراق ئۆيلەردە ئۇخلاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە قالايمىقان خىياللارنى قىلىپ ئۇخلالمىغاندىن كۆرە، زېھنىنى يىغىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان تۈزۈك ئىدى. چەترەك ئۆيلەردە ئولتۇرغانلار بەزىدە بۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۇخلىماي، قاتتىق سوغۇققا قارىماي ئاستاغىنە كارىدورغا چىقىپ نەپسىنى چىڭ يۇتۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى تامچىغا يىغىپ قۇلاق سالاتتى. ناۋادا بىرەر شەپە ئاڭلىنىپ قالسا، شۇ يەردىن نېرىگە كېتەلمەيتتى - دە، تامامەن ئاشۇ ۋەھىمىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالاتتى. ناۋادا ئۇ تىنچلىنىپ قالسا ئىش تېخىمۇ چاتاق بولاتتى. بۇنداق چاغدا ئۆيگە قايتىپ ئۇخلاشقا تەمشەلگىنىڭىزدە ئۇ ئاۋازنىڭ قايتا ئاڭلانمايدىغانلىقىغا قانداقمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولسۇن؟

قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن غەلىتە تۇرمۇش - ھە! ئۇنىڭغا يا قارشىلىق كۆرسەتكىلى، يا ئۇنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولمايتتى. بىرەر ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇش تېخىمۇ تەس ئىدى. ھەتتا باشقا ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقانلارنى بۇ ئىشقا ئىشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەنسىزلىك ئىچىدە ئېھتىمال بۇ بىر چاشقان بولۇشى ياكى بولمىسا يەر ئاستى ئىسكىلاتىدىن چىققان كىچىك پاقا بولۇشى مۇمكىن دېگەنگە ئوخشاش بولمىغۇر خىياللارنى قىلاتتى. ياق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ بىر خىل سىرلىقلىقنىڭ ئالامىتىمۇ - قانداق؟ مەسىلەن: بۇ ئۆلۈمنىڭ بېشارىتىمۇ - قانداق؟ بىرەر خېيىم - خەتەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن دېرەك بېرەمدۇ - قانداق؟ ياكى بولمىسا يوقىلىپ كېتىۋاتقان دەۋرلەرگە ۋەكىللىك قىلامدۇ - يوق؟ دەپ گۇمان قىلىشاتتى. ئۇ ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئەپەندىلەر ئۇ پەقەت تەبىئىي قانۇنىيەتنى بۇزۇپ، پەلەمپەينى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەۋاتقان بىر تامچە سۇ ئىدى خالاس.

باشقا بىر نۇقتىدىن چىقىپ ئويلىغاندا، ئۇ بىر خىل گۈزەل خىياللارغا ھەم مەۋھۇم فانتازىيىگە، يىراقتىكى بەختلىك جەننەتكە بولغان تەشنالىققا ياكى بولمىسا شېئىرىي تۇيغۇغا باي بولغان بىرەر نەرسىگە ۋەكىللىك قىلامدۇ - يا؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

مەيلى دۇنيانىڭ قەيىرىگە بارايلى، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس. مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتاي، بۇ چاقچاق ئەمەس، شۇنداقلا باشقا چوڭقۇر مەنىمۇ يوق. بۇ بىر تامچە سۇنىڭ ئاھ ئۇرۇشى بولۇپ، كېچىدە ئۇنىڭ سىرلىق تامچىلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىشى كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويغان.

(دىنو بۇزاتىنىڭ خەنزۇچە «ئالۋاستى كىيىمى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن )

## دۇنيادىكى بازىرى ئىتتىك كىتابلاردىن تەرمىلەر

# چىن مۇھەببەت سەپىرى

**ئوشو [ھىندىستان]**

ئادىل تۇنىياز تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** غەرب ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىدا شەرق مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى زور دەرىجىدە نامايان قىلغان ھىندىستاننىڭ 20 - ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە ناتىقى ئوشو (Osho, 1931—1990) 21 يېشىدىلا ئارف (ئويغانغۇچى) لىق مۇقامىغا يېتىپ، پارلىغان ئىدىيىلىرى بىلەن دۇنيا ئاڭ ساھەسىدە زور زىلزىلە پەيدا قىلغان. ھىندىستاننىڭ شارجا ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىنى كۆرۈنەرلىك نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ فاكۇلتېتتا توققۇز يىل پەلسەپە پروفېسسورى بولۇپ دەرس ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ سەييارە نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىغان. ئۇنىڭ بۇ نۇتۇقلىرى 650 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب بولۇپ چىقىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 32 تىلدا نەشر قىلىنىپ ئەڭ بازارلىق كىتابلارغا ئايلانغان. 70- يىللاردىن باشلاپ پۈتۈن دۇنيادا، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە ئوشو قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كىشلەر ھىندىستانغا كېلىپ بۇ ئەۋلىيانى يوقلىغان. ئوشونى پىر ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان. ھازىر ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوشو تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، ئەنگلىيىدە مەملىكەت بويىچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوشو ئىستىقامەت ھەپتىلىكى بار.

ئوشونىڭ كۆزقاراشلىرى يېڭى، جەلپ قىلارلىق ۋە زىددىيەتلىك، شۇنداقلا ئۆلۈك نەزەرىيە بولماستىن، ئادەمنى خۇشاللىققا، قاينام - تاشقىن تۇرمۇشقا باشلايدىغان ھايات ھەقىقىتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى سېھرىي كۈچى چوڭقۇر ۋە پايانسىز. ئوشونىڭ ئىدىيىلىرى ئىنسانىيەت بېسىپ ئۆتكەن روھىي جەريان، شۇنداقلا باشقىلاردىن ئېرىشكەن بىلىم ۋە ئېتىقاد بولماستىن، بەلكى ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن ھەقىقەتتۇر.

بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۇرلۇك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوشونىڭ «چىن مۇھەببەت سەپىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 3 - بابى بولغان «ئىستىقامەت پەللىسى» ناملىق نۇتۇقنى (بۇ نۇتۇق 1968 - يىلى 29 - سېنتەبىر بومبايدا سۆزلىگەن) ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

مەن نۇتۇقۇمنى قىسقىغىنە بىر ھېكايەت بىلەن باشلايمەن.

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مەلۇم بىر ئەلدە ناھايىتى مەشھۇر بىر رەسسام بار ئىكەن. ئۇ بىر پارچە ھەقىقىي ئۇلۇغ رەسىم سىزىپ چىقىش نىيىتىگە كەپتۇ، ئۇنىڭ سىزماقچى بولغىنى ئىنتايىن جانلىق، ئىلاھىي خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇرغان، كۆزلىرىدىن مەڭگۈلۈك تىنچلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئادەمنىڭ رەسىمى ئىكەن، شۇڭا ئۇ يۇزلىرىدە كائىناتنىڭ مەڭگۈلۈك نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەمنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپتۇ.

uyghurkitap.com

ئۇ رەسسام سەھرامۇ - سەھرا، تاغمۇ - تاغ كېزىپ نىشانلىغان ئادەمنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر چوپانغا ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىكەن، چىرايى ۋە تەقى - تۇرقىدىنمۇ مالائىكىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى يېغىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭغا بىر قاراپلا ئادەم ئىلاھىنىڭ مۇشۇ يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالمايدىكەن. رەسسام بۇ پادىچى يىگىتنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىپتۇ. رەسىم نەچچە مىليون پارچە بېسىلىپ ناھايىتى بازار تېپىپتۇ. كىشىلەر بۇ رەسىمنى تامغا ئېسىشقاندا، قەلبى ئاجايىپ ھاياجانغا چۆمۈلىدىكەن.

ئارىدىن 20 يىل ئۆتۈپتۇ. رەسسام قېرىپتۇ، بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ ئۇنچىۋالا گۈزەل ئەمەسلىكىنى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا شەيتانىنىڭمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ نۇقسانسىز، بەركامال ئادەمنى سىزىپ چىقىش ئارزۇسى بار ئىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇرۇن بىر مالائىكىنىڭ رەسىمىنى سىزغان بولغاچقا، ئەمدى ئىبلىسنىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئادەم ئەمەس، بەلكى ئادەم سۈپەت شەيتاننى ئىزلەشكە باشلاپتۇ. ئىزدەپ بارمىغان قىمارخانا، مەيخانا، ساراڭلار دوختۇرخانىسى قالماپتۇ. ئۇنىڭچە بۇ ئادەم دوزاخ يالقۇنىغا تولۇپ تۇرغان بولۇشى، چىرايىدىن دۇنيادىكى پۈتكۈل شۈملۇق، ئىپلاسلىق ۋە ياۋۇزلۇق ئالامىتى يېغىپ تۇرغان بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ناھايىتى ئۇزۇن ئىزدەشلەردىن كېيىن بۇ سەنئەتكار يامۇلدىكى بىر مەھبۇسنى يولۇقتۇرۇپتۇ. ئۇ يەتتە قېتىم قاتىللىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە دارغا ئېسىلماقچى ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ۋەھىلون دوزاخ ئوتى كۆيۈپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ قاراشلىرى لەنەت - نەپرەتلىك، چىرايلىرى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بەدبەشىرە تۇس ئالغان كىشى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن رەسسام ئۇنى سىزىشقا باشلاپتۇ.

بۇ رەسىم پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بۇرۇنقى رەسىمنى يېڭى سىزغان رەسىمنىڭ يېنىغا قويۇپ سېلىشتۇرغىلى باشلاپتۇ. سەنئەت نەزەرى بىلەن قارىغاندا، ھەر ئىككى رەسىم بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان بولغاچقا زادى قايسىسىنىڭ ياخشى سىزىلغانلىقىغا بىرنېمە دېيىش تەس ئىكەن، ئۇ بۇ ئىككى رەسىمگە كۆز يۈگۈرتىۋاتقاندا بىرسىنىڭ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۆرۈلۈپ قارىغۇدەك بولسا پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەنلەر سېلىنغان ھېلىقى مەھبۇس يىغلاۋاتقۇدەك، رەسسام بۇنىڭدىن ھەيرانۇ - ھەس قاپتۇ - دە:

- نېمىگە يىغلايسەن؟ بۇ رەسىمدىن كۆڭلۈڭ بۇزۇلۇۋاتامدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. مەھبۇس مۇنداق دەپتۇ:

- ئەسلى سىزدىن سىر ساقلاي دېگەنىدىم، لېكىن بۈگۈن زادىلا بولمىدى، سىز قارىغاندا بىرىنچى رەسىمدىكى ئادەمنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز. ئەسلى ئىككىسى مېنىڭ سۈرىتىم، 20 يىلنىڭ ئالدىدا تاغدا سىزگە ئۇچرىغان ھېلىقى پادىچى مەن شۇ بولىمەن. مەن بۇ 20 يىلدا ئۆزۈمنىڭ چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ، جەننەتتىن - دوزاخقا، مالائىكىلىقتىن بىر ئىبلىس ئورنىغا چۈشۈپ قالغىنىمغا ئۆكۈنۈپ ياش تۆكۈۋاتىمەن.

بۇ ھېكايەتنىڭ قانچىلىك راستلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما مۇنداق بىرنەرسىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇكى: ھەر بىر ئادەمنىڭ قارىمۇ قارشى ئىككى تەرىپى بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ مانا شۇنداق ئىككى پارچە رەسىمى مەۋجۇت. بىر ئادەمنىڭ ئىچىدە شەيتانمۇ، خۇدامۇ، جەننەتمۇ، دوزاخمۇ تەڭلا مەۋجۇت. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىچىدە چىرايلىق بىر باغلام گۈلمۇ ئۈسىدۇ، لاي - لاتقىلارمۇ دۆۋىلىنىپ تۇرغان بولىدۇ. ئادەم مۇشۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا تەۋرىنىپ بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ خالىغان بىرسىگە ئېغىپ تۇرىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر دوزاخ تەرىپىگە ئېغىپ كېتىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى تەلەيلىك كىشىلەرلا مەڭگۈلۈك نەرسىگە تەلپۈنىدۇ، ئۇلار ۋۇجۇدىدا ئۇلۇغلۇقنى يېتىلدۈرىدۇ. لېكىن ئۇنداق كىشىلەر كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ. بىز تۇرمۇشىمىزنى ئۇتۇقلۇق ھالدا ئىلاھنىڭ قەسرىگە ئايلاندۇرالامدۇق؟

مەن بۇگۈنكى نۇتۇقىمدا مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن، سىز قانداق قىلغاندا ئىلاھنىڭ ئوبرازىغا ئايلىنالايسىز؟ قانداق قىلغاندا ئىنساننىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ گارمۇنىيىلىك، تېخىمۇ خۇشپۇراق بولغان جەننەتكە ئايلىنالايدۇ، قانداق قىلغاندا ئادەمگە ئۇ ئۆلمەس نەرسىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئادەم خۇدانىڭ قەسرىگە كىرەلەيدۇ؟

بۇ نۇقتىدا ھايات پاكىتلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، ھازىرغا قەدەر بىزنىڭ بارلىق ئىلگىرىلەشلىرىمىز ئەكس تەرىپىگە قاراپ ماڭماقتا. بالىلىق دەۋرىمىزدە ھەممەيلەن جەننەتتە ياشايمىز، يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئاستا - ئاستا دوزاخقا قەدەم قويىمىز. كىچىك بالىنىڭ دۇنياسى ساددىلىق ۋە پاكلىق بىلەن تولغان، لېكىن بىز بارا - بارا يالغانچىلىق ۋە مۇغەمبەرلىك يولىغا كىرىۋالىمىز، پىشىپ يېتىلگەن ۋاقتىمىزدا بولسا، ھالىمىزدىن كېتىمىز، تېنىمىزلا قېرىماي روھىمىز قېرىيدۇ، بەدىنىمىزلا ئاجىزلاپ قالماي، روھىي دۇنيايىمىزمۇ چۆلدەرەپ خارابىلىشىدۇ. بىز پەقەت مۇشۇ پاكىتنىلا قوبۇل قىلىمىز. ئىشلارنى مۇشۇنداق ئاخىرلاشتۇرىمىز، شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تۈگىتىمىز.

دىن - بۇ مەسىلىگە، بۇ خىل چۈشكۈنلىككە، بېھىشتىن دوزاخقا قىلغان بۇ سەپەرگە تەقدىرچىلىك پوزىتسىيىنى تۇتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ سەپەر ئەكس يۆنىلىشتە بولۇشى، ئىنئامغا ئېرىشىشى، قايغۇدىن شادلىققا، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، مەڭگۈلۈك ھاياتقا قىلىنغان سەپەر بولۇشى كېرەك ئىدى. ئادەمنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مۇقەررەر ئۆلۈمدىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا سوزۇلغان. بۇ ئادەمنىڭ ئەڭ ئىچكى مەنىۋى تەشنالىقى. روھنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىش، بىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېنېرگىيىمىزنىڭ ئاساسلىق كۈچى غەيرىي ھەقىقەتتىن ھەقىقەتكە يۈزلەنگەن.

بۇ سەپەر ئۈچۈن ئادەم ئۆز ئېنېرگىيىسىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ھەقىقەتكە قەدەم قويۇش ۋە روھىيەتكە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئادەم چەكسىز قۇۋۋەت ئامبىرىغا ئايلىنىشقا تىرىشىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاشۇ مەڭگۈلۈككە يېتىپ بارالايدۇ. جەننەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئاجىزلار ئۈچۈنلا ئەمەس..

مەن يەنە تەكىتلەي، جەننەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئاجىزلار ئۈچۈن ئەمەس!... ئۆز كۈچىنى چېچىۋەتكەنلەر، ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلەر ۋە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلەر ھەرگىزمۇ ھايات ھەقىقىتىگە يېتىپ بارالمايدۇ. ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلغانلار روھىي دۇنياسى پۇچەك، ھاياتىي كۈچى كەمچىل كىشىلەر بۇ ئۇزۇن سەپەرگە قەدەم قويالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېگىز چوققىلارغا ياماشقىدەك زور كۈچ كېرەك.

ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىشى دىنىنىڭ ئاساسلىق تەلىپى. ھالبۇكى بىز ئاجىز ۋە كېسەلچان بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە ئېنېرگىيە يوقىلىشنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز، بىز بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن بارغانسېرى ئاجىزلاپ مېڭىش گىردابىغا بېرىپ قالدۇق. ھاياتىي كۈچىمىز ئۈزلۈكسىز خورىماقتا. ئىچىمىزدە قالغىنى پەقەتلا قۇرۇپ كەتكەن ھەرە كۆنىكى، قورقۇنچلۇق بوشلۇقتىن ئۆزگە ھېچ نەرسە قالمىدى. بىزنىڭ ھاياتىمىز ئىزچىل تۈردە يوقىتىشنىڭ ئۇدا داۋاملىشىۋاتقان ھەسرەتلىك قىسسىسى، ھاياتىمىزنىڭ زىنھار يارىتىش خاراكتېرى يوق.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق قاملاشمىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ بىز ئېنېرگىيىمىزنى قانداقلارچە يوقاتتۇق؟

ئادەم ئېنېرگىيىسىنىڭ ئەڭ زور چىقىش ئېغىزى - جىنسىيەت، ئۈزلۈكسىز يوقىتىشتۇر، ئۇ توسۇلىشى كېرەك. ھېچكىم بىرنەرسىنى يوقىتىشنى خالىمايدۇ، لېكىن مەن بۇرۇن سىلەرگە ئېيتقاندەك، ئادەمنىڭ ئۆز ئېنېرگىيىسىنى شۇ قەدەر دوغا تىكىشىدە قارشى تۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان بىر سەۋەب بار، جىنسىيەتتە ئادەم ئىلاھلىققا خۇشكەيپىلىك بىلەن نەزەر تاشلىيالايدۇ، شۇڭا ئادەم خالاش - خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بىر - بىرلەپ ئېنېرگىيە خورىتىشقا سۆرەپ كىرىلىدۇ، جىنسىيەتتىن كەلگەن پارلاش گەرچە قىسقا مۇددەتلىك ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئىنتايىن زور، شۇڭا ئادەم ئېنېرگىيە خورىتىشقا بېشچىلاپ كىرىپ كېتىدۇ، ھالبۇكى ئاشۇ ئېنېرگىيە بولسا ھەممە نەرسىنىڭ ئاساسى.

مۇبادا ئادەم باشقا شەكىللەر بىلەنمۇ ئوخشاشلا شادلىققا ئېرىشەلىسە، جىنسىي جەھەتتە ئېنېرگىيە ئىسراپ قىلىشنى يەنە توختاتامسۇ؟

ئوخشاش تەجرىبىگە ئىگە بولغىلى بولىدىغان باشقا ھېچقانداق ئۇسۇل يوقمۇ؟ باشقىچە ئۇسۇللار بىلەنمۇ ئوخشاش خۇشكەيپلىككە يەتكىلى بولمامدۇ؟ ئاشۇ تەجرىبىدە بىز روھنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تىلسىمىنى ئاچالايمىز، مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەڭ چوققىسى بىلەن ئۇچرىشالايمىز. ھاياتنى كۆچىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى نازۇك خۇشاللىق بىلەن ساپ شادىيانىلىقتا نىگاھ تاشلىيالايمىز، بارلىق چېگرا ۋە چەكلىمىلەرنىڭ يوقالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنىڭ باشقا ئۇسۇلى بارمۇ - يوق؟ ئىچىمىزدىكى ئارامچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا بىۋاستە كىرەلىگۈدەك باشقا چارە بارمۇ - يوق؟ ئىچىمىزدىكى تىنچلىق ۋە شادلىقنىڭ مەڭگۈلۈك مەنبىئى بىلەن بىرىكەلەيدىغان باشقا جەريانلار بارمۇ - يوق؟

بۇ بىلىم كىشىلەرنى ئۆزگىرىشكە يېتەكلەيدۇ، ئاندىن ئۇ شەھۋەتتىن يىراقلاپ، ئىلاھىيلىق نۇرىغا يۈزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سەپەرى شەھۋەتتىن خۇداغا قىلىنغان سەپەر بولىدۇ، كەلگۈسىدە بىر ئىچكى ئىنقىلاب يۈز بېرىدۇ، بىر يېڭى ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەرگە يېڭى بىر ئىشىك كۆرسىتىپ بېرىلمىسە، ئۇلار داۋاملىق بىر چەمبەردە ئايلىنىۋېرىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. لېكىن ئادەمنىڭ قالاق جىنسىيەت قارشى ئۇنىڭ ھەرقانداق باشقا ئىشىك ياكى ياخشىراق چىقىش ئېغىزى ھەققىدە ئويلىنىشقا توسقۇن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تۇرمۇشى چەك چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن قالايمىقانچىلىقلارنىڭ قايىنىمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

تەبىئەت ئادەمگە بىر ئىشىك ئاتا قىلغان، ئۇ بولسىمۇ جىنسىيەتتۇر. لېكىن نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى پەندى - نەسىھەتلەر ئۇ ئىشىكنى كۆچەپ تاقىۋېلىپ، ئۇنىڭ چىقىش يولىنى ئېتىپ قويىدى. يېتەرلىك چىقىش ئېغىزى بولمىغاچقا، ئايلىنىپ تۇرىۋاتقان بۇ ئېنېرگىيە ئادەمنىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان دۇقۇرۇپ يۈرۈپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قېلىپ، ئىنسان روھىدىكى بۆلۈنۈشنى، چۈشكۈنلىكنى ۋە نېرۋىدىكى نورمالسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

روھى بۆلۈنگەن، نېرۋىسى نورمال بولمىغان ئادەم ھەتتا جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ئىشىكتىن پايدىلىنىشقا ئامالسىز قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ئېنېرگىيە ئۇنىڭ تام، دېرىزىلىرىنى چاك چېكىدىن بۆسۈپ تاشلىۋەتتى، نەتىجىدە ئېنېرگىيە پارتلاپ چىقىپ ئادەمنى تىنك چۇشۇرۇۋەتتى، كالىلىسىدىن ئايرىدى. يەرگە يىقىتىپ، پۇت - قوللىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاللىبۇرۇن تاقىۋېتىلگەن تەبىئىي ئىشىكنىڭ ئىچىگە نەزەربەنت قىلىنغان، بۇ تەبىئىي ئىشىكتىن ھالقىيالىغان ئىشىك تېخى ئېچىلمىغان بولغاچقا، ئادەمنىڭ جىنسىي ئېنېرگىيىسى تەبىئىي بولمىغان چىقىش ئېغىزلىرىدىن ئېقىپ كەتتى، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ زور بەختسىزلىكى. يېڭى ئىشىك تېخى ئېچىلمىدى، كونا ئىشىك بولسا تاقاقلىق.

مانا بۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەنئەنىۋى تەربىيىگە، جىنسىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىككە، جىنسىيەتنى بېسىش تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرۇشىمدىكى سەۋەب. ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيىنىڭ كاساپىتىدىن جىنسىي پىكىر ئادەمنىڭ ئىچىدىن كۆكلەپ چىقالمىدى، تەرەققىيات بىنورمال بولۇپ قالدى. ئۇنى قۇتۇلدۇرىدىغان يول زادى قايسى؟ باشقىچە تاللاش يوقمۇ؟

بىز بۇ ھالەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقايلى: جىنسىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئېرىشىدىغان نەرسە ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ بىرى ئۆزلۈكنىڭ يوقلۇقى، يەنە بىرى زامانسىزلىق. ۋاقىت توختاپ قالىدۇ، ئۆزلۈك يوقىلىدۇ، شۇڭا ئادەم ئۆزىنى ئېنىق كۆرىدۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي ئۆزىنى كۆرىدۇ، لېكىن بۇ خىل پارلاش تولىمۇ قىسقا ۋاقىت داۋاملىشىدۇ. ئارقىدىنلا بىز ئەسلى ھالىتىمىزگە قايتىپ كېلىمىز. ھالبۇكى بىز بۇ ئارىلىقتا خېلى كۆپ ئېنېرگىيىمىزدىن ئايرىلىپ بولىمىز.

كاللا ئەنە شۇ پارلاشقا ۋە ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئىلكىگە ئېلىشقا تەشنا بولىدۇ، ئاشۇ نۇر، ئاشۇ ۋىسال تولىمۇ قىسقا بولىدۇ. بىز نىگاھ تاشلاپ بولغۇچە غايىپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىزگە قېپقالغىنى پەقەت بىر ئوت، بىر تەلپۈنۈش، بىر چوڭقۇر غەمكىنلىك، ئۇنى يەنە بىر قېتىم باشتىن كەچۈرۈش ئارزۇسىدۇر. ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر ئاشۇ دەقىقىنى تۇتۇۋالغۇسى، ئاشۇ ھاياجانلىق كەچمىشنى ساقلاپ قالغۇسى كېلىدۇ، لېكىن ئۇ ئەسلا تۇتۇق بەرمەيدۇ.

ئاڭدىن ھالقىش ۋە ئىچكى ئۆزلۈك ماھىيىتىگە يېتىشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. ئۇلار جىنسىيەت ۋە ئىستىقامەت (meditation) تۇر. جىنسىيەت تەبىئەت بەخشەندە قىلغان بىر ئىشىك، بىر تەبىئىي يول.

ھايۋانلارمۇ، قۇشلارمۇ، ئۆسۈملۈكلەرمۇ، ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا ئىگە، ئادەم يەنىلا شۇ تەبىئىي يولدىلا ماڭسا، ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ، ئۇ ھېلىمۇ ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرالغىنى يوق، چۈنكى بۇ ئىشىككە ھايۋانلارمۇ كىرەلەيدۇ. ئادەم يېڭى بىر ئىشىكنى تاپقان كۈنى ئۇنىڭ ئادىمىيلىكى ئويغانغان ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىز ھەممىمىز ئادەم ھېسابلىنالمايمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىمىز ھايۋانلارنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى بىلەن ئوپ - ئوخشاش بولىدۇ. بىز ئۇلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشتىن، ئۇلاردىن ھالقىشتىن ئاۋۋال، يەنىلا ھايۋانلىق قاتلىمىدا توختاپ قالغان بولىمىز، تاشقى قىياپىتىمىزدىن ئادەمدەك كۆرۈنسەكمۇ، ئادەمدەك كىيىنىپ، ئادەمدەك سۆزلىسەكمۇ، ئەمما بىزنىڭ يادرويىمىز ۋە مەركىزىمىزدە بىز ھايۋانغا ئوخشاش. ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھېچبىر ئارتۇقچىلىقىمىز يوق، شۇڭا بىرەر پۇرسەت بولسىلا ئىچىمىزدىكى ھايۋانىيلىق پارتلاپ چىقىدۇ.

سەللا پۇرسەت چىقسا ئادەم مەسئۇلىيەتنى ئېرغىتىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئادىمىيلىكى ئارام ئېلىۋېلىشنى ئىستەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھايۋانىيلىق سەكرەپ چىقىدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھايۋاننى تىزگىنلەش، باغلاش بىلەن بولۇپ، دائىم جىددىيچىلىكتە ئۆتىدۇ.

ئاۋام ئارىسىدا، تەشكىلاتلاردا ئادەم ئۆزىنى يېپىنىۋالغان ئادەملىك پەرەنجىسىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە پۇرسەت ئىزدەيدۇ. ئاۋام ئارىسىدا ئۆزىنى ئۇنتۇش جاسارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزى ئىزچىل چەكلەپ كەلگەن ھەقىقىي ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھايۋانىيلىقى ئوڭايلا يۈگۈرۈپ چىقىدۇ. بىر ئادەم يەككە تۇرغاندا توپ ئىچىدە تۇرغاندىكىدەك كۆپ گۇناھ سادىر قىلمايدۇ، بىرەرسىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، نېمە كىيسە بولىدىغانلىقىدىن غەم يەيدۇ، يالغۇز ئادەم ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ھايۋان دەپ ئاتىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. بىر توپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندا بولسا ئۆزلۈك چۈشەنچىسىدىن ئايرىلىدۇ، باشقىلار تونۇۋالارمى-كىن دەپ غەم قىلمايدۇ. ئۇ بىر توپ ئادەمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان بولغاچقا، ئەتراپتىكىلەر نېمە قىلسا ئۇمۇ شۇنى قىلىدۇ.

ئۇ نېمە قىلىشى مۇمكىن؟ ئۇ تاش ئاتىدۇ، ئوت قويىدۇ، باسقۇنچىلىق قىلىدۇ، ئۇ توپىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئاشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھايۋانىيلىقنى قويۇۋېتىدۇ، مانا بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەر بەش - ئون يىلدا ئۇرۇشقا تەشنا بولىدىغانلىقى ۋە تۆت كۆزى بىلەن مالىمانچىلىق يۈز بېرىشىنى كۈتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئۇ بىر باھانىگە موھتاج، مەيلى قانداقلا باھانە بولمىسۇن، ئۇ شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قانمايۋاتقان ھايۋانىيلىقنى چىقىرىدۇ.

ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ھايۋانىيلىق دائىم قامىلىپ تۇرىدۇ، قاتتىق ئوڭۇشسىزلىق زەربىسىنى ھېس قىلىپ، چىقىش يولى ئىزدەپ تىنىماي ھۆركىرەيدۇ، بۇ ھايۋان يوقالمىغۇچە ياكى ھالاك قىلىنمىغىچە ئادەمنىڭ ئېڭى مەڭگۈ ھايۋانىيلىقتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمەيدۇ.

بىزنىڭ تەبىئىتىمىز ھاياتىي كۈچىمىز ۋە ئېنېرگىيىمىزنىڭ ئاسان چىققىلى بولىدىغان پەقەت بىرلا ئېغىزى بار، ئۇ چىقىش ئېغىزى جىنسىيەتتۇر. ئۇ ئېغىزنى ئېتىۋەتسەك چاتاق چىقىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئېتىۋېتىشتىن ئاۋۋال يېڭى بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئېنېرگىيىنى يېڭى يۆنىلىشكە بۇرىشىمىز كېرەك، بىر ئىشنى يوشۇرۇش، بېسىش ئۇنى ھەل قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىن كۆپ ئاسان، چۈنكى كېيىنكىسى دىنىي ئەمەلىيەت ياكى تىنىمسىز ئىستىقامەت بىلەن تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا بىز جىنسىيەتنى ئىچىمىزدە بېسىپ تۇرۇشنى تاللىۋالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز بېسىشنىڭ ھېچبىر نەرسىنى يوق قىلالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، بېسىشنىڭ ئەكس تەسىرى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۈچەيتىپ قويىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. بىز يەنە چەكلەشنىڭ بىزدىكى تەلپۈنۈشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىنى، چەكلەنگەن نەرسە بىزنىڭ دىققەت مەركىزىمىزگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە چۆكمە بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز سەگەك چېغىمىزدا ئۇنى بېسىپ تۇرالىشىمىز مۇمكىن، لېكىن ئاخشىمى ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىزنىڭ چۈشىمىزدە ئايان بولىدۇ، ئۇ ئىچىمىزدە كۈتۈپ تۇرىدۇ. سەل - پەللا پۇرسەت چىقسا ئېتىلىپ چىقىش خىيالىدا بولىدۇ.

بىسىش ئادەمنى ھېچ ئىشتىن خالاس قىلالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئاقىۋەت ئادەمنى پاتقاققا سۆرەپ كىرىدۇ. جىنسىيەتنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش جەريانىدا ئادەم ئۆز - ئۆزىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ.

ھايۋانلارنىڭ چەكلىمىلىكى ۋە كۆيلەش مەزگىلى بار، بىراق ئادەمنىڭ يوق، ئادەمدە يىل بويى، ھەر ۋاقىت جىنسىي تەلەپ بولىدۇ. پۈتۈن ھايۋانلار دۇنياسى ئىچىدە بىزدەك يۇقىرى جىنسىي ئىستەككە ئىگە باشقا ھايۋان يوق، ھايۋانلارنىڭ جۈپلىشىشىدە ئالاھىدە ۋاقىت، مەزگىل، پەسىل بار، ئۇ كېلىپلا كېتىدۇ، شۇندىن كېيىن ئۇنى ھايۋانلار قايتا خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. لېكىن ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى، ئادەم باسماقچى ياكى چەكلىمەكچى بولغان نەرسە ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا توختاۋسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ بىر تىرىك يانار تاغ.

سىز بىرەرمۇ ھايۋاننىڭ خالىغانچە نەپسى قوزغالمايدىغانلىقىغا، ئادەمنىڭ نەپسى بولسا ئۇنى ھەر ۋاقىت ۋەسۋەسىگە سېلىپ تۇرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغانمۇ؟ جىنسىي ئىستەك ئادەمنىڭ ئىچىدە ئوت يالقۇنغا ئايلانغان، جىنسىيەت گويا ئادەمنىڭ بارلىقىدەك بولۇپ قالغان، بۇ بىنورمال ھادىسە قانداق بارلىققا كەلگەن؟ بۇ بەختسىزلىك قانداق يۈز بەردى؟ نېمىشقا ھەرقانداق ھايۋاندا بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ؟ سەۋەب بىرلا: ئادەم پۈتۈن كۈچى بىلەن جىنسىيەتنى بېسىپ تۇرىدۇ، جىنسىيەتمۇ ئوخشاش كۈچ بىلەن ئادەمنىڭ پۈتكۈل روھىيىتىدە پارتلاپ چىقىدۇ.

بىز جىنسىيەتنى قانداق قىلىپ بوغۇپ قويغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقايلى! بىز ئۇنىڭدىن ئالاقىنى ئۈزىشىمىز، ئۇنى پەس كۆرۈشىمىز، سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا جىنايەت دەپ نام بېرىپ ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىپ بار ئاۋازىمىز بىلەن «جىنسىيەت - جىنايەت!» دەپ تۇۋلىشىمىز كېرەك، بىز جىنسىيەتكە بېرىلىپ كەتكەنلەرنى شەرمەندە دەپ جاكارلىشىمىز، كۆزگە ئىلماسلىقىمىز كېرەك، جىنسىيەتنى كەمسىتىدىغان سانسىز ئاتالغۇلارنى ئىجاد قىلىپ، جىنسىيەتنى بېسىش ھەرىكەتلىرىمىزنى ئاقلىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، بىز ھېچقاچان بۇ خىل ھاقارەت ۋە قارشىلىقلار ئەڭ ئاخىرىدا جەزمەن پۈتۈن ئىنساننى زەھەرلەيدۇ، دېيىشتىن ئەنسىرەپ باقمىدۇق.

بىر قېتىم نىتزى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر نۇتۇق سۆزلەپ دېگەنىدى: دىن گەرچە جىنسىيەتنى زەھەرلەپ ھالاك قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن جىنسىيەت ئۆلگىنى يوق، ئۇ يەنىلا ياشىماقتا، لېكىن زەھەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇ ھالاك بولغان بولسىغۇ مەيلى دېيىشكە بولاتتى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى، ئۇ زەھەرلەنگەن ھالەتتە ئۇدا مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بىزنىڭ ئۇنى چەكلەشلىرىمىز ئۈنۈم بەرمىدى، نۆۋەتتە بىزنى ئوراپ تۇرغان جىنسىي پىكىرلەر زەھەرلەنگەن ئاشۇ جىنسىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىدۇر.

جىنسىيەت (sex) ھايۋاندىمۇ مەۋجۇد. شۇڭا ئۇ ھاياتلىقنىڭ تۈپكى مەنبىئى، لېكىن جىنسىي ئاڭ ئادەمدىلا مەۋجۇت. ھايۋاندا جىنسىي ئاڭ بولمايدۇ. ھايۋاننىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىڭىزدە شەھۋەتنى كۆرەلمەيسىز، بىراق ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلسىڭىز، كۆرىدىغىنىڭىز شەھۋەتتىن، ئاشكارا شەھۋانىي ئىستەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ھايۋان چىرايلىق، ئادەمدىن ئىبارەت بۇ تەلۋە بوغقۇچنىڭ ئىپلاسلىقلىرى ۋە بەدبۇيى چەكسىز.

ئادەمنى ھاۋايى - ھەۋەستىن خالىي قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى: باللار - مەيلى قىز بالا ياكى ئوغۇل بالا بولسۇن، خۇددى مەن تۈنۈگۈن ئېيتقاندەك، جىنسىيەتنى ئاساسىي تېما قىلغان تەربىيىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ئۇلارغا جىنسىيەت بىلىملىرى بەرگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەبىئىي بولمىغان يىرگىنىشلىك ئارىلىقنىمۇ يوق قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشى پۈتۈنلەي تەبىئىيلىككە يات، ئۇلار تېخىمۇ ئېچىلىشىپ يېقىن بولۇشى كېرەك.

ئەرلەر بىلەن ئاياللار پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى تۈرگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىگە، ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىققا قارايدىغان بولساق، ئەر - ئاياللارنىڭ ئوخشاش بىر تۈر ئىكەنلىكىگە، ھەر ئىككىسىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىمىز كەلمەيدۇ. مۇبادا كىچىك قىز - ئوغۇللار ئۆزلىرى خالىسا، ئۆي ئىچىدە كىيىم كىيمەي يۈرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندا كېيىنكى كۈنلەردە شاخلاپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغان بولمىغۇر قىلمىش ۋە تەبىئىي بولمىغان قىزىقىشلار يىلتىزىدىن كېسىپ تاشلىنىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ تېنىنى بىلمەسلىك، باللارنىڭ ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا بولغان

قىزىقىشىدا قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان: مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بالىلىرى «دوختۇر» بولۇپ ئويناشقا شۇقەدەر ئامراق.

سىلەرنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى قىسمەن ئەھۋاللارنى بىلىدىغان ــ بىلمەيدىغىنىڭلار ماڭا قاراڭغۇ، ئاتالمىش دىنىي ئەربابلار يېڭى بىر ھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نىشانى ئىت، مۈشۈك، ئات ۋە باشقا ھايۋانلارنى كىيىم كىيگۈزمەي كوچىغا ئېلىپ چىقىشنى چەكلەش، ئۇلار ھايۋانلارنىڭ كوچىغا ئېلىپ چىقىلىشتىن ئاۋۋال ئوبدان كىيىندۈرۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ ھەرىكەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى كۆزقاراش، بالىلار يالىڭاچ ھايۋانلارنى كۆرسە يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بالىلار يالىڭاچ ھايۋانلاردىن ئەسكىلىكنى ئۆگىنىپ قالىدۇ دېيىش تولىمۇ كۈلكىلىك! لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ئۇلار بىر جەمئىيەت تەشكىل قىلىپ، كىيىم كىيمىگەن ھايۋانلارنى كوچىغا ئېلىپ چىقىشنى چەكلىمەكچى بولغان. قاراڭلار، كىشىلەر ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن نېمىدېگەن كۆپ ئىشلارنى قىلغان ـ ھە!

ئاتالمىش قۇتقۇزغۇچىلار ئىنسانىيەتنى نابۇت قىلغۇچىلاردۇر. ئەجەبا، سىز ھايۋانلار كىيىم كىيمىسىمۇ يەنىلا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانمۇ؟ ئۇلار، قىپيالىڭاچ بولسىمۇ يەنىلا شۇنداق پاك، ئاددىي ـ ساددا كۆرۈنىدۇ. ھايۋاننىڭ يالىڭاچلىقىنى ئۇنچە كۆپ ئويلاپ كەتمەيسىز، ئۆزىڭىزنىڭ يالىڭاچلىقىنى ئېچىڭىزدە يوشۇرغاندىن باشقا، ئەزەلدىن ھايۋاننى يالىڭاچ دەپ قارىمايسىز، لېكىن قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەكلەر بارلىق ئامىللار بىلەن ئۆزىنىڭ يالىڭاچلىقىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى تولۇقلىماقچى بولىدۇ. بۇ خىل تولۇقلاش ئۇسۇلىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى سەۋەبىدىن، ئىنسانلار كۈندىن ـ كۈنگە چۈشكۈنلەشمەكتە.

ئادەم ساددا بولۇشى، ساددا قىياپەت بىلەن قىپيالىڭاچ، پاك، خۇشال ـ خۇرام يۈرۈشى، ماھاۋىيا (ماھايا دىنىنىڭ ئىجادچىسى) دەك كىيىم كىيمەي تۇرالىشى كېرەك. ئوخشاشلا ھەر بىر ئادەم كىيىم كىيمەيمۇ تۇرالايدىغان پىسخىكىنى يېتىلدۈرەلىشى كېرەك. ئاتالمىش دىندارلار ماھاۋىيانىڭ كىيىمىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى كىيىنىشتىن ۋاز كەچكەنلىك دەپ قارايدۇ، مەن بۇنداق پىكىرگە قارشى تۇرىمەن. ئۇ ئېڭى شۇ قەدەر پاك، سۈزۈك، كىچىك بالىنىڭكىدەك مەسۇم بولغانلىقتىن دۇنياغا قىپيالىڭاچ ھالدا يۈزلىنەلىگەن. ئادەم يۈگىگەندەك ھېچنېمىسى قالمىغان چاغدا، ئاندىن ئۆزىنى يالىڭاچ كۆرسىتەلەيدۇ.

ئادەم ئۆزىنى يۆگىۋالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بەزى نەرسىلەر باردەك ھېس قىلىدۇ. يوشۇرغۇدەك ھېچنەرسە قالمىغان چاغدا، ئادەم كىيىم كىيىشكىمۇ موھتاج بولمايدۇ. بىز بىر دۇنياغا موھتاج، ئۇ دۇنيادا ھەر بىر ئادەم شۇنداق مەسۇم، مەخپىيەتسىز، كاللىسى پاك، خاتىرجەم بولۇپ، ھەتتا كىيىمنى تاشلىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

جىنايەت زادى نەدە؟ يالىڭاچلىقنىڭ نېمە خەتىرى بار؟ مۇبادا كىيىم كىيىشتە باشقا سەۋەب بولسا، ئۇ مەيلى. لېكىن كىشىلەر يالىڭاچلىقتىن قورقۇپ كىيىم كىيىۋالغان بولسا، بۇ بىر كېسەللىك. چۈنكى يالىڭاچلىقتىن قورقۇپ كىيىم كىيىش تېخىمۇ چوڭ بىر يالىڭاچلىقنى ئىپادىلەيدۇ، بۇلغانغان بىر كاللىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. گەرچە ھازىر بىز كىيىم كىيىۋالغان بولساقمۇ، خۇددى ئىچىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان يالىڭاچلىقنى سۇرتۇۋېتىشكە ئامالسىز قېلىۋاتقاندەك يەنىلا جىنايەتكارلىق تۇيغۇسىدا بولىمىز.

ۋادەرىخ! خۇدا شۇقەدەر ساددا! ئۇ ئەسلىدە كىيىمى بار ئادەمنىمۇ ئاسانلا يارىتالايدۇ.

گەپ ئارىسىدا قىستۇرۇپ قويىدىغىنىم، سىلەر مېنى كىيىم كىيىشكە قارشى دەپ يەكۈن چىقارماڭلار، بىراق مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئېيتالايمەنكى، ئەگەر كىيىم كىيىش يالىڭاچلىقتىن قورققانلىقتىنلا بولىدىكەن، بۇنداق قىلىش يالىڭاچلىقنى يۆگىيەلمەيلا قالماستىن ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ ئېچىۋېتىدۇ، يالىڭاچلىقتىن ياتسىراش تۇيغۇسى پەسكەشلىك ھەم چۈشكۈنلۈكتۇر، ھالبۇكى، بۇ تۇيغۇ ئۇزۇندىن بېرى جەمئىيەت ئەنئەنىسى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ كەلدى.

كىيىم كىيگەن بىر ئادەم يالىڭاچتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن، يالىڭاچ بىر ئادەم كىيىم كىيىۋالغاندەك كۆرۈنۈشىمۇ مۇمكىن. ھازىرقى زامان ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانمۇ، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرۈش ھاجەتمۇ؟ بۇ بەدەنگە كۆز تاشلاش

www.uyghurkitap.com

ۋە بەدەننى نامايان قىلىش ئارزۇسى قاندۇرۇلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان نەتىجە. مۇبادا ئەر - ئاياللارنىڭ تېنى بىر - بىرىگە تونۇش بولغان بولسا، كىيىم كىيىشتىكى مەقسەت تەبىئىي هالدا بەدەننى ئاسراشقا ئۆزگەرگەن بولاتتى، لېكىن ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى هازىرقى كىيىم - كېچەكلەر ئادەمنىڭ جىنسىي ئېڭىنى قوزغاش ئۈچۈن لايىهىلىنىدىغان بولدى.

كىيىم كىيىم بولماستىن جىنسىي هەۋەسنىڭ ياردەمچىسى بولسا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى زادى نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ مانا بۇ مېنىڭ باللارنى مەلۇم ياشقا يەتكىچە يالىڭاچ يۈرگىلى قويۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمدىكى سەۋەب. ئۇلار كىيىم زۆرۈرىيىتى جىنسىيەت سەۋەبىدىن ئەمەس، باشقا سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەك.

هالبۇكى، يالىڭاچلىق كۆزقارىشى بىر سۇبيېكتىپ كۆزقاراش. ساددا، قۇۋلۇق - شۇملۇقتىن مۇستەسنا بىر كاللىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يالىڭاچلىق گۇناھ ئەمەس، ئۇنىڭمۇ ئۆز گۈزەللىكى بار. لېكىن تا هازىرغىچە ئادەم زەهەر بىلەن سۇغۇرۇلدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ زەهەر ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر ئۈچىدىن ئاستا - ئاستا يەنە بىر ئۈچىغا تارقالدى. نەتىجىدە بىزنىڭ يالىڭاچلىققا تۇتقان پوزىتسىيىمىز پۈتۈنلەي تەبىئىي بولمىغان هالەتكە كىرىپ قالدى.

مەن بىرىنچى قېتىملىق يىغىلىشتا بۇ تېمىدا سۆزلىگىنىمدە بىر خېنىم ئالدىمغا كېلىپ: «مەن هەجەپمۇ بىزار بولدۇم، سىزدىن بەك خاپا بولدۇم، جىنسىيەت بىر هاياسىز تېما، ئۇ دېگەن جىنايەت، سىز نېمىشقا شۇنچە ئەۋزەيلەپ كېتىسىز؟ مەن جىنسىيەتنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايمەن» دېدى.

قاراڭ، بۇ خېنىمنىڭ جىنسىيەتنى كەمسىتكىنىنى، ئۇ بىر ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان، باللىق بولغان ئايال تۇرسا، ئۆزىنى جىنسىيەتكە باشلىغۇچى ئېرىنى قانداقلارچە ياخشى كۆرەلىسۇن؟ جىنسىيەتتىن بارلىققا كەلگەن باللىرىنى قانداقلارچە ياخشى كۆرەلىسۇن؟ ئۇنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى زەهەر بىلەن تولغان، ئۇنىڭ مېهرى - مۇهەببىتىمۇ زەهەرلىك، شۇڭا ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئوتتۇرىسىدا جەزمەن نېگىزلىك چوڭقۇر بىر هاڭ بار. ئۇ ۋە ئۇنىڭ باللىرى ئوتتۇرىسىدا تىكەنلىك بىر تام بار، چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بالا گۇناهنىڭ مېۋىسى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جىنايەتكە تالنىق. ئۇنىڭ ئاڭسىز جىنسىي گۇناهكارلىق پسىخىكىسى تەرىپىدىن بىسەرەمجان بولغىنى بولغان. بىر ئادەم گۇناهقا شېرىك بولغان تۇرمۇشقا هەمنەپەس بولالامدۇ؟

جىنسىيەتنى قارىلىغۇچى ئاشۇ كىشىلەر هېچنېمىنى قۇتقۇزالمايلا قالماستىن، هەر بىر ئادەمنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىنى قالايمىقان قىلدى. بۇنداق جىنسىيەتكە قارشى تۇرۇش بىلەن پارچىلاش پوزىتسىيىسى چوڭقۇر ئارازلىق ئېلىپ كەلدى. ئۆزى بىلەن خانىمى ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنمەس توسالغۇ بولغان بىر ئادەم خوتۇنىدىن مەڭگۈ قانائەت تاپمايدۇ، تۆت ئەتراپتىن باشقا ئاياللارنى ئىزدەيدۇ، پاهىشىلەرنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر ئۆيدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تولۇق سۇ ئىچسە دۇنيادىكى جىمى ئاياللار ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاچا - سىڭىلغا ياكى ئانىغا ئايلىنىشى مۇمكىن، لېكىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەچكە، ئۇ هەممە ئاياللارنى ئۆز خوتۇنى دەپ قارايدۇ، تىنىم تاپماي نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئىزلەيدۇ، بۇ تەبىئىي ئىش، جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە هۇزۇر، شادلىق، خاتىرجەملىك ۋە بەختكە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك جايدىن زەهەرگە، ئەيىبلەشكە ۋە يامان گەپكە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئېهتىياجى ئائىلىسىدىن قانائەتكە ئېرىشمىگەچكە، هەممىلا يەردە قاتراپ، هەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاققا بېرىپ قانائەت ئىزدەپ، ئاساسلىق ئېهتىياجىنى قاندۇرماقچى بولىدۇ. بىز ئۇ پىلانلىغان هەممە نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولساق، سىز هاڭ - تاڭ قالماي تۇرالمايسىز.

ئادەم ئەسلى يولى بويىچە مېڭىپ، تۈرلۈك - تۈمەن نەرسىلەرنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نۇقسانىنى هېچقاچان ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاپ باقمىدى. ئەسلىدىكى مۇهەببەت كۆلى جىنسىيەت كۆلىگە ئايلىنىپ قالدى. يەنە كېلىپ بۇ كۆل زەهەرلەندى. كۈچلۈك گۇناھ تۇيغۇسى ۋە زەهەرلىنىش هېسسىياتى، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ئارىسالدىلىق تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئېهتىماللىقىنى نابۇت قىلىدۇ.

مېنىڭچە ئەر بىلەن خوتۇن ئۆز ئارا ماسلاشقان كەيپىياتتا سۆيگۈنى چۈشەنسە، ساپ خۇشاللىق ۋە غەم - قايغۇسىز روهىي هالەت بىلەن جىنسىيەتتىن هۇزۇرلانسا بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىپ،

ياخشىلانغان بولاتتى. شۇنداقلا كېيىنچە بۇ ئايال يەنىلا ئەسلى ئورنىدا بولسىمۇ، لېكىن ئاننىڭ قىياپىتىنى ئالاتتى.

بىر قېتىم گەندى رەپىقىسى كاستۇربا ۋە بىر قانچە ھەمراھى بىلەن سىرىلانكىغا بارىدۇ، ساھىبخان قارشى ئېلىش سۆزىدە گەندىنىڭ ئانىسىنىڭمۇ بۇ سورۇنغا كېلىپ، گەندىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن شان - شەرەپ ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. گەندىنىڭ كاتىپى تەڭلىكتە قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئىدى. ئەسلى ئۇ ئۆمەك ئەزالىرىنى ساھىبخانغا بالدۇرراق تونۇشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئەمدى بەكلا كېچىككەن بولۇپ، گەندى ئالىقاچان مىكرافون ئالدىدا نۇتۇقىنى باشلىۋەتكەنىدى. كاتىپ گەندى ئەمدى بىر دەمدىن كېيىن مېنى ئەيىبلەيدىغان بولدى دەپ دەككە - دۈككە ئىچىدە قالىدۇ. بىراق گەندى ئۇنىڭغا ئازراقمۇ كايىمايدۇ، چۈنكى بىر ئايالنىڭ خوتۇندىن ئانىغا ئايلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايدۇ.

گەندى مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىشىنى خۇش قىلىدىغان تاسادىپىي توغرا كەپ قېلىش، مېنى تونۇشتۇرغان كىشى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ سالدى. ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا كاستۇربا ھەقىقەتەنمۇ ئانامغا ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرى ئۇ مېنىڭ ئايالىم ئىدى. بىراق ھازىر ئۇ مېنىڭ ئانام بولۇپ قالدى.

ئىككى ئادەم بىرگە ياشىغاندا بۇنداق ئىش يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئەر بىلەن خوتۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقسا، ئۇلار دوستقا ئايلىنالايدۇ، بىر - بىرىنىڭ جىنسىي جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشىغا ياردەملىشەلەيدۇ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئەر بىلەن خوتۇن جىنسىي ئۆزگىرىش جەھەتتە ئۇتۇق قازانسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك ھاياجانلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ھالا بۇگۈنكى ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا سۇس ۋە تۇغما ئۆچمەنلىكتىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئۇلار دائىم جەڭگە - جېدەل قىلىشىدۇ، زادىلا دوستانە ئۆتمەيدۇ.

ئەر بىلەن ئايال بىر - بىرىنىڭ جىنسىي ھەۋسىنىڭ قېنىش ۋاستىسىگە ئايلىنالىغاندىلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك ھاياجانلىق كەيپىيات شەكىللىنىدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ھەمراھلارغا، جىنسىيەتنى ھالقىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىدىغان جۆرىلەرگە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي دوستلۇق ۋايىغا يېتىدۇ، ئۇ كۈنگە بارغاندا ئەرنىڭ قەلبى ئايالغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىغا تولۇپ تاشىدۇ، ئايالى ئۇنى شەھۋەتنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىدۇ؛ ئۇ كۈنگە بارغاندا ئايالنىڭ قەلبى ئېرىگە بولغان مىننەتدارلىققا تولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئېرى ئۇنى قايناق ئىستەك ئىچىدىن ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار شەھۋەت ئىچىدە ئەمەس، ھەقىقىي سۆيگۈ ئىچىدە ياشايدۇ، مانا بۇ ئاشۇ سەپەرنىڭ باشلىنىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر خوتۇننىڭ ئىلاھىغا، ئايال ئېرىنىڭ پەرىشتىسىگە ئايلىنالايدۇ، بىراق بۇ مۇمكىنچىلىك ئالىقاچان زەھەرلەندى.

مەن تۈنۈگۈنكى سۆزۈمدە جىنسىيەتنىڭ مەندىنمۇ زور رەقىبى تېپىلمايدۇ دېگەنىدىم. بۇنداق دېيىشىم مېنىڭ جىنسىيەتنى ھاقارەتلىگەنلىكىم ياكى ئەيىبلىگەنلىكىمدىن بېشارەت بەرمەيدۇ، مەن ناھايىتى ئېنىق ئېيتتىم، جىنسىيەت ھالقىشقا باشلاپ پارلايدۇ. بىر كۆرسەتمە ئورنىدا جىنسىيەتنىڭ قانداق ئۆزگەرتىلىدىغانلىقىغا قارىساق، مەن ئامراق بولغان «كۆمۈرنىڭ ئالماسقا ئايلىنىشى» دىكى مەنە بويىچە ئېيتقاندا، مەن جىنسىيەتنىڭ دۈشمىنى، مەن ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

قانداق قىلىش كېرەك؟ مەشغۇلات جەريانى قانداق بولۇشى كېرەك؟

مەن ئېيتىمەنكى، يېڭى بىر ئىشىك ئېچىلىشى زۆرۈر، بىر يېپيېڭى ئىشىك.

بالا يېڭىلا دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، جىنسىيەت تېخى باش كۆتۈرمەيدۇ. بەدىنى ئېنېرگىيە توپلاپ، ھۈجەيرىلىرى كۈچكە ئېرىشىدۇ، لېكىن بەدىنىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشىغا مەلۇم مەزگىل قالغاندا، قۇۋۋىتى ئاستا - ئاستا يىغىلىپ، 14 يىلدىن بېرى يېپيىق تۇرغان ھېلىقى ئىشىكنى بىرلا ئىتتىرىپ ئېچىۋېتىدۇ - بۇ چاغدا بالا جىنسىيەت دۇنياسىغا قەدەم تاشلايدۇ.

بىر ئىشىك ئېچىلىپ كەتسىلا يەنە بىر يېڭى ئىشىكنى ئېچىش تەسكە چۈشىدۇ، چۈنكى ھاياتىي كۈچنىڭ ماھىيەتلىك مۇقەررەرلىكى شۇكى، بىر ئادەمنىڭ بارلىق ھاياتىي كۈچى، بارلىق ماغدۇر - قۇۋۋىتى ئېچىلىپ بولغان بىر ئىشىككە قۇيۇلىدۇ. گانگ دەرياسىنىڭ سۇ يولى تۇراقلاشقانىكەن، ھامان ئاشۇ بىر ئاقىقان يېرىدىن

www.uyghurkitap.com

ئېقىۋېرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇ ھەر كۈنى يېڭى بىر سۇ يولى ئىزدىمەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى يېڭى سۇ قۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى قېنىدا ئېقىۋېرىدۇ. ئوخشاشلا ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۆزىگە بىر نو قازغاندىن كېيىن، داۋاملىق شۇ نودىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

ناۋادا ئادەمنىڭ جىنسىي خىيالىنى ئوبدان داۋالايدىغان بولسا، جىنسىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئېشىك ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا، يېڭى بىر يولنى ئاچقىلى بولىدۇ، بۇ يېڭى يول - ئىستىقامەت (meditation) تۇر.

ھەر بىر بالىغا كىچىك چېغىدىلا ئىستىقامەتنى ئۆگىتىش، ئۇنى ئىستىقامەتكە يېتەكلەش كېرەك. جىنسىيەتكە قارشى ناتوغرا تەربىيىلەرنى بىكار قىلىپ، ئىستىقامەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىستىقامەت - بىر توغرا ئېشىك، بىر يۈكسەك چىقىش ئېغىزى. جىنسىيەت بىلەن ئىستىقامەت ئوتتۇرىسىدا بىر تاللاش بولۇش زۆرۈر، ئىستىقامەت بولسا ئەۋزەل تاللاشتۇر. جىنسىيەتنى ئەيىبلىمەي، بالىغا ئىستىقامەتنى ئۆگىتىش كېرەك.

بالىغا جىنسىيەتكە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بېرىش بالىنىڭ دىققىتىنى پەقەت جىنسىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىلا جەلپ قىلىدۇ. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئۇسۇل، ئاقىۋەت ئۇ پىششىپ يېتىلمىگەن جىنسىي ئاڭنىڭ خاتا تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئىشىكلەر تېخى ئېچىلمىغان، ھەر ئىككى ئېشىك تاقاقلىق، ئېنېرگىيە يەنىلا بىخەتەر تۇرغان ئەھۋالدا بۇ ئىشىكلەرنىڭ خالىغان بىرىنى ئېچىۋېتىشكە بولىۋېرىدۇ. لېكىن بۇ چاغدىكى دائىم تىنىم تاپماي جىنسىيەتكە قارشى تۇرۇش گويا ئۇنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ قويغانغا ئوخشاش بولىدۇ. بىر توپ يۇمران كۆچەت خالىغان تەرەپكە ئېگىلەلەيدۇ. ئۇ ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن پەسكىمۇ ئېگىلەلەيدۇ. بىراق سىز ئۇنى يوغىناپ قاتقان چېغىدا ئەگسىڭىز، ئۇ سۇنۇپ كېتىدۇ، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

ئادەم سەل قېرىغاندا، ئىستىقامەت ھالىتىگە ئاسان يېتەلمەيدۇ، قېرىغاندا ئىستىقامەت قىلىش ئۇرۇقىنى پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تېرىغانغا ئوخشايدۇ. ئىستىقامەت ئۇرۇقىنى بالىنىڭ جىسمىغا تېرىش بەك ئاسان. ئەمما چوڭلار پەقەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىلا ئاندىن ئىستىقامەتكە قىزىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، ئىلگىرىلەشنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولىدۇ، مانا شۇ چاغدىلا ئۇ ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇچاغدىلا ئۇ ئىستىقامەت ۋە يوگا ھەققىدە ئىزلىنىشكە باشلايدۇ. ئاتىدىغان ھوشۇقنى ئېتىپ بولغان، ئۆزگەرتىش ھەقىقەتەن تەسكە توختايدىغان چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ. بىر پۇتى ئاللىقاچان گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم كېلىپ، قانداق قىلغاندا ئىستىقامەت ئارقىلىق روھىي ئەركىنلىككە يەتكىلى بولىدۇ دەپ سورىسا، بۇ ناھايىتى غەلىتە ئىش، بۇ خىل كۆزقاراش ھەقىقەتەنمۇ سەۋدايىلىق.

بىز ھەر بىر ياشنىڭ قەلبىنى ئىستىقامەتكە باشلىمىساق، بۇ پىلانىتتا مەڭگۈ تىنچلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، لېكىن يولنىڭ ئايىغىغا بېرىپ قالغان ئادەمنىڭ ئىستىقامەت قىلىشى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغان تەقدىردىمۇ، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۇنۇمگە ئېرىشىشىمۇ تەس، ئەگەر ياشراق چېغىدا ئىستىقامەت قىلسا، نەتىجە قازىنالىشى مۇمكىن ھەم ئۇنچىلىك زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمۇ ھاجەتسىز.

شۇڭا جىنسىيەتنى باشقا نەرسىگە ئۆزگەرتىشكە يۈزلىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بالىلىق چېغىدىن باشلاپ ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولۇش. بالىلارغا تىنچلىنىشنى، ئەقىل - پاراستىنى ساقلاشنى، سۈكۈتنى ۋە خىيالسىز ھالەت (the state of no — mina) يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىتىش كېرەك، گەرچە چوڭلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، بالىلار ئاللىقاچان جىمجىت، تىنچ ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئۇلار توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەنسە، جىمغۇرلۇق ۋە تىنچلىققا ئۆگىتىلسە، ھامان بىر كۈنى ئۇلار 14 كە توشماستىنلا جەزمەن بىر يېڭى ئىشىك ئېچىلىدۇ. كېيىن جىنسىيەت باش كۆتۈرۈپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تاشقان چاغدىمۇ، ئاللىبۇرۇن ئېچىلغان يېڭى ئىشىككە قاراپ ئاقىدۇ. ئۇلار جىنسىي كەچۈرمىشنى باشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپلا، چوقۇم ئىستىقامەت ئېلىپ كەلگەن خاتىرجەملىك، لەززەت، خۇشاللىق، زامانسىزلىق ۋە ئۆزلۈكنىڭ بولماسلىقىغا يېتەلەيدۇ. ئىستىقامەتتە پىشىپ يېتىلىش ئۇلاردىكى كۈچ - قۇۋۋەتنى خاتا يولغا ئېقىپ كېتىشتىن ساقلاپ، توغرا يولغا سالىدۇ.

بىز بالىلارنى ئىستىقامەت خاتىرجەملىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى جىنسىتىن نەپرەتلىنىش يولىغا باشلىدۇق. «جىنسىيەت - جىنايەت، جىنسىيەت - پاسكىنىلىق» دەپ جار سالدۇق، ئۇلارغا «جىنسىيەت دېگەن رەزىللىك، ئەسكىلىك، ئۇ دېگەن دوزاخ» دەپ ئېيتتۇق، لېكىن بىزنىڭ تىللاشلىرىمىز ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلمىدى، ئەكسىچە بالىلارنى بۇ دوزاخنى، بۇ گۇناھلىق پاسكىنا ئىشنى بىلىشكە قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئەنسىزلىككە، ئالاقزادىلىككە سالدى. ئۇلار ھەر تەرەپتىن بۇ ئىشقا جاۋاب ئىزلەپ، بۇ خىل باشباشتاقلىقنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولدى؛

ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ شۇ ئىشنىڭ كويىدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى، مەيلى كېچىسى ياكى كۈندۈزى بولسۇن، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە يول قويمىغان شۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئاتا - ئانىسىنى ھۆرمەتلەشتىن دەرھال توختىدى. ئاتا - ئانىلارغا بولغان ھۆرمەتنىڭ سۇسلاپ كېتىشى ئادەتتە قاراپ كەلگىنىمىزدەك ھازىرقى مائارىپنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ خاتالىق ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزىدە، بالىلار بىر قارىسا راستتەك، بىر قارىسا يالغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ پاكىتقا ناھايىتى تېزلا دىققەت قىلىدۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنى نەپرەتلىنىشكە ئۆگەتكەن ئاشۇ ئىشقا بېشچىلاپ كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالىدۇ.

بالىلار ناھايىتى ئۆتكۈر كۆزەتكۈچى، ئۇلار سىزنىڭ كېچىدىكى تۇرمۇشىڭىز بىلەن كۈندۈزدىكى تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا، ئۆگەتكىنىڭىز بىلەن قىلغىنىڭىزنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا تېزلا دىققەت قىلىدۇ. ئۇلار ئۆيدە نېمە ئىش بولۇۋاتقىنىنى بىلىدۇ. ئاتىسى پاسكىنىلىق، ئانىسى قىلىقسىزلىق دەپ ئاتىغان شۇ ئىشنىڭ ئۆيدە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇلار نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئاقىۋەت ئاتا - ئانىغا بولغان ھۆرمەتنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتا - ئانىسىنى ھىيلىگەر ساختىپەز دەپ قارايدۇ.

شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، ئاتا - ئانىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان كىشى، ئەبەدىلئەبەد خۇداغا بولغان ئىشەنچىسىنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. كىچىك بالا ئىشەنچ ۋە خۇدا بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشتا ئاتا - ئانىسىغا تايىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىشەنچتىن ئايرىلىپ قالسا، چوڭ بولغاندىن كېيىن جەزمەن دىنسىز بولۇپ كېتىدۇ. كىچىك بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ لىللالىقىدا تۇنجى قېتىم خۇدانى تونۇيدۇ، ئەگەر بۇ لىللالىق بىر خاتا تۇيغۇ بولۇپ ئىسپاتلىنىپ چىقسا، بالىنى خۇداغا مايىل قىلىش تەس، خۇدا بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ماس مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ تاشلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشىدە تۇنجى قېتىم ئۇچرىغان خۇدا ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئابرويى يوقلۇقى ئىسپاتلىنىپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندىكى ياش بىر ئەۋلاد پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلماقتا، ئۇلار ئازادلىق ئىدىيىلىرىنى زاڭلىق قىلىپ، دىنني جۆيلۈش دەپ ئاتىدى. ھالبۇكى بۇ ئۇلارنىڭ ئىزدەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇلارنى گۇمانلىق تۇرمۇشقا سۈرگۈن قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان خۇلاسە.

جىنسىيەت چوڭلار تەرىپىدىن خاتا ئىپادىلەنگەچكە بۇ خىل ئاسىيلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغان. ئەسلىدە بالىلارغا جىنسىيەت كىشىلىك ھاياتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، بىز ھەممىمىز جىنسىيەتنىڭ تۇغۇندىسى ئىكەنلىكى ئاشكارا چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى توغرا چۈشىنىشىگە ياردىمى بولاتتى. ئۇلار چوڭ بولۇپ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرگەن چاغدىمۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ سەمىمىيلىكىگە بولغان ھۆرمىتى يەنىلا ئۇرغۇپ تۇرغان بولاتتى. بالىنىڭ كۆڭلىدە بۇ خىل ئىشەنچ ۋە ھۆرمەتنىڭ باشلىنىشى ئۇلارنىڭ كېيىنكى دىنني تۇرمۇشىغا ئاساس سالىدۇ.

بۈگۈنكى كۈننىڭ بالىلىرى ئاتا - ئانىسىنى ساختىپەز دەپ گۇمانلىنىدۇ، شۇڭا ياش بىر ئەۋلاد بىلەن ياشانغان بىر ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشى پەيدا بولغان. جىنسىيەتنى بېسىش ئەر بىلەن خوتۇننى ئايرىۋەتكەننىڭ ئۈستىگە، بالىلارنىمۇ ئاتا - ئانىسىغا قارشى تۇرىدىغان قىلىۋەتتى.

جىنسىيەتنى بېسىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، بىز ھازىر جىنسىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا موھتاج. بالىلار بالاغەتكە يېتىپ، سوئال سوراشقا باشلىغاندا ئاتا - ئانىلار تۇرمۇشنىڭ ئاساسلىق

uyghurkitap.com

ھەقىقەتتىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇش كېرەك. باللاردا بۇ ئىش ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ياكى پايدىسىز قىزىقىش پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋال، ئۇلاردا ساغلام بولمىغان قىزىقىش يېتىلىشتىن، ئۇلار قاملاشمىغان ئورۇنلاردا ئۆز ھەۋەسىنى قاندۇرىدىغان ھالەتكە يېتىشتىن ئاۋۋال بۇنى قىلىش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلار خۇددى ھازىرقى باللاردەك بىلمەكچى بولغانىنى ئۆزى تاپىدۇ، بىراق ئۇلار قۇسۇرى بار ئادەملەردىن تاپىدۇ، بىنورمال ئەھۋالدا، خەتەرلىك ئۇسۇللار بىلەن تاپىدۇ، بۇنداق ئۇسۇللار زىيانلىق بولۇپ، جىنسىيەتنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ، بۇ خىل ئاقىۋەت ئۇلارنى ئۆمۈر بويى قىينايدۇ، ئازابلايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا باللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوتتۇرىسىدا مەخپىيەت ۋە نومۇس تېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

ئاتا - ئانىلار ئەزەلدىن باللىرىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىدىن خەۋەرسىز، باللارمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭكىدىن خەۋەرسىز. بۇ - مۇكۇ - مۇكۇلەك كەلتۈرۈپ چىقارغان يىراقلىشىش ناھايىتى خەتەرلىك. باللار مۇۋاپىق جىنسىي تەربىيە ئېلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، باللار ئىستىقامەت (meditate) قىلىشقا - جىمجىتلىقنى، خاتىرجەملىكنى، سۈكۈتنى ساقلاشقا، خىيالسىز (no — mind) ھالەتكە يېتىشكە يېتەكلىنىشى كېرەك. باللار بۇنداق ھالەتكە يېتىشنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋالىدۇ، ھەر بىر ئائىلە مۇقىم بىر پىلان بىلەن باللارنىڭ ئىستىقامەتكە كىرىشىشى ئۈچۈن ياردەمدە بولۇشى كېرەك، ئاتا - ئانىلارمۇ بىرلىكتە ئىستىقامەت قىلغاندىلا، باللارمۇ ئىستىقامەت قىلالىشى مۇمكىن، ھەر بىر ئائىلىدە مەجبۇرىي ھالدا كۈنىگە بىر سائەت ئىستىقامەت قىلىنىشى كېرەك، زۆرۈر تېپىلغاندا ئادەم بىر ۋاخ تاماقنى كەم يېسىمۇ بولىدۇ، لېكىن قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ھەر كۈنى بىر سائەت سۈكۈتتە تۇرۇشقا رىئايە قىلىش كېرەك. ھەر كۈنى بىر سائەت جىمجىت تۇرۇشقا ئەمەل قىلالمىغان ئۆيىنى ئۆي دېمەيمىز، ئۇنى ئائىلە دەپ ئاتاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ھەر كۈندىكى بىر سائەت جىمجىتلىق باللىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى ساقلاپ بېرىدۇ، ئۇ 14 ياشقا تولغاندا بۇ ئېنېرگىيە ئېقىمى ئوخچۇپ چىقىپ ئىستىقامەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ رەسمى ئىستىقامەت ھالىتىگە يېتىدۇ، زامانسىزلىق ۋە ئۆزلۈكتىن خالىي بولۇشنى باشتىن كەچۈرەلەيدۇ، روھىيەتكە، «تەڭداشسىز يۈكسەكلىك» كە نەزەر سالالايدۇ. جىنسىي تەجرىبىدىن بۇرۇن ئۇ ئاشۇ يۈكسەكلىك بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ - دە، جىنسىيەتكە بولغان ئەسەبىيلەرچە تەلپۈنۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۆڭۈللۈك، تېخىمۇ ئالىي قانائەت يولىنى تاپالايدۇ.

مانا بۇ ھەۋەستىن خالىي بولۇش جەريانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولغان جىنسىيەتتىن ھالقىشتۇر، جىنسىيەتتىن ھالقىشنىڭ ئۇسۇلى - (meditation) دۇر.

ئىككىنچى ئاساسلىق قانۇنىيەت - مۇھەببەت. كىچىك بالا بوۋاق چېغىدىن باشلاپلا مۇھەببەت تەربىيىسى ئېلىش كېرەك. ئادەتتە كىشىلەر مۇھەببەت تەربىيىسى ئادەمنى جىنسىيەتنىڭ ئېزىتقۇ قەسرىگە باشلاپ كىرىدۇ دەيدۇ. لېكىن بۇ قورقۇش ئاساسسىز، جىنسىيەت تەربىيىسى ئادەمنى مۇھەببەتكە باشلاپ بارىدۇ. لېكىن مۇھەببەت تەربىيىسىنىڭ ئادەمنى جەزمەن جىنسىي خىيالغا سۆرەپ كىرىشى ناتايىن. بۇ خىل ھەقىقىي ئەھۋال بىلەن ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئىشىنىپ يۈرگىنى بىر-دەك ئەمەس. مۇھەببەت تەربىيىسىدىن كېيىن، جىنسىي ئېنېرگىيە مۇھەببەتكە ئۆزگىرىدۇ.

بىر ئادەم ئەتراپىدىكىلەرگە بەرگەن مۇھەببەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلىۋاتقان مۇھەببەتكە ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. مۇھەببەتتىن مۇستەسنا ئادەملەرنىڭ كاللىسى جىنسىيەت بىلەن توشۇپ كەتكەن. بىر ئادەمنىڭ مۇھەببىتى قانچە ئاز بولغانسېرى، نەپرىتى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. سۆيگۈسىز ئادەملەرنىڭ قەلبى ئوخشاش دەرىجىدە ھەسەتخورلۇققا تولغان. بىر ئادەمنىڭ مۇھەببىتى قانچە ئاز بولغانسېرى، ئۇ شۇنچە كۆپ جېدەل قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئىچ پۇشۇقلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولغان مۇھەببەت بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. بىر ئادەمنى غەم - قايغۇ، ھەسرەت، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە يالغانچىلىق قاتارلىقلار قانچە يالماپ كەتسە، ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسى شۇنچە خورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجىز، قۇۋۋەتسىز بولۇپ قالىدۇ، دائىم جىددىيلىشىپلا يۈرىدۇ. بۇ خىل قوپال، يېقىمسىز، پەس، چاكىنا ھېسسىياتلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى - جىنسىيەتتۇر.

مۇھەببەت ئېنېرگىيىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ،

مۇھەببەت يۇمران بولۇپ، ئىلاستىكىلىقى، ئىجادىيلىقى، ھەرىكەتچانلىقى باي بولىدۇ. ئۇ ئادەمنى قانائەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ قانائەتلەندۈرۈشى جىنسىيەتنىڭكىدىنمۇ چوڭقۇر ھەم قىممەتلىك، بۇ خىل قانائەتنى بىلگەن ئادەم مەڭگۇ باشقا نەرسىنى قوغلىشىپ يۈرمەيدۇ. خۇددى گۆھىرى بار ئادەم ھېچقاچان تاش ئىزدەپ يۈرمىگەنگە ئوخشاش.

لېكىن نەپرەت بىلەن تولۇپ تاشقان ئادەم ئەبەدىلئەبەد قانائەت تاپالمايدۇ. ئۇ دائىم خاۋاتىرلىنىپ يۈرىدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەر بىر نەرسىنى نابۇت قىلىدۇ. ئەمما بۇزۇش ھېچقانداق خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. پەقەت ئىجاد قىلىشلا ئادەمگە مول قانائەت تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ. ھەسەتخور ئادەم ئۈرۈشقاق بولىدۇ. رىقابەتچانلىقى باي بولىدۇ. ئەمما ئۇ مەڭگۇ قانائەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئاكتىپ ۋە تاجاۋۇزچى ئادەم باشقىلارغا پەقەت پاراكەندىچىلىكلا سالىدۇ.

چوڭقۇر خۇشاللىق بېرىشتىن كېلىدۇ، ئېلىشتىن خۇشلۇققا يېتىش مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس، چاڭگاللاپ بېسىۋالغان ھەربىر نەرسە كاللىغا تىنچلىق بەرمەيدۇ. بۇ خىل تىنچلىققا بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، پايدىلىق تەقسىم قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىر قارا نىيەت ئادەم بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا سەكرەش تەمەسىدە يۈرگەچكە ئۇنىڭ كۆڭلى مەڭگۇ ئارام تاپمايدۇ. ئەمما ھوقۇققا ئەمەس، سۆيگۈگە تەلپۈنگەن، سۆيگۈسىنى ھەرقانداق جايغا تارقاتقان ئادەم ناھايىتى خۇشال ياشىيالايدۇ. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولۇش دەرىجىسى بىلەن روھىي چوڭقۇرلۇقىدا تاپالايدىغان رازىمەنلىك، چوڭقۇر قانائەت، خۇشاللىق ۋە نۇسرەت تۇيغۇسىنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش، مۇشۇنداق ئەقىل تاپقان ئادەم جىنسىيەتتىن غەم قىلمايدۇ، ئۇنىڭ جىنسىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىمۇ ھاجەتسىز، چۈنكى جىنسىيەتتىن ئېرىشىدىغان قانائەت ۋە شادلىقنى ئۇ مەڭگۇ مۇھەببەتتىنمۇ ئېرىشەلەيدۇ.

كېيىنكى بىر ئابزاس: يېتەرلىك سۆيگۈگە ئىگە بولۇپ يېتىلىش.

بىز مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىشىمىز، مۇھەببەت ئاتا قىلىشىمىز، مۇھەببەت ئىچىدە ياشىشىمىز كېرەك. لېكىن مۇھەببەت باشقىلارنى سۆيۈشلا ئەمەس. سۆيگۈگە جان پىدا قىلىش بىر ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى پۈتۈنلەي سۆيگۈگە تولدۇرۇشتۇر. مېنىڭ دېگىنىم بىر مۇكەممەل مۇھەببەت تەربىيىسى، بىز بىر تال تاشنى تېرىۋالغان ۋاقتىمىزدا بىر دوستىمىزنى كۆتۈرۈۋالغاندەك، دۈشمەن بىلەن قول ئېلىشقاندا خۇددى دوستىمىز بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولالىشىمىز كېرەك.

بەزىلەر ماددىي نەرسىلەرنىمۇ مېھرى - مۇھەببەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ھەتتا جانسىز نەرسىلەرگىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدىغان مۇئامىلە ئۇسۇلىدۇر. روھىنى نەپرەت ئىگىلىگەن بىر ئادەم ئۈچۈن، ئادەم جانسىز شەيئىلەرچىلىكمۇ بولالمايدۇ. لېكىن مۇھەببەتلىك بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تەبىئىتى، خاراكتېرىنى ئۆزى يولۇققان ھەر بىر شەيئىگە يەتكۈزىدۇ.

بىر قېتىم ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق بىر سەيياھ مەشھۇر بىر دەرۋىش كالاننى يوقلاپ بېرىپتۇ. سەپەر ھاردۇقى يەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئۇ كىشى سەپراسى ئۆرلەپ، ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا ئايىغىنى يېشىپلا بىر بۇلۇڭغا پىرقىرىتىپ ئېتىپتۇ - دە، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپتۇ. كەيپى ئۇچقاندا ئاياغ سالغان ئادەم ئاياغنىمۇ ئۆزىنىڭ شۇم رەقىبى دەپ ھېسابلايدۇ. ھەتتا ئىشىكنىمۇ خۇددى ئىشىكتە ئۆزىنىڭ ئۆچى باردەك ئاچىدۇ.

ھېلىقى كىشى ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئېچىپ كىرىپ، دەرۋىش كالانغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

- ياق، مەن سېنىڭ سالىمىڭنى ئىلىك ئالمايمەن، سەن ئاۋۋال ئىشىك بىلەن ئاياغدىن ئەپۇ سوراپ كەل،- دەپتۇ دەرۋىش كالان.

- نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟- دەپتۇ ئۇ،- ئىشىكتىن كەچۈرۈم سورامدىم؟ نېمىشقا ئەمدى؟ ئۇلارنىڭ جېنى بارمىدى؟

دەرۋىش كالان مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

- ئاچچىقىڭنى ئاشۇ جېنى يوق نەرسىلەردىن چىقىرار چاغدا بۇ نۇقتىنى ئويلاپمۇ باقماي ئاياغنى گۇناھى باردەك ئاتتىڭ، ئىشىكنى خۇددى دۈشمىنىڭدەك ئاچتىڭ، دەردىڭنى چىقىرىدىغان چاغدا ئۇلارنىڭ يەككىلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنسەن، ئوخشاشلا يەنە ئۇلاردىن ئەپۇ سوراشقا تەييار تۇرۇشۇڭ كېرەك، قېنى ئۇلاردىن ئەپۇ سوراپ كەل، بولمىسا پېقىرنىڭ سەن بىلەن سۆزلەشكىدەك ھەپسىلى يوق.

«بۇ شۆھرەتلىك دەرۋىش كالان بىلەن سۆزلەشمەن دەپ شۇنچە يىراق يەردىن كەپتىمەن، بۇ كىچىككىنە ئىش ۋەجىدىن سۆھبەت توختاپ قالسا بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش

بولغۇدەك» دەپ ئويلىغان سەيياھ قول قوشتۇرۇپ ئاياغىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ دوستۇم بىئەدەپلىكىمنى كەچۈر،ـ دەپتۇ. ئاندىن ئىشىككە:

ـ سېنى ئاچچىقلاپ ئاچقىنىم توغرا بولماپتۇ. مەن ناماقۇل،ـ دەپتۇ.

بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن نېمىدېگەن ئۆزگىچە دەقىقە ـ ھە !...

سەيياھ ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق يېزىپتۇ: «دەسلەپىدە بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى بىمەنە تۇيۇلغانىدى. لېكىن ئۆزرە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىن يېڭى بىرنەرسە زاھىر بولغاندەك قىلدى. مەن ناھايىتى خاتىرجەملىك، بەھۇزۇرلۇق، تىنچلىق ھېس قىلدىم. ئىشىك بىلەن بىر جۈپ كالاچتىن كەچۈرۈم سورىغانغىمۇ ئادەمنىڭ مۇنچىۋالا خاتىرجەم، تەمكىن، ئازادە بولۇپ قېلىشى زادىلا ئەقلىمگە سىغمىدى».

ئەپۇ سوراپ بولغاندىن كېيىن ئۇ دەرۋىش كالانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، دەرۋىش قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن :

ـ مانا ئەمدى بولدى، ھازىر كەيپىياتىڭ جايىغا چۈشتى، ئەمدى پاراڭلاشساق بولىدۇ، بايا سەن مېھرى ـ مۇھەببىتىڭنى ئىپادىلەپ، خېلى يېنىكلەپ قالدىڭ. ھازىر ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بىر دوستانە مۇناسىۋەت بار بولدى،ـ دەپتۇ.

پرىنسىپ ئىنسانىيەتنى سۆيۈشلا ئەمەس، مەسىلە شۇكى ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ مۇھەببەتكە تولغان بولۇشى كېرەك.

بىر ئادەمگە ئاناڭنى سۆيۈشۈڭ كېرەك، دېيىش خاتا، بۇ بىر خىل خاتا ئىپادىلەش، ئانا بولغۇچى بالىسىدىن ئۆزى ئۇنىڭ ئاتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلسا، بۇ بىر خىل ئالدامچىلىق. ئۇ مۇھەببەتكە بىر سەۋەب كۆرسەتتى. ئوخشاشلا، ئانا ئەگەر بالىسىغا ئۆزى ئانا بولغانلىقى ئۈچۈن بالىسى ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش لازىملىقىنى ئېيتقان بولسا، بۇ بىر خىل قاتمال قائىدىدۇر. «چۈنكى» ۋە «شۇنىڭ ئۈچۈن» بىلەن باغلانغان مۇھەببەت خاتا، مۇھەببەتنىڭ سەۋەبى يوق، ئۇ سەۋەب ئۆزىنى كەمسىتمەسلىكى كېرەك، ئانا بولغۇچى «مەن سېنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ چوڭ قىلدىم. شۇڭا مېنى سۆي» دەيدۇ. ئۇ بىر سەۋەب كۆرسەتتى. شۇڭا مۇھەببەت ئاخىرلىشىدۇ. بالا مەجبۇرلانسا بەلكىم ئۆزلۈكىدىن مۇھەببەت ئىپادىلىمەسلىكى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئانىسى، لېكىن مۇھەببەت تەربىيىسىنىڭ مەقسىتى بالىنى مەلۇم سەۋەبتىن مۇھەببەت ئىپادىلەشكە مەجبۇرلاش ئەمەس، بەلكى شارائىت يارىتىپ، شۇ شارائىتتا بالىنىڭ قەلبىنى مۇھەببەتكە لىق تولدۇرۇش.

بىر نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ بالا ئۆزى يولۇققانلا نەرسىگە، مەيلى ئۇ تاش، ئادەم، گۈل، ھايۋان، ياكى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە كۆڭۈل بېرىشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، مىجەزىگە، كېلەچىكىگە، شاد ـ خۇراملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. مۇھىم نۇقتا پەقەت ھايۋاناتلارنى، گۈل ـ گىياھلارنى، ئاتا ـ ئانىسىنى ياكى باشقىلارنى سۆيۈشتە ئەمەس، بەلكى بالىنىڭ مۇھەببەتكە تولۇشىدا، بۇ يالغۇز ئۇنىڭ كەلگۈسىگىلا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىر كىشىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ خۇشاللىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە تولغان ـ تولمىغانلىقى ئۇنىڭ قەلبىدە قانچىلىك مۇھەببەت بارلىقىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولغان بىر ئادەم شەھۋەتتىن خالىي بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىراق بىز مۇھەببەت بېرەلمىدۇق، بىزدە مۇھەببەتكە نىسبەتەن قىزغىن قەلب يوق.

سىز ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ يەنە بىرسىگە ئۆچ بولالايدۇ دەپ قارامسىز؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئىشقى بار ئادەم يالغۇز تۇرغاندىمۇ مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت ئۇنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ قانداقلىقى قىلچە تەسىر قىلمايدۇ. رەنجىگەن ئادەم ئۆزى يالغۇز تۇرغاندىمۇ رەنجىيدۇ، ئۆچمەنلىككە تولغان ئادەم يالغۇز قالغاندىمۇ ئۆچمەنلىككە تولغان بولىدۇ. بىراۋنى كۆزىتىپ باقساق، ئۇ يالغۇز تۇرغاندا ھەتتا ھېچكىمگە غەزىپىنى ئىپادىلىمىسىمۇ، سىز ئۇنىڭ غەزىپىنى يەنىلا ھېس قىلالايسىز، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن غەزەپ ـ نەپرەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەكسىچە سۆيگۈگە تولغان بىر ئادەمنى كۆرسىڭىز، ئۇ يالغۇز تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭدىن تېشىپ تۇرغان ئىشقىنى ھېس قىلالايسىز.

گۈل ـ چېچەكلەر ئورمانلىقتا ئېچىلىپ تۇرىدۇ. بىر كىم ئۇنىڭدىن زوقلانسۇن ـ زوقلانمىسۇن، يېنىدىن بىر كىم ئۆتسۇن ـ ئۆتمىسۇن خۇشپۇراق چېچىۋېرىدۇ. خۇشپۇراق گۈلنىڭ تەبىئىتى، گۈل مەن ئۈچۈن خۇشپۇراق تارقىتىۋاتىدۇ، دەيدىغان خاتا تۇيغۇدا بولماڭ!

ئادەملەرنىڭ مۇھەببەتكە تولغان بولۇشى، كىم بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە تايىنىۋالماسلىقى كېرەك. لېكىن سۆيگۈچى سۆيۈلگۈچىدىن ئۆزىنىلا سۆيۈپ باشقىلارنى سۆيمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، پەقەت مېنىلا سۆي، دەيدۇ. لېكىن ئۇ باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن دېگەن كىشىنىڭ بىر ئادەمنىمۇ ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. خانىمى ئېرىنىڭ ئۆزىنىلا ياخشى كۆرۈپ، باشقا ھېچقانداق ئادەمگە مېھرى - مۇھەببەت كۆرسەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ، شۇنداق بولغاچقىلا ئېرىنىڭ ئۆزىنى جەلپ قىلالىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، مۇھەببەتتىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا بىر ئادەم قانداقلارچە خوتۇنىغا مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلالىسۇن؟ سۆيۈش ھاياتنىڭ ماھىيىتى.

ئادەمنىڭ بىرلا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ، باشقا بارلىق ئادەمنى ياخشى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئىنسانىيەت مۇشۇ ئاددىي ھەقىقەتنىمۇ تونۇپ يېتەلىگىنى يوق. دادا بالىسىدىن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ بالىسىغا ئۆيدىكى قېرى خىزمەتكارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەتكەنمۇ - يوق؟ ئۇمۇ بىر ئادەم ئەمەسمۇ؟ بەلكىم خىزمەتكار قېرىپ قالغاندۇ، لېكىن ئۇمۇ مەلۇم بىرەرسىنىڭ دادىسى بولۇشى مۇمكىن. ياق، ئۇ دېگەن پەقەتلا خىزمەتكار، شۇڭا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشنىڭ ھاجىتى يوق، بىراق ئاتا بولغۇچى بۇ كىشى شۇنى بىلمەيدۇكى، ئۇ قېرىپ بالىسى ئۇنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا، ئۇمۇ ئاغرىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى جىمى ئادەمنى سۆيۈشكە ئۆگىتىلگەندە ئىدى، ئۇلار مېھىر - مۇھەببەتلىك ئادەم بولۇپ چىقاتتى، كېيىنچە ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ياشانغان ئاتىسىنىڭ ئىززىتىنى قىلاتتى.

مۇھەببەت بىر خىل مۇناسىۋەت ئەمەس، بىر خىل روھىي ھالەتتۇر. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئادەملىك تەبىئىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى. شۇڭا مۇھەببەت تەربىيىسىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بالىغا بارچىنى سۆيۈشنى ئۆگىتىش. ھەتتا بالا بىر كىتابنى ئوبدان قويمىغان بولسا، چوڭلار، كىتابنى مۇنداق قويۇشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ كىتابقا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلسا، كىشىلەرنىڭ ئۇنى نېمىدەپ ئويلاپ قالىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك. ھەتتا ئۆز ئېتىڭىزغا قوپاللىق قىلسىڭىزمۇ، بۇ سىزنىڭ مىجەزىڭىزدىكى نۇقسانىنى كۆرسىتىدۇ. سىزدە مۇھەببەت كەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مۇھەببەتكە تولمىغان ئادەم ئەسلا ئادەم ئەمەس.

بىر تەقۋادار ئادەمنىڭ ھېكايىسى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر كەپىدە تۇرىدىكەن، بىر كۈنى يېرىم كېچىلەر بىلەن ناھايىتى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، تەقۋادار ئادەم بىلەن ئۇنىڭ قوشناچىمى ئۇيقۇدا ئىكەن، ئۇشتۇمتۇت ئىشىك چېكىلىپتۇ، بىراۋ قونالغۇ ئىزدەۋاتقانىكەن.

تەقۋادار كىشى قوشناچىمنى ئويغىتىپ دەپتۇ:

- ھوي كەمپىر، بىرسى دەرۋازىنى قېقىۋاتىدۇ، بىرەر يولۇچى ياكى ناتونۇش دوست بولسا كېرەك.

دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ئۇ «ناتونۇش دوست بولسا كېرەك» دەپتۇ. ئادەتتە سىز تونۇش ئادەملەر بىلەنمۇ دوستلاشمايسىز، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى بىر خىل مۇھەببەتلىك مۇئامىلە.

تەقۋادار ئادەم دەپتۇ:

- ناتونۇش بىر دوستىمىز تالادا ساقلاۋاتىدۇ، ئىشىكنى ئاچقىن.

ئۇنىڭ قوشناچىمى دەپتۇ:

- پۈت سۇنغۇدەك ئورۇن يوق تۇرسا، ئۆيگە ئىككىمىزمۇ ئاران پېتىۋاتساق، ئۇ ئادەمنى قانداقمۇ قوندۇرالايمىز؟

تەقۋادار كىشى مۇنداق دەپتۇ:

- قوشناچىم، بۇ پۇلدارلارنىڭ سارىيى ئەمەس، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆي كىچىكلەپ قالمايدۇ. بايلارنىڭ سارايلىرى بىر مېھمان ئوشۇق كەلسىلا تارلىشىپ كەتكەندەك بولىدۇ، بۇ دېگەن كەمبەغەلنىڭ كەپىسى.

قوشناچىم سوراپتۇ:

- كەمبەغەل بىلەن باينىڭ بۇ ئىشقا نېمە ئالاقىسى ئەمدى؟ نەق گەپنى قىلساق بۇ دېگەن بىر كىچىككىنە كەپە!

تەقۋادار كىشى جاۋاب بېرىپتۇ:

- ئەگەر كۆڭلۈڭ كەڭ بولسا، بۇ كەپىنى سارايدەك ھېس قىلىسەن، ئىچىڭ تار بولسا، سارايمۇ كىچىكلىك قىلىدۇ، ئىشىكنى ئاچقىن، بوسۇغىمىزغا كەلگەن ئادەمنى قانداقمۇ قايتۇرالايمىز؟ بىز خېلى ئۇزاق ياتتۇق. ئەگەر ئۈچ ئادەم بولساق، ياتقىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئولتۇرساق بولىدۇ. ئەگەر ئولتۇرساق، يەنە بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك بوشلۇق قالىدۇ.

ئايال ئىشىكنى ئېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئۇ كىشى

www.uyghurkitap.com

كىرىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇلار ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشقا باشلاپتۇ. بىرئازدىن كېيىن يەنە ئىككىيلەن كېلىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ.

- يەنە ئادەم كەلگەن ئوخشايدۇ،- دەپتۇ تەقۋادار ئادەم ۋە ئىشىكنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مېھماننى ئىشىكنى ئېچىشقا جورۇپتۇ. ئۇ ئادەم:

- ئىشىكنى ئاچامدىم؟ ئورۇن قالمىغان تۇرسا،- دەپتۇ.

ئۇ ئادەم يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن بۇ كەپىگە كىرىپلا ئاشۇ تەقۋادار كىشىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى، ئۇنى پاناھ جايغا ئېرىشتۈرگىنىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، بۇ كەپىدە سۆيگۈ بولغاچقا ئۇ پاناھلىق تاپالىغان، ھازىر يېڭى مېھمان كەلدى. سۆيگۈ يېڭى مېھماننىمۇ سىغدۇرۇش كېرەك.

لېكىن ئۇ ئادەم :

- ياق، ئىشىكنى ئاچمايلى، بۇ يەردە ناھايىتى قىيىنلىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىمىزنى كۆرمەيۋاتامىلا؟- دەپتۇ.

تەقۋادار كىشى مۇنداق دەپتۇ:

- ئەي ئەزىز مېھمىنىم، پېقىر سىزگىمۇ ئورۇن چىقىرىپ بېرەلىگەن ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ كىرىشىڭىزگە ئىجازەت بېرىلدى، چۈنكى بۇ يەردە سۆيگۈ بار، بۇ سۆيگۈ يەنىلا مەۋجۇت، ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ كەتمەيدۇ. ئىشىكنى ئېچىڭ، ھازىر ئازادە ئولتۇرۇۋاتىمىز، ئۇلار كىرسە قىسىلىپ كاللەك بولىۋالساق پاتىمىز. دېگەنبىلەن تالا سوغۇق، يېقىن - يېقىن ئولتۇرساق، ئىللىقلىق ۋە خۇشاللىق بىزگە ھەمراھ بولىدۇ.

ئاخىرى ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى ئادەم كىرىپتۇ، ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ تونۇشۇشقا باشلاپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن بىر ئېشەك كېلىپ ئىشىكنى بېشى بىلەن ئىتتىرىپتۇ. ئېشەكنىڭ ئۈستى - بېشىمۇ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن، ئۇمۇ پاناھ جايغا موھتاج ئىكەن، تەقۋادار كىشى تاپسىدا ئولتۇرغان ئادەمنى ئىشىكنى ئېچىشقا جورۇپتۇ:

- يېڭى دوستىمىز كەلدى.

ئۇ ئادەم ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ:

- ئۇ بىرەر دوست ئەمەس، دوستقا ئوخشايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى دۆت ئېشەك. ئىشىكنى ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق،- دەپتۇ.

تەقۋادار كىشى مۇنداق دەپتۇ:

- سىز بىلمىسىڭىز كېرەك، بايلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئادەممۇ ھايۋاندەك مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ، لېكىن بۇ دېگەن بىر نامرات دەرۋىشنىڭ كۇلبىسى، بىز ھايۋاننىمۇ ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ ئادەتلەنگەن، ئىشىكنى ئېچىڭ .

ھېلىقى ئادەملەر تەڭلا غودۇرۇشۇپ، زارلانغان ئاۋازدا:

- لېكىن ئورۇننىچۇ؟- دەپتۇ.

- ئورۇن دېگەن كۆپ، ئولتۇرماي، ئۆرە تۇرساقمۇ بولىدۇ. ۋايىساش بىھاجەت، كېرەك بولسا، مەن تالاغا چىقىپ كېتىپ كەڭ تاشا ئورۇن چىقىرىپ بەرسەممۇ بولىدۇ.

مۇھەببەت ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىش قىلالايدۇ ئەمەسمۇ؟ !

بىز مۇھەببەتكە لىق تولغان قەلبكە جىددىي ئېھتىياجلىق، بىزدە مۇھەببەتلىك پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك.

بىر ئادەم مۇھەببەتلىك قەلبكە ئىگە بولغان چاغدىلا، ئۇنىڭ ئادىمىيلىكى ئىپادىلىنىدۇ، مۇھەببەتلىك قەلب چوڭقۇر قانائەت تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ. سىز بىراۋغا ئازراق مۇھەببەت ئىپادىلىگەندىن كېيىن ناھايىتى زور قانائەت ۋە خۇشاللىقنىڭ ۋۇجۇدىڭىزنى لەرزىگە سېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغانمۇ؟ قانائەتتىن كەلگەن ئەڭ بەھۇزۇر مىنۇتلارنى شەرتسىز مۇھەببەتنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟

ساپ مۇھەببەت پەقەت ھېچقانداق شەرت ئارىلاشمىغان چاغدىلا مەۋجۇت بولالايدۇ، شەرتلىك مۇھەببەت، مۇھەببەت ئەمەس. سىز كوچىدا تونۇمايدىغان بىرسىگە كۈلۈمسىرىگەندىن كېيىنكى قانائەت تۇيغۇسىنى باشتىن كەچۈرۈپ باققانمۇ؟ ! ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگىنى بىر ئىللىق كەيپىيات ئەمەسمۇ؟ سىز بىر چۈشكۈن ئادەمنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈشىگە ياردەم قىلغاندا، ياكى بىر بىمارغا گۈل كۆتۈرۈپ كىرگەندە چەكسىز بىر خاتىرجەملىك لەززىتىنى ھېس قىلىسىز. بىراق ئۇ سىزنىڭ ئاڭىڭىز ياكى دادىڭىز بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلسىڭىز، سىزدە ئۇنداق تۇيغۇ بولمايدۇ، ئۇ سىز ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئالاھىدە ئادەم بولمىسىمۇ، تەقدىم قىلغان سوۋغىتىڭىزنىڭ ئۆزىلا چوڭ بىر مىننەتدارلىق، زور بىر خۇشاللىق.

سۆيگۈ ئىچ - ئىچىڭىزدىن تېشىپ تۇرىشى - گۈل - گىياھلارنى، ئىنسانلارنى، ناتونۇشلارنى، كەلگۈندىلەرنى، ئايغا ۋە يۇلتۇزغا ماڭغانلارنى

سۆيۈشكىنى، مۇھەببىتىڭىز ئۇزلۇكسىز ئېشىپ بېرىشى كېرەك.

سۆيگۈنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، جىنسىيەتنىڭ بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئىمكانىيىتى ئازىيىپ، مۇھەببەت ۋە ئىستىقامەت بىرلىكتە ئىلاھلىق مۇقامىغا يېتىپ، ھەقىقىي ھاۋايى - ھەۋەسسىز تۇرمۇش ئادەمگە قۇچاق ئاچىدۇ، ئاندىن پۇتۇن ھاياتىي كۈچ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، زادىلا خوراپ كەتمەيدۇ، ئاجىزلىمايدۇ، ئىچكى ئېنېرگىيە جەننەتنىڭ يولىغا كۆتۈرۈلىدۇ. ھازىر بىزنىڭ سەپىرىمىز تۆۋەن قاتلامدا كېتىۋاتىدۇ، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە بولغاندا، ئېنېرگىيە پەقەت پەسكە قاراپ ئاقىدۇ، يەنى جىنسىيەتكە ئېقىپ بارىدۇ. ھاۋايى - ھەۋەسسىزلىك بولسا يۇقىرىغا قىلىنغان سەپەر، مۇھەببەت بىلەن ئىستىقامەت ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى.

بۈگۈن سىلەرگە ئىككى ئىشنى ئېيتىپ بەردىم، ئۇ بولسىمۇ مۇھەببەت ۋە ئىستىقامەت. مەن سىلەرگە بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ مەشىق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. بىراق بۇ سۆزۈمگە قاراپلا بىز ھازىر بالا ئەمەس، ئەمدى ھېچ ئىش قىلالمىغۇدەكمىز دېگەن يەكۈنگە كەلمەڭلار. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا مېنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىم بىكارغا كېتىدۇ. سىز قانچە ياشقا كىرمەڭ، بۇ پايدىلىق ئىشنى ھەرقانداق بىر كۈندە باشلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ. گەرچە يېشىڭىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ تەسكە توختىسىمۇ، لېكىن ھاياتنىڭ ھەرقانداق بىر مەزگىلىدە بۇ مۇساپىنى باسقىلى بولىدۇ. بالىلىق چاغدا بۇ سەپەرنى باشلاش بىرئاز ئوڭاي. لېكىن بۇ ئىشقا ھاياتنىڭ ھەرقانداق مەزگىلىدە تۇتۇش قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ. بۈگۈننىڭ ئۆزىدە باشلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر ياشانغانلار ئۆگىنىشنى خالىسا، ئۆگىنىشكە مەيلى بولسىلا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ھەممە ئىشنى بىلىپ بولدۇم ياكى ئۆيلىغانلىرىمنى قىلىپ بولدۇم دەپ قارىمىسىلا، ئۇلار يەنىلا كىچىك بالىدۇر.

بىر كۈنى بۇتساتۋا ئۆزىگە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بەيئەت قىلىپ كەلگەن بىر مۇخلىستىن سوراپتۇ:

– راھىب، قانچە ياشقا كىردىڭ؟

– بەش ياشقا،– دەپ جاۋاب بېرىپتۇ راھىب.

بۇتساتۋا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

– بەش ياش دەمسەن؟ سەن قارىماققا ئاز دېگەندىمۇ 70 تىن كەم ئەمەس. بۇ قانداق جاۋاب؟

راھىب بۇتساتۋاغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

– بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، مېنىڭ ھاياتىمغا بەش يىل بۇرۇن ئىستىقامەت نۇرى كىردى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھاياتىم بىر چۈشكە ئوخشايتتى، مەن ئويقۇ ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدىم. شۇڭا مەن يېشىمنى سانىغاندا ئۇ يىللارنى قوشمىدىم. ئۇ يىللارنى قانداقمۇ يېشىمغا قوشالايمەن؟ مېنىڭ ھەقىقىي ھاياتىم بەش يىل بۇرۇن باشلانغان، شۇڭا مەن ئەمدىلا بەش ياش.

بۇتساتۋا بارلىق مۇخلىسلارنى بۇ راھىبنىڭ جاۋابىغا ئوبدان قۇلاق سېلىشقا بۇيرۇپتۇ.

سىلەر ھەممىڭلار مۇشۇ ئۇسۇلدا يېشىڭلارنى ھېسابلاڭلار، بۇ ياش ھېسابلاشنىڭ ئۆلچىمى. دىلىڭلاردا مۇھەببەت ۋە ئىستىقامەت كۆز ئاچمىغان بولسا، ھازىرغا قەدەر ئۆمرۈڭلار زايە كەتكەن، سىلەر تېخى تۇغۇلمىغان بولىسىلەر، بىراق سىلەر سىناپ بېقىشقا ھېچقاچان كېچىكمەيسىلەر، ھەممىمىز تېخىمۇ يۇكسەك ھايات ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا مەڭگۈ كېچىكمەيمىز.

شۇڭا سىلەر مېنىڭ سۆزۈمدىن بۇ نۇتۇق كېيىنكى دەۋردىكىلەر ئۈچۈنكەن، چۈنكى بىزنىڭ بالىلىقىمىز ئۆتۈپ بولدى دەپ يەكۈن چىقارماڭلار، ھەرقانداق دەۋردە ھەرقانداق ئادەم خاتا يولدا ئۇزاپ كەتمىگىچە توغرا يولغا قايتىپ كېلەلمەيدۇ. تويۇق يولغا كىرىپ باقمىغىچە، ھەقىقەت ئاپتىپىنىڭ راھىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

سېلىشتۇرۇپ باقساق، بۇ سەپەرگە ئۇنچە كۆپ جۈرئەت كەتمەيدۇ. تەرىقەتكە يەتكەندە ئېرىشىدىغان نۇسرەت ۋە قانائەت مېۋىسى سىڭدۈرگەن ئەجىرىدىن كۆپ بولىدۇ. ئاشۇ نۇرغا، ئاشۇ شادىيانىلىققا، ئاشۇ ھەقىقەتكە بىرلا نەزەر سالساق، تىرىشچانلىقىمىزنىڭ شۇقەدەر ئاز، مۇۋەپپەقىيىتىمىزنىڭ شۇقەدەر كۆپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ بىزگە كىچىككىنە تىرىشچانلىق بىلەنلا ئاشۇ بىباھا نەرسىگە ئېرىشكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

مېنىڭ سۆزلىرىمنى خاتا ئىدىيە قېلىپلىرىغا سېلىپ ئويلىماڭلار، بۇ مېنىڭ ھەر قايسىڭلاردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن كۈتىدىغىنىم.

(خەنزۇچە ئوشونىڭ «چىن مۇھەببەت سەپىرى» ناملىق كىتابىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مەرھابا يېڭى ئىستېمال

# كومپيۇتېر ۋە 21 - ئەسىر

ئىنسانىيەت 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مىسلىسىز بىر ئىنقىلاب دەۋرىگە — ئۇچۇر ئىنقىلابى دەۋرىگە قەدەم قويدى. يەرشارى بىردىنلا كىچىكلەپ كەتكەندەك بولدى. كومپيۇتېرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئىنسانىيەتكە بەخت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە رىقابەت ۋە خىرىسنىمۇ تەڭ ئېلىپ كەلدى. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزگە تېخى ناتونۇش بولغان بۇ ساھە تەرەققىي تاپقان نۇرغۇن ئەللەردە غايەت زور ئىقتىسادىي بايلىق ياراتتى.

بۇ يىل 5 - ئايدا مەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلەر پروگراممىسىدا خارىبىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. خەۋەردە مېنى قىزىقتۇرغىنى ئۇلار جۇڭگودا تۇرۇپ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئىلىم تەھسىل قىلىپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇ بىر نورمال ئىش. ئۇلار «خەلقئارا تور (Internet)» دىن ناھايىتى جايىدا پايدىلىنىپتۇ.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن نۇرغۇنلىرىڭلارنىڭ خەۋىرى بار. لېكىن مۇنداق بىر ئىشتىن خەۋىرىڭلار بارمىكىن: ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت قىسىملىرى ئىراققا قورallىق جازا يۈرگۈزدى. سادامنىڭ ھەربىي كۈچى ھالسىراپ قالدى. شۇ چاغدا گېرمانىيىلىك بىر كومپيۇتېر ھەۋەسكارى سادامغا تېلېفون بېرىپ مۇبادا سادام ئۇنىڭ تەلىپىگە كۆنسە ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل كومپيۇتېر ھەربىي تورىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ۋەزىيەتنى ئىراققا پايدىلىق تەرەپكە بۇرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گېرمانىيىلىكنىڭ سادامدىن تەلەپ قىلغان پۇلىنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. لېكىن سادام نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىۋەتتى. ئەگەر ئىش راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا ئىشلار ھازىرقىدىن ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق پۇل - مۇئامىلە سىستېمىلىرىنى قالايمىقان قىلغان بىر ئۇنسۇر ھەققىدە سىلەرگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي:

1994 - يىلى روسىيىلىك بىر ياش خەلقئارالىق تور ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ سىستېمىلىرى «ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ بىخەتەر» دەپ قارىلىدىغان CITY BANK (شەھەر بانكىسى) بانكىسىدىن 11 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئۆزىنىڭ ھېساباتىغا كىرگۈزىۋەتكەن. بۇنداق مىساللاردىن يەنە نۇرغۇنىنى كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ھازىر كومپيۇتېر پەن تەتقىقات، زاۋۇت، كارخانا ئورۇنلىرىدىن سودا - تىجارەت ساھەسىگە، ئائىلىلەرگە سىڭىپ كىرىۋاتىدۇ. ئۈچ يىل ئىلگىرى «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» دىن بېيجىڭدىكى يازغۇچىلار كومپيۇتېر بىلەن يېزىقچىلىق قىلىۋاتقانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى ئوقۇپ قاتتىق ھەيران قالغان ۋە بۇ خەۋەرنى بىر گېزىتكە تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىدىم. 1998 - يىل كىردى، بۇ ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. مەن تونۇيدىغان بىرنەچچە قەلەمكەش بۇرادەر ھازىر ئاشۇلاردەك كومپيۇتېر بىلەن يېزىقچىلىق قىلىدۇ. بۇ تولىمۇ بەلەن ئىش بولدى. لېكىن ئېتىراپ قىلىمەن ۋە كېسىپ ئېيتىمەنكى، ھازىر شىنجاڭدىكى 80% مىللىي زىيالىي كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلسە ئەڭ ئاددىي «DIR» (كومپيۇتېردا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ۋە شۇنداقلا ئەڭ ئاددىي بۇيرۇق) بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلالمايدۇ. يېزىش، كۆرۈش، پايدىلىنىش ئىشلىرىدا قىينىلىدۇ، ئاۋارە بولىدۇ. لېكىن كومپيۇتېردا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى بىلسىچۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ - دە! بەلكى ئۇلار نەچچە ۋاقىتتىن بىرى بۇنداق ياخشى نەرسىلەردىن پايدىلانمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىدۇ.

ئالدىنقى ھەپتە بىر بۇرادىرىم كومپيۇتېر سېتىۋالغانىكەن. ئۆيىگە باردۇق، بىر نەچچەيلەننىڭ ئېغىزى ئېچىلىپلا قالدى.

ئۇ بۇرادەرلەرگە كومپيۇتېرنى تېلېۋىزور ئورنىدىمۇ پايدىلانغىلى بولىدىغان، VCD پىلاستىنكىسىنىمۇ كۆرگىلى بولىدىغان، تېلېفوننى چېتىپ ئېلېكترونلۇق خەت - ئالاقە قىلغىلىمۇ بولىدىغان ئىقتىدارلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئەڭ قالتىس يېرى، ئۇ خەلقئارالىق تور ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى «دىسنىي باغچىسى» نىڭ شۇ كۈندىكى ئەڭ يېڭى كارتون رەسىمىنى، ئامېرىكىنىڭ شۇ بىر ھەپتە ئىچىدىكى كۇتۇپخانىلارغا يېڭىدىن كىرگەن ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت كىتاب - ماتېرىياللارنى ۋە باشقا ئۇچۇرلارنى بەش مىنۇت ئىچىدە بېسىپ چىقىرىپ بەردى. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىندا يازغان ئەسەر، ماقالىلىرىنى رەت - رېتى بىلەن كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئىككى ئېغىزلا كېلەتتى. ئۆزى كىتابخۇمار بولغاچقا كىتاب - ماتېرىياللىرىمۇ، يازغان نەرسىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ ماتېرىياللار ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. . . ئايالى بۇنىڭدىن بەكلا قاقشايتتى. ھازىر كومپيۇتېر بولغىنىدىن ئۆزىمۇ خۇش، ئايالى ئۇنىڭدىن ئۆتە خۇش.

قولۇمغا بىر پارچە ماتېرىيال چۈشۈپ قالدى. بۇ ماتېرىيالدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېيىشىچە، نۆۋەتتە ئامېرىكىدا ئەڭ بازارلىق كەسىپ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئىشلەش ئىكەن. بۇ مۇشۇ ئەسىردىلا ئەمەس، بەلكى كېلەركى ئەسىردىمۇ ئەڭ بازارلىق كەسىپ بولۇپ قالىدىكەن. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يۇمشاق دېتال شىركىتى - ئامېرىكا مىكرو يۇمشاق دېتال (Microsoft) شىركىتىنىڭ لېدىرى بىل گېيتىس (Bill. Gates) دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا بايلارنىڭ بىرى. ئۇمۇ بېيىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى مانا شۇ كومپيۇتېردىن باشلىغان. . .

تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدا شىنجاڭدا مەخسۇس كومپيۇتېر بازىرى يوق ئىدى. ھازىر بار بولدى، بار بولغاندىمۇ بىرنەچچىگە يەتتى. مەن بۇنداق بازارلارنى كۆپ ئارىلايمەن، دىققەت قىلىمەن. لېكىن بۇ بازارلاردىن مىللىي يولداشلارنى كەمدىن - كەم ئۇچرىتىمەن. ئامېرىكىدا ئوقۇپ كىرگەن بىر بۇرادىرىم بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ قالدىم. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كومپيۇتېردا بىمالال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، بەزىلىرى خېلى چوڭ پروگراممىلارنى تۈزەلەيدىكەن.

كومپيۇتېر - بۇ مىللىيلارغا نىسبەتەن ئېچىلمىغان بىر بوز يەر. لېكىن سەل دىققەت قىلساق، سەپسالساق كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭىلىقلارمۇ مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردىكى بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېرنىڭ مىللىي تىل - يېزىقتىكى يۇمشاق دېتاللىرى ئۈستىدە بېرىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن)، يەنى «خەلق تىياتىرى» نىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ كومپيۇتېر بازىرى «قىزىل بايراق» يولى كومپيۇتېر بازىرىدا يېقىندا ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىنبىر مىللىي تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ رەسمىي ئىش باشلىدى. بۇ تىجارەت بۆلۈمى كومپيۇتېر قاتتىق دېتاللىرىنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، مۇھىمى يۇمشاق دېتال - ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى سىستېمىلارنى سېتىش ۋە ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

21 - ئەسىر يېتىپ كېلەي دەپ قالغان مۇشۇ ئەسنادا بىز مىسلىسىز بىر ئۇچۇر، ئىلغار پەن - تېخنىكا دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. شاللاش، شاللىنىش ۋە رىقابەت دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. كومپيۇتېر، كومپيۇتېر خەلقئارا تورى، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى، 4 - كەسىپ كېلەچەك يولىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلەر.

خوش، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، مىڭ كۆرگەندىن بىر قىلغان ئەلا. سىز بۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بېقىڭ. «پاندۇرانىڭ سېھىرلىك قۇتىسى» بۇ ئۆيدە، كېسىپ ئېيتىمەن، ئۇنىڭغا مەھلىيا بولىسىز، گىگانت ئادەم، سىز بۇ قۇتىنى ئاچقاندا يەر شارى كىچىكلەپ گويا بىر كەنتكە ئايلىنىدۇ! . . .

www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ يازغۇچى باغراشنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى گېرمانىيىدە نېمىس، ئىنگلىز، فرانسۇز ۋە ئىتالىيان تىللىرىدا نەشر قىلىنىدىغان ئۈنىۋېرسال نوپۇزلۇق ژۇرنال — «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» نىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانىدا ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلدى.

ئاتاقلىق ئەدەبىي ئوبزورچى فېدرىخ مىخائىل يازغان «قايسى خىل رېئالىزم؟ — يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا باغراشنىڭ «سەپداش» ناملىق ھېكايىسىدىن باشلاپ 1993 - يىلىغىچە ئېلان قىلىنغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «ئاقساق بۇغا»، «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارچۇقىدا قېتىپ قالغان سۇرەت»، «ياۋا ئەتىرگۈل» قاتارلىق 10 نەچچە ھېكايە، پوۋېستلىرى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان. ئاپتور باغراشنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئىجادىيەت خاھىشى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى سىستېمىلىق شەرھلىگەن، شۇنداقلا مۇھەممەت باغراشنىڭ بەدىئىي ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي پەللىسى مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گارسىيا ماركوس قاتارلىق دۇنياۋى يازغۇچىلار بىلەن باغلاپ سېلىشتۇرغان. ئاپتور ماقالىسىدە: «باغراش رېئالىزمى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان لېكىن قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان رېئالىزم» دەپ باھا بەرگەن. شۇنداقلا 50 - يىللاردىن بۇيانقى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، باغراشنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. (جۈرئەت كامىل)

△ مەبلەغ ئاخبارات كەسپىي چەكلىك شىركىتى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە 5 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرۇۋاتقان «لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە مەملىكەتلىك «مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» دىن ئىبارەت 3 چوڭ مۇكاپاتنىڭ تەرەققىيات مەبلىغى ئۈزۈلۈنغىچە كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئەمدىلا قۇرۇلغان بۇ كارخانىنىڭ لىدىرى ياڭ جيەنخۇا پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمىدا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت چۈشەنچىسى قىلىپ بۇندىن كېيىنمۇ باشقا كارخانىلارغا ئوخشاش دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.


《天尔塔格》文学双月刊
1998年 第4期

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号：CN65 — 1012/1

邮局代号：58 — 83

零售价：4.40元

Tangritag TwoMonthly Literature
Journal In Uygur Language

**«تەڭرىتاغ»**
**1998 - يىل 4 - سان**


ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58_83

پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

# پىچان ناھىيە پىچان يېزىسى



يېزا باشلىقى ھەبىبۇللا سىدىق




ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئالىم
يېزىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆرسەتمە بەرمەكتە



زىلىق پارتكوم شۇجىسى نەق مەيداندا ئىش بېجىرمەكتە


پىچان يېزىسى ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولغاچقا، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكتىن باشقا ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ياخشى. بۇنداق پايدىلىق پۇرسەتنى تونۇپ يەتكەن يېزىلىق ھۆكۈمەت يېزا باشلىقى ھەبىبۇللا سىدىقنىڭ باشچىلىقىدا دېھقانلارنى بىر تەرەپتىن ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا ئۈچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش شارائىتى يارىتىپ بەردى. نۆۋەتتە بۇ يېزىدىكى كادىر ۋە ئاممىا بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ يېزىنىڭ بېيىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلماقتا.



يېزىلىق ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسى



دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى




# Uighursoft

**تىجارەت دائىرىسى:**

1. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەشغۇلات سىستېمىسى، بەت ياساش سىستېمىسى، تېلېۋىزىيە يېزىق سىستېمىسى قاتارلىق يۇمشاق دېتال تىجارىتى
2. ھەرخىل تىپتىكى كومپيۇتېرلار، كومپيۇتېر زاپچاسلىرى ۋە قوشۇمچە كومپيۇتېرغا مۇناسىۋەتلىك ئۈسكۈنىلەر
3. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئۇيغۇرچە يېزىق، سۈرەت ئېلانلىرىنى ئىشلەش، كىتاب، ژۇرنال مۇقاۋىلىرىنى لايىھىلەش
4. خەلقئارا تور (Internet) ئارقىلىق دۇنيادىكى ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا، سودا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەش
5. زاكاز قىلىنغان ھەرخىل ئۇيغۇرچە سىستېمىلىرىنى ئىشلەش

---

**ئادرېسى:** «قىزىل بايراق يولى» كومپيۇتېر بازىرى ئاز سانلىق مىللەت كومپيۇتېر تىجارەت بۆلۈمى 4 - قەۋەت 4319 - ئىشخانا

**تېلېفون نومۇرى:** (0991) 2857923 **چاقىرغۇ:** 97440 _ 2300799، 11580 _ 2317799

**خەلقئارالىق توردىكى ئالاقىلىشىش ئادرېسى:** ahat@public. wl. xj. cn

**ئالاقىلاشقۇچىلار:** پولات، ئالىم ئەھەت